


# ئەرەب خەلق چۆچەكلىرى

شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

# ئەرەب خەلق چۆچەكلىرى

تەرجىمە قىلغۇچى: ئابلىمىت ئىمىن

شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى

بۇ كىتاب جۇڭگو خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى نەشرىياتىنىڭ 1982 - يىل 3 - ئاي 1 - نەشرى، 1982 - يىل 3 - ئاي 1 - باسمىسىغا ئاساسەن تەرجىمە ۋە نەشر قىلىندى.

本书根据中国民间文学出版社 1982 年 3 月第 1 版,1982 年 3 月第 1 次印刷版本翻译出版。

مەسئۇل مۇھەررىر: ئازات ئالماس

تېخرېداكتور: ياسىن تۇردى

# ئەرەب خەلق چۆچەكلىرى

تەرجىمە قىلغۇچى: ئابلىمىت ئىمىن

*

شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى نەشر قىلدى

(ئۈرۈمچى شەھىرى جەنۇبىي ئازادلىق يولى № 348)

شىنجاڭ شىنخۇا كىتابخانىسىدىن تارقىتىلدى

شىنجاڭ «قەشقەر گېزىتى» باسما زاۋۇتىدا بېسىلدى

فورماتى: 787×1092 مىللىمېتىر 1/32

باسما تاۋىقى: 8.25 قىستۇرما ۋارىقى: 2

1986 - يىل 3 - ئاي 1 - نەشرى

1998 - يىل 9 - ئاي 4 - بېسىلىشى

تىراژى: 12.801 — 17.800

ISBN7 — 228 — 04738 — 9/I.1765

باھاسى: 10.00 يۈەن

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

责任编辑：阿扎提·阿里玛斯
技术编辑：亚生·吐尔迪

**樱桃树** （阿拉伯民间故事）（维吾尔文）
阿不力米提·伊明 译

新 疆 人 民 出 版 社 出 版
（乌鲁木齐市解放南路 348 号 邮政编码 830001）
新疆新华书店发行
新疆喀什日报社印刷厂印刷
787×1092 毫米 32 开本 8.25 印张 2 插页
1986 年 3 月第 1 版 1998 年 9 月第 4 次印刷
印数：12,801—17,800

ISBN7－228－04738－9/I·1765 定价：10.00 元

# مۇندەرىجە


كەنجى شاھزادە بىلەن ئەجدىھا قىز ............ 1

پادىشاھنىڭ مۈشۈكى ۋە شام ............ 16

ئوقۇغان بالا ............ 26

پادىشاھنىڭ بىلىندۈرمەي كۆزدىن كەچۈرۈشى ............ 30

پادىشاھنىڭ ئىتى ............ 37

تۈلپار بىلەن شاھزادە ............ 42

پادىشاھ ۋە قۇشلار تىلىنى بىلىدىغان ئادەم ............ 58

پادىشاھ ۋە ئۇنىڭ يالغۇز قىزى ............ 69

مېھرىبان ئارال ............ 79

پادىشاھ ۋە ئۇنىڭ جىمغۇر قىزى ............ 94

ئاق قۇ پەرىزات ............ 111

قىزىلگۈل مەلىكە ............ 124

بىشىغا كۈن چۈشكەن شاھزادە ............ 132

گىلاس دەرىخى ............ 146

يالماۋۇز ۋە سۈتچى قىز ............ 155

يالغان سۆز ............ 161

ناخشا ئېيتالايدىغان شاراب ............ 167

دېھقان بىلەن خانىش ............ 172

ئىخلاسمەن ھەسەن ............ 185

ئاۋىدىستادي بىلەن كەنجى قىز ............ 194

ئەينەكنىڭ ئىچى ۋە تېشىدا ........................ 209
ئەبۇسالامنىڭ خوتۇنى ................................ 213
هامال ۋە ئەقىللىق خوتۇن توغرىسىدا هېكايە ............ 219
ئەقىللىق قۇش ئەنقا ................................ 229
بىر تۇغقان قېرىنداشلار ................................ 243
تۇلكە، شىر ۋە بۆرە ................................ 258

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورى

# كەنجى شاھزادە بىلەن ئەجدىھا قىز

(لىۋىيە)

رىۋايەت قىلىنىشىچە، بۇرۇنقى زاماندا مۇھەممەت دىگەن پادىشاھ ئۆتكەنىكەن. ئۇنىڭ ئۈچ ئوغلى بار بولۇپ، تۇنجىسىنىڭ ئىسمى ھۆسەيىن، ئوتتۇرانچىسىنىڭ ئىسمى ھەسەن، كەنجىسىنىڭ ئىسمى ئەلى ئىكەن. ئۇلار ئوقۇشنى تاماملىغاندىن كېيىن، قىلىچۋازلىقتا تەربىيە ئېلىپ ۋايىغا يېتىپتۇ. بىر كۈنى پادىشاھ ئۇلارنى ئالدىغا چاقىرىپ:

— مىنىڭ چاچ - ساقاللىرىمغائاق كىردى، يېشىم ئاتمىشتىن ھالقىپ قالدى، ئارمانغا چۈشلۈق دەرمانىمۇ قالمىدى. ئىشقىلىپ، ھامىنى بىر كۈنى ئالەمدىن ئۆتىمەن، سىلەردىن بىرىڭلار مىنىڭ شاھلىق ئورنۇمغا ۋارىسلىق قىلىپ، پادىشاھ بولۇشۇڭلار لازىم. پادىشاھلىق ئورۇنغا ۋارىسلىق قىلىشقا قايسىڭلارنىڭ ئەڭ مۇۋاپىق ئىكەنلىكىڭلارنى بىلىش ئۈچۈن سىلەرنى سىناپ كۆرمەكچىمەن. ھازىر سىلەر ئايرىم - ئايرىم سەپەرگە چىقىڭلار، سەپەر جەريانىدا ئۇچراتقان ئېسىل نەرسىلىرىڭلارنى بىللە ئالغاچ كېلىڭلار، شۇ چاغدا مەن ئەڭ ئاخىرقى قارارنى چىقىرىمەن. سىلەر ئاتلىق سەپەرگە چىقىڭلار! سىلەرنى خۇداغا تاپشۇردۇم! — دەپتۇ.

تۇنجى شاھزادە ھۆسەيىن ئاتنى ئەكىلىپ ئىگەرلەپتۇ ۋە چاكارلىرىغا يۇك - تاق، چېدىر، تۇرمۇشقا كېرەكلىك نەرسىلەرنى تەييارلاپ سەپەرگە چىقىشقا بۇيرۇق بىرىپتۇ. ئۇ، دۇنيانىڭ ھەممە جايلىرىنى ئايلىنىپتۇ. ئاخىرى ماڭە - ماڭە ئاراپات تېغىغا يېتىپ

كەپتۇ. ئۇلار شۇ كۈنى كېچىسى چېدىرلىرىنى تىكىپ، تاغ باغرىدا تۈنەپتۇ. يېرىم كېچە بولغاندا بىر ئالۋاستى ئۆڭكۈردىن چىقىپ ۋارقىرىغىنىچە ھۆسەيىننى ئويغىتىپ، ئۇنىڭ بىلەن سالاملىشىپتۇ. تۈنجى شاھزادە بەھەيۋەت ھەم قورقۇنچلۇق بىر ئالۋاستىنىڭ يېنىدا تۇرغانلىقىنى كۆرۈپ قورقۇپ كېتىپتۇ. لېكىن، ھېلىقى ئالۋاستى ئۇنىڭ قورقۇپ كەتمەسلىكىنى ئېيتىپ:

— ھەي مۇھەممەتنىڭ ئوغلى، بۈگۈن كەچ سەن ماڭا مېھمان، مەن ئۆز مېھمىنىمغا زىيانكەشلىك قىلىمەنمۇ؟ مەن سىلەرگە قوي سويۇپ بېرەلمىدىم، بۇنىڭ ئۈچۈن كەچۈرۈم سورايمەن. لېكىن، مەن ئۆز ئالتۇنلىرىمدىن سىلەرنى تەڭ بەھرىمەن بولۇشقا تەكلىپ قىلىمەن. چۈنكى بۇ تاغدا ئالتۇن دېگەن كۆمۈلۈپ يېتىپتۇ، ئۇنىڭ ئۈستىگە مەن بۇ يەرگە قارايمەن. شۇڭا سەن چاكارلىرىڭنى ئېشقا سېلىپ، ئات - ئۇلاقلىرىڭ كۆتۈرەلىگەنچە ئېلىۋالساڭ بولىدۇ، — دەپتۇ.

ئالۋاستى سۆزلەپ بولۇپ، تۈنجى شاھزادىنى تاغقا باشلاپ كېلىپ ئۇنىڭغا بىر دەرۋازا بىلەن ئۆڭكۈرنى ۋە ئالتۇن بىلەن لىق تولغان بىر نەچچە غارنى كۆرسىتىپ قويۇپتۇ. شۇنىڭ بىلەن، تۈنجى شاھزادە ئۆز چاكارلىرىنى چاقىرىپ كېلىپ ئۇلارغا يۈك - تاقلارنىڭ ھەممىسىنى تاشلىۋېتىپ، تۆگە، ئېشەك ۋە ئاتلارغا ئالتۇن ئارتىشنى بۇيرۇپتۇ.

ھەممە ئىش تۈگىگەندىن كېيىن، تۈنجى شاھزادە «ئەمدى مەن دادامنىڭ شاھلىق ئورنىغا ۋارىسلىق قىلىدىغان بولدۇم، ئۇكىلىرىمنىڭ مۇنچىۋالا كۆپ بايلىقلارنى تېپىپ كېلىشى ناتايىن!» دەپ ئويلاپتۇ ۋە خۇشاللىقتىن دۆلىتىگە قايتىش توغرىسىدا چاكارلىرىغا بۇيرۇق بېرىپتۇ.

ئەمدى گەپنى ئوتتۇرانچى شاھزادە ھەسەندىن ئاڭلايلى. تۈنجى

www.uyghurkitap.com

شاھزادە يولغا چىققان كۈنى ئۇمۇ دۆلىتىدىن يولغا چىقىپتۇ. چاكار، لەشكەر، خىچىر، ئات ۋە تۆگىلىرى بىلەن دۇنيانىڭ ھەممە جايلىرىنى ئايلىنىپ چىقىپ، ئاخىرى ئاراپات تېغىغا يېتىپ كەپتۇ. ئۇ تاغ باغرىدا ئاكىسىنىڭ تاشلىۋەتكەن چېدىر ۋە يۈك - تاقلىرىنى كۆرۈپ: «ئاكام بىرەر خىيىم - خەتەرگە يولۇقۇپ قالغان ئوخشىمامدۇ؟ بولمىسا، نېمە دەپ چېدىر، يۈك - تاقلارنى تاشلىۋېتىدۇ؟» دەپ ئەجەبلىنىپتۇ. ئۇ چاكار ۋە لەشكەرلىرىگە مۇشۇ يەرگە چېدىر تىكىپ تۈنەشنى، ئاكىسىنىڭ زادى قانداق بەختسىزلىككە ئۇچرىغانلىقىنى بىلىپ باقماقچى ئىكەنلىكىنى ئۇقتۇرۇپتۇ.

ئوتتۇرانچى شاھزادە تازا قىزىق چۈش كۆرۈۋاتقاندا، ھېلىقى ئالۋاستى يەنە ئۆڭكۈردىن چىقىپ كەپتۇ ۋە شاھزادىنى ئويغىتىپ ئەھۋال سوراپتۇ. ئوتتۇرانچى شاھزادە بەھەيۋەت ۋە قورقۇنچلۇق بىر ئالۋاستىنىڭ يېنىدا تۇرغانلىقىنى كۆرۈپ، قورققىنىدىن ئورنىدىن چاچراپ تۇرۇپ كېتىپتۇ. لېكىن، ئالۋاستى ئۇنى قورقماسلىققا دەۋەت قىلىپ:

— ھەي، مۇھەممەتنىڭ ئوغلى. سەن مېنىڭ مېھمىنىم، ئاكاڭمۇ بۇ يەردە مېھمان بولۇپ كەتتى. ئېيتقىنا قېنى، مەن ئۆز مېھمىنىمغا زىيانكەشلىك قىلامدىكەنمەن؟ مەن سىلەرنى قوي سويۇپ مېھمان قىلالمىغانلىقىمدىن ئەپسۇسلىنىۋاتىمەن. ئەمما، ئۆز ئالتۇنلىرىمدىن سىلەرنى تەڭ بەھرىمەن بولۇشقا تەكلىپ قىلىمەن. بۇ تاغدا ئالتۇن دېگەن دۆۋىلىنىپ يېتىپتۇ. مەن بۇنىڭ خوجىسى. سەن بۇ ئالتۇنلاردىن چامىڭ يەتكۈچە ئات - ئۇلاقلىرىڭغا ئارتىپ ئېلىپ كەتكىن! — دەپتۇ.

ئالۋاستى گېپىنى تۈگىتىپ ئوتتۇرانچى شاھزادىنى تاغقا باشلاپ كەپتۇ ۋە ئۇنىڭغا خۇددى ئاكىسىغا كۆرسەتكەندەك دەرۋازا، غار،

ئۆڭكۆرلەرنىڭ ھەممىسىنى كۆرسىتىپتۇ.

ئوتتۇرانچى شاھزادە چاكارلىرىنى چاقىرىپ ئۇلارغا چىدىر، يۇك ـ تاقلارنى تاشلاپ تۆگە، ئېشەك، ئاتلارغا ئالتۇننى بولۇشىچە ئارتىشنى بۇيرۇپتۇ.

ھەممە ئىش تۈگىگەندىن كېيىن، شاھزادە دۆلەتكە قايتىش ھەققىدە كارۋانلىرىغا بۇيرۇق بېرىپتۇ. بۇ چاغدا ئۇنىڭ كۆڭلىدە: «ئاتلىرىم بىلەن تۆگىلىرىمنىڭ ھەممىسىگە ئالتۇن ئارتتىم، تاغار- خۇرجۇنلىرىم ئالتۇنغا تولدى. بۇنىڭدىن ئارتۇق ئېلىشقا ئامال بولمىدى. مەن ئەڭ كۆپ ئالتۇن ئېلىپ بارىدىغان بولدۇم» دېگەن خىياللار كېچىپتۇ.

تۇنجى شاھزادە بىلەن ئوتتۇرانچى شاھزادە يولغا چىقىپ كەتكەندىن كېيىن، كەنجى شاھزادە تاھارەت ئېلىپ، دۇئا ـ تىلاۋەت قىلىپ، ئاندىن سەپەر ھازىرلىقىنى قىپتۇ. ئەلىنىڭ چاكارلىرى ئۇنىڭدىن قانچىلىك ئات، تۆگە، ئېشەك ئېلىۋالىمىز، دەپ سورىغاندا، ئۇ:

— بىر بايتال ۋە بىر دانە خەنجەر بولسا بولدى. ئۆزۈم يالغۇز ئاتلىق سەپەر قىلىمەن. ماڭا چاكار ۋە كارۋان كېرەك ئەمەس! — دەپتۇ. بىر پەستىن كېيىن كەنجى شاھزادە ئەلى بايتىلىغا مىنىپ سەپەرگە ئاتلىنىپتۇ.

ئەلى مېڭىپتۇ ـ مېڭىپتۇ، ئاخىرى ئۇمۇ ئاراپات تېغىغا يېتىپ كەپتۇ. ئۇ، ئاكىلىرىنىڭ قونغان جايىدا يۇك ـ تاقلىرىنى تاشلاپ كەتكەنلىكىنى كۆرۈپ ئەجەبلىنىپتۇ ۋە: «ئاكىلىرىم قانداق بىر بەختسىزلىككە ئۇچرىدىكىنا؟ بۇ نەرسىلەر ئۇلارنىڭغۇ! ئۇلارنىڭ چاكارلىرى بىلەن لەشكەرلىرىنىڭ ئۆلۈك ـ تىرىكىمۇ كۆرۈنمەيدىغۇ؟» دەپ ئويلاپتۇ. ئۇ شۇ خىياللار بىلەن بىردەم تۇرۇپتۇ ـ دە، جەڭ كىيىملىرىنى سالمايلا، داق يەردە يېتىپتۇ.

ئالدى بىلەن، ئۇخلاپ ئوبدان ئارام ئېلىۋېلىپ ئاندىن ئاكىلىرىنىڭ نېمە ۋەقەگە ئۇچرىغانلىقىنى ئېنىق بىلىپ باقماقچى بوپتۇ.

ھېلىقى ئالۋاستى تۈن كېچە بولغاندا يەنە ئۆڭكۈردىن چىقىپ ئەلىنى ئويغىتىپ، ئۇنىڭ بىلەن تىچلىق - ئامانلىق سورىشىپتۇ. كەنجى شاھزادە قورقماقتا يوق، ئالۋاستى بىلەن سالام - سەھەت قىلىشىپ، ئۇنى قارشى ئالمىغانلىقىنى بىلدۈرۈپتۇ ۋە:

— ساڭا ياردەملىشىدىغان بىرەر ئىش-كۈشۈڭ بارمىدى؟ — دەپ سوراپتۇ.

ئالۋاستى ئارقىدىنلا شۇنداق دەپتۇ:

— سەن بەك تۈزۈت قىلىۋاتىسەن، دۇنيادا نەدە مېھمان ئۆي ئىگىسىنى كۈتىدىغان ئىش بار؟ مەن سېنىڭ خىزمىتىڭدە بولۇشقا كەلدىم. چۈنكى سەن مېنىڭ مېھمىنىم! ئاكىلىرىڭمۇ بۇ يەردە مېھمان بولۇپ كەتكەنىدى. ئەپسۇس، مەن ئۇلارنى مال سويۇپ مېھمان قىلالمىدىم، لېكىن مەن ئۆز ئالتۇنلىرىمدىن سېنىمۇ ئاكىلىرىڭدەك خالىغانچە ئېلىۋېلىشىڭغا ئىجازەت بېرىمەن.

ئالۋاستى گېپىنى تۈگىتىپلا كەنجى شاھزادە ئەلىنى ئالتۇنغا لىق تولغان غارغا باشلاپ كىرىپتۇ.

ھۆسەيىن بىلەن ھەسەننىڭ ئالغان ئالتۇنلىرى دېڭىزدىن بىر تامچە سۇ ئالغان ھېسابىدىكى بىر ئىش بولۇپ، غاردىكى ئالتۇنلارغا ھېچكىم قول تەگكۈزمىگەندەك شۇ پېتىچە ئىكەن.

كەنجى شاھزادە شۇ چاغدىلا ئاكىلىرىنىڭ نېمىشقا يۈك - تاق ۋە چېدىرلىرىنى تاشلاپ كەتكەنلىكىنى بىلىپ:

— بىراق، — دەپ سۆز باشلاپتۇ ئالۋاستىغا. — مەن ئالتۇن ئالمايمەن. خەنجىرى بار ئادەم ئالتۇن لازىم قىلمايدۇ.

— ئۇنداق بولسا، — دەپتۇ ئالۋاستى ئارقىدىنلا، — بۇيرۇق بەر، سەن نېمە دېسەڭ شۇنى بېرەي! بېرىدىغان نەرسەمنىڭ كىچىكى

بىرەر قوي، چوڭى شاھلىق بولسۇن. مېنىڭ ھېلىقى سىنى ئالتۇنلاردىن خالىغانچە ئېلىۋال دېگىنىم، سېنى سىناش ئۈچۈن ئىدى. باياملقى ئاددىي سۆزۈڭدىن سېنىڭ ئالىيجاناب ئادەم ئىكەنلىكىڭنى بىلىپ يەتتىم. سەن ئاكىلىرىڭغا ئوخشاش ئۇنداق ئاچكۆزلەردىن ئەمەسكەنسەن. ئەمدى سەن كۆزۈڭنى يۇمۇپ تۇرۇپ مېنىڭدىن نېمە تەلەپ قىلىدىغانلىقىڭنى ئوچۇق دېگىن.

— مەن ھىجاز① شەھىرىدىكى پادىشاھنىڭ قىزىنى ئۆز ئەمرىمگە ئېلىش نىيىتىدىمەن. چۈنكى ئۇ يەتتە ئىقلىم بويىچە ئەڭ گۈزەل قىزلارنىڭ بىرى، — دەپتۇ كەنجى شاھزادە ئەلى كۆزىنى يۇمۇپ تۇرۇپ.

ئالۋاستى يەرنى بىر تېپىپتىكەن، گۈلدۈرمامىنىڭ ئاۋازىدەك بىر ئاۋاز ئاڭلىنىپتۇ. كەنجى شاھزادە كۆزىنى ئېچىپ قارىغۇدەك بولسا، ئۇ ئالىدىغان قىز پەيدا بولماپتۇ. ئالۋاستى ئۇنىڭغا بىر ئۈزۈكنى بېرىپ تۇرۇپ:

— سەن نۇرغۇن خەۋپ - خەتەرگە قارىماي ئۇنىڭ ۋەسلىگە يېتىش يولىدا جاپا چەكسەڭ، ئاندىن ئۇنى قولغا كەلتۈرەلەيسەن. شۇ چاغدا سەن ئۇنىڭ قەدرىگە يېتىسەن، ئۇمۇ سېنى ياخشى كۆرىدۇ. بۇ ئۈزۈك ئۇنىڭ دادىسىنىڭ، سەن بۇنى دادىسىغا بەرسەڭ، ئۇ جەزمەن قىزىنى ساڭا قوشۇپ قويىدۇ. چۈنكى ئۇنىڭ دادىسى بۇ ئۈزۈكنى قىزىنىڭ ھاياتى ھېسابىغا ماڭا رەنىگە قويغان، — دەپتۇ.

كەنجى شاھزادە ئەلى ئۈزۈكنى قولىغا سېلىپ، ئالۋاستىغا چىن قەلبىدىن رەھمەت ئېيتىپتۇ. ئالۋاستى ئۇنى ئولتۇرۇشقا تەكلىپ قىلىپ يەرنى شۇنداق بىر تېپىپتىكەن، چاكارلار زەر يېپىنچا كەشتىلەنگەن داستىخان، تونۇر كاۋىپى، سۇرلەنگەن توخۇ گۆشى، غاز گۆشى، تاماق، مېۋە - چېۋە ۋە تاتلىق يېمەكلىكلەرنى كەلتۈرۈپتۇ.

---

① ھىجاز - جەنۇبىي يەمەندىكى شەھەر.



كەنجى شاھزادە ئەلى نازۇنېمەتلەردىن ھوزۇرلىنىپ يەپتۇ. بۇ يەردە ئۈچ كېچە ـ كۈندۈز مېھمان بوپتۇ. كېيىن ئۇ ئۆزۈكىنىلا سوۋغات سۈپىتىدە قوبۇل قىلىشۈپلىپ، ھېچقانداق ئالتۇن ـ ياقۇت، مال ـ مۈلۈك ئالماي، خەنجىرىنى ئېسىپ، ئېتىغا مىنىپ، ئالۋاستى بىلەن خوشلىشىپتۇ ـ دە، كۆزلىگەن يېرى ھىجازغا قاراپ يول ئاپتۇ.

كەنجى شاھزادە ئاتلىق چېپىپتۇ ـ چېپىپتۇ، شۇ چاپقان پېتى بىر دېڭىز بويىغا يېتىپ كەپتۇ ۋە كېمىنىڭ تۇرغانلىقىنى كۆرۈپتۇ. ئۇ، كىشىلەردىن ئۆزى ئىزدەمەكچى بولغان قىزنىڭ نەدىلىكىنى سۈرۈشتۈرۈپتۇ. كىشىلەر ئۇنىڭغا:

— ئۇ قىز ھىجاز دېگەن شەھەردە، — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ.

بۇ گەپنى ئاڭلىغان شاھزادە كېمە خوجايىنىنىڭ يېنىغا بېرىپ، ئۆزىنى كېمىسىگە سېلىۋېلىشىنى سوراپتۇ. كېمە خوجايىنى قەددى-قامىتى كېلىشكەن، قاش ـ كۆزى جايىدا، چىرايلىق كىيىنگەن، يېنى توم بىر يىگىتنىڭ ئۆزىگە يالۋۇرۇۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ: «دېڭىزنىڭ ئوتتۇرىسىغا بارغاندا ئۇنىڭ مال ـ دۇنياسىنى ئېلىۋېلىپ، ئۆزىنى قۇل ئورنىدا سېتىۋەتمەيمەنمۇ» دەپ ئويلاپتۇ. شۇنىڭ بىلەن شاھزادىنىڭ كېمىگە چىقىۋېلىشىغا ماقۇل كەپتۇ ھەم ئۇنىڭغا ئۇخلايدىغان يېرىنىمۇ كۆرسىتىپ بېرىپتۇ.

كېمىچىلەر يەلكەنلەرنى چىقىرىپ، لەڭگەرنى كۆتۈرۈپتۇ. كېمە كەڭ دېڭىزغا قاراپ يۈرۈپ كېتىپتۇ. كۈن ئولتۇراي دېگەندە، شەپەق نۇرى يەلكەننى قىپقىزىل تۇسكە كىرگۈزۈپتۇ. بۇ چاغدا كېمە خوجايىنى ئاستا بىر ئاز مىڭدىۋاننى[1] ئەكىلىپ، توقسېرىق رەڭگە بىر پەس چىلاپ قويغاندىن كېيىن، ئاشپەزگە بېرىپتۇ ۋە گۆرۈچكە ئارىلاشتۇرۇپ تاماق ئېتىشنى بۇيرۇپتۇ.

---

[1] مىڭدىۋانى ـ كۆپ يىللىق. سامان غوللۇق ئۆسۈملۈك. يىلتىزى بىلەن ئۇرۇقى دورا ئورنىدا ئىشلىتىلىدۇ.

تاماقتىن كېيىن كەنجى شاھزادىنىڭ بېشى قېيىپ كۆزلىرى قاراڭغۇلىشىپتۇ ـ دە، شۇ زامات يىقىلىپ چۈشۈپتۇ. كېمە خوجايىنى شاھزادىنى يۆلەپ كېمە ئامبىرىغا ئېلىپ كىرىپ، ئۇنىڭ كىيىملىرىنى سالدۇرۇۋاپتۇ. پۇللىرى بىلەن ئۈزۈكنى ئېلىۋاپتۇ. ئاندىن ئۇنىڭغا بىرتىلىپ كەتكەن پاسكىنا كىيىمنى كىيگۈزۈپ، پۇت ـ قولىغا كويزا ـ كىشەن سېلىپ قويۇپتۇ. بىر هازادىن كېيىن، كەنجى شاھزادە ئەلى ھوشىغا كېلىپ ئۆز ھالىغا ھەيران قاپتۇ. شۇندىلا ئۇ كېمە خوجايىنىنىڭ ئۆزىگە سۇيىقەست قىلغانلىقىنى بىلىپتۇ! ئۇ جېنىنىڭ بارىچە كۈچ ئىشلىتىپتۇ. پۇت ـ قولىنىڭ بېغىشلىرى تىتىلىپ قاناپ كېتىپتۇ. شۇنداق بولسىمۇ، زادى بوشىنالماپتۇ. كېمە خوجايىنى ئۇنىڭ بۇ ھالىنى كۆرۈپ كۈلۈپ كېتىپتۇ ۋە:

— ھا ـ ھا ـ ھا! سەن قاچالمايسەن! مەن سېنى ھەبەشىستانغا[1] ئېلىپ بېرىپ شۇ يەردە قۇل ئورنىدا سېتىۋېتىمەن! — دەپتۇ.

كېمە توختىماي مېڭىۋېرىپتۇ، شاھزادە ئەلى ئىنتايىن قىيىن ئەھۋالغا چۈشۈپ قاپتۇ. ئۈچىنچى كۈنى كېچىسى، دېڭىزدا تۇيۇقسىز قاتتىق بوران چىقىشقا باشلاپتۇ. بوران- چاپقۇن بىلەن تەڭ چاقماق چېقىپ، ھاۋا گۈلدۈرلەپ، دولقۇنلار پەلەككە كۆتۈرۈلۈپتۇ. شاھزادە كېمە سىلكىنگەندە دېڭىزغا چۈشۈپ كېتىپتۇ. ئۇنىڭ قولىدا كويزا، پۇتىدا ئىشكەل بولغاچقا پەقەت ئۈزۈش مۇمكىن بولماپتۇ. ئۇ چۆكە- چۆكە ئاخىرى دېڭىز ئاستىدىكى بىر خادا تاشقا كېلىپ توختاپتۇ. شۇ چاغدا خادا تاش ئۈستىدە ئۇسسۇل ئويناپ، ناخشا ئېيتىۋاتقان ساھىبجامال قىزلار ئۇنى كۆرۈپ قاپتۇ. قىزلار ئۇنىڭ كېلىشكەن چىرايلىق يىگىت ئىكەنلىكىنى كۆرۈپ ئاغزى ـ ئاغزىغا تەگمەي:

---

[1] ھەبەشىستان ـ ئافرىقىنىڭ شەرقىي شىمالىدا. ھازىر ئېفىئوپىيە دەپ ئاتىلىدۇ.

— مۇنداق چىرايلىق يىگىتنى ئەزەلدىن كۆرۈپ باقماپتىكەنمىز، بىز دەرھال ئۇنى خېنىمنىڭ يېنىغا ئېلىپ بارايلى! — دەپ ماختاپ كېتىپتۇ.

ئۇلار شۇنداق دېيىشىپ، شاھزادىنى چوڭ بىر غارنىڭ ئىچىگە ئېلىپ كىرىپتۇ. ئاندىن ئۇنى سۇدىن چىقىپ تۇرغان بىر تاشنىڭ ئۇستىگەچىقىرىپ نەپەس ئالدۇرۇپتۇ. بىر پەستىن كېيىن، ئۇنىڭ قورسىقىدىكى سۇلار چىقىپ بوپتۇ، شاھزادە ئەلى نەپەس ئېلىپ زۇۋانغا كەپتۇ. ئۇ، ئۆزىنىڭ كۆزىنى قاماشتۇرىدىغان ئۇنچە - مەرۋايىتلار بىلەن تولغان، چىرايلىقتا تەڭدىشى يوق بىر ئۆڭكۈردە تۇرغانلىقىنى بىلىپتۇ، شۇ ئەسنادا، ئۇ نۇر چېچىپ تۇرغان بىر ئالتۇن تەختتە ساھىبجامال بىر قىزنىڭ ئولتۇرغانلىقىنى كۆرۈپتۇ. بۇ قىزنىڭ چاچلىرى قۇندۇزدەك، كۆزلىرى تېنىق دېڭىزدەك، لەۋلىرى ياقۇتتەك، چىرايى قىزىلگۈلدەك، كۆكسى ئالمىدەك، بويى مەجنۇن تالدەك ئىكەن. بىراق بۇ قىزنىڭ پۇتى يوق بولۇپ، پەقەت بېلىقنىڭكىدەك قۇيرۇقىلا بار ئىكەن. شاھزادە ئۇنىڭغا ھەيران بولۇپ تۇرغاندا قىز ئۆز دېدەكلىرىگە شاراب ۋە مېۋە كەلتۇرۇشكە بۇيرۇپتۇ. قىز شاھزادىدىن ئېتىڭ نىمە دەپ سورىغاندا، ئەلى:

— ئېتىم ئەلى، مۇھەممەت پادىشاھنىڭ ئوغلى بولىمەن، — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ.

— مەن ئەجدىھا قىز بولىمەن، — دەپتۇ قىز، — سەن مېنىڭ يىگىتىم بولغىن.

ئەجدىھا قىزنىڭ دېدەكلىرى بولقا ۋە ئامبۇر ئەكىلىپ، ئەلىنىڭ پۇت - قولىدىكى كويزا - كىشەننى چېقىپ تاشلاپتۇ. ئەجدىھا قىز ئۆز دېدەكلىرىگە ئۇنىڭ يارىسىغا ئاغرىق توختىتىدىغان دورا سۈركەپ قويۇشنى بۇيرۇپتۇ. ئەلى ئەجدىھا قىزغا سەپسېلىپ قارىغۇدەك بولسا، ئۇ ئادەمزاتلار ئىچىدىكى ئەڭ چىرايلىق ساھىبجاماللاردىنمۇ

گۈزەل ۋە لاتاپەتلىك ئىكەن. لېكىن ئەلى:

— مەن ھىجاز شەھىرىدىكى سۇلتان شاھنىڭ قىزىنى ئالماقچى ئىدىم. ئۇ ئالەمدىكى ئەڭ گۈزەل مەلىكە. ئەپسۇس، سەن مېنى بۇ چىرايلىق دىگىزغا بەنت قىلىپ قويدۇڭ، — دەپتۇ.

— مەن ئۇنى تونۇيمەن، — دەپتۇ ئەجدىھا قىز شاھزادىگە، — بەلكى ئۇنى ئوبدان بىلىمەن، گەرچە ئۇنىڭ چىرايلىقلىقى يەر يۈزىگە داڭ كەتكەن بولسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭ قەلبىنى قايسى بىر يىگىت ھەقىقىي چۈشىنىپ بېقىپتۇ؟

— ئۇنىڭ قەلبى چىرايىدەك گۈزەل ئەمەسمۇ؟ — دەپ سوراپتۇ كەنجى شاھزادە ئەلى.

— مۇبادا سەن ئىشەنمىسەڭ، — دەپتۇ ئەجدىھا قىز شاھزادىگە، — ئۆزۈڭ بېرىپ كۆرۈپ باققىن. بىراق سەن ئايالچە ياسىنىپ بېرىشىڭ لازىم. ئۇنداق قىلمىساڭ سەن ئۇنىڭ قەلبىنى چۈشىنەلمەيسەن.

ئەجدىھا قىز شۇ گەپلەرنى ئېيتىپتۇ ۋە بىر نەچچە دېڭىزدىكىلەرنى كېمە چۆكۈپ كەتكەن جايغا ئەۋەتىپ ھېلىقى ئۈزۈكنى تاپقۇزۇپ كېلىپ شاھزادىگە بېرىپتۇ، ئاندىن ئۇنىڭغا:

— بېشىڭنى كەينىگە ئۈچ قېتىم بۇرىساڭ كۆڭلۈڭدىكى ئادىمىڭنى تاپالايسەن، — دەپتۇ.

ئەلى ئەجدىھا قىزنىڭ دېگىنى بويىچە بېشىنى ئۈچ قېتىم بۇراپتىكەن، شۇ زامات قىزغا ئايلىنىپ قاپتۇ. ئۇ بۇنىڭدىن بەك ھەيران بوپتۇ، دېڭىزدىكىلەر ئۇنى ئېلىپ دېڭىز يۈزىگە ئۈزۈپ چىقىپتۇ-دە، ئۇنى بىر دېلفىننىڭ ئۈستىگە ئولتۇرغۇزۇپ قويۇپ ئۇنىڭغا شۇنداق دەپتۇ:

— بۇ دېلفىن سېنىڭ ئېتىڭ بولىدۇ، سەن ئۇنىڭغا مىنىپ ھىجازغا بارالايسەن.

ئەلى دېلفىنغا مىنىپ، ھىجازنىڭ دېڭىز بويىغا يېتىپ كەپتۇ. ئۇنىڭ كۆڭلى بۇزۇلۇپ، كۆز يېشى قىپتۇ ۋە: «مەن قىزغا ئايلىنىپ قالدىم، پەقەت ئاشۇ ئەجدىھا قىزلا مىنى ئۆز ئەسلىمگە كەلتۈرەلەيدۇ» دەپ ئويلاپتۇ.

ئەلى ھىجازنىڭ دېڭىز بويىغا چىقىپ ئوردىغا كىرىپتۇ. شاھ ۋە ئوردىدىكىلەر بىر قىزنىڭ ئۆزى يالغۇز ئوردىغا كىرىپ كېلىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ تولىمۇ ھەيران قاپتۇ. ئۇلار ئەلىدىن، نەدىن كەلگەنلىكىنى سوراپتۇ. ئەلى نىمە دەپ جاۋاب بېرىشىنى بىلەلمەي قاپتۇ. شۇنداق قىلىپ، شاھ ئۆز مۇلازىملىرىغا، ئۇنى ئارقا ئوردىغا باشلاپ كىرىپ قىزىنىڭ دېدىكى قىلىپ بېرىشىنى ئېيتىپتۇ.

شۇنىڭدىن تارتىپ ئەلى مەلىكىنىڭ خىزمىتىدە بوپتۇ. ئۇ، مەلىكىنىڭ تاپشۇرۇقى بويىچە ئۇنىڭ بېشىنى تاراپقويۇپتۇ. يېمەك-ئىچمەك، كىيىم - كېچەكلىرىنى راسلاپ بېرىپتۇ. بۇ مەلىكە ھەقىقەتەن دۇنيادا تەڭدىشى يوق گۈزەل قىز ئىكەن. ئۇنىڭ گۈزەللىكىدىن ئايمۇ خىجىل بولىدىكەن. ئەلى ئۇنىڭ چىرايلىقلىقىدىن ئەس - ھوشىنى يوقىتىپ قويغان بولسىمۇ، لېكىن مەلىكىنى ئانچە ياقتۇرۇپ كەتمەپتۇ. چۈنكى شاھنىڭ قىزى دائىم دېگۈدەك ئۆزىنىڭ دېدەكلىرىنى تىللايدىكەن. بۇنى ئاز دېگەندەك ئۇلارنى قامچا بىلەن ئۇرىدىكەن، قۇلاقلىرىنى سوزىدىكەن. ئەلىمۇ مۇنداق خورلاشلاردىن چەتتە قالماپتۇ. لېكىن، ئوردىدىكى باشقا كىشىلەر ۋە شاھ مەلىكىنى ئاق كۆڭۈل ھەم لاتاپەت ئىگىسى دەپ قارايدىكەن! شۇڭا، ئەلى ئۇنىڭغا تېخىمۇ ئۆچ بولۇپ كېتىپتۇ!

بىر كۈنى ئەلى قۇدۇقتىن تارتقان سۇيىنى ئىدىشقا قۇيۇۋېتىپ، ئىدىشتا بىر بېلىقنىڭ تۇرغانلىقىنى كۆرۈپ ھەيران بوپتۇ. ھېلىقى بېلىق بېشىنى سۇدىن چىقىرىپ ئەرەب تىلىدا ئۇنىڭغا:

— سەن مەلىكىنى كۆردۇڭ، ئۇنى يارىتامسەن؟ — دەپ

سوراپتۇ.

— ياق، مەن ئۇنى ياخشى كۆرمەيمەن! — دەپتۇ ئەلى.

— ئۇنداق بولسا، — دەپتۇ ھېلىقى بېلىق، — سەن بېشىڭنى ئۈچ قېتىم كەينىگە بۇرا، شۇنداق قىلساڭ، ئەسلىي قىياپىتىڭگە يانىسەن!

ئەلى بېشىنى ئۈچ قېتىم كەينىگە بۇراپتىكەن، دېگەندەك ئەسلىدىكى قىياپىتىگە كەپتۇ. ئۇچىسىدا زەر تون، بېلىدە ئالتۇندەك يالتىراپ تۇرغان خەنجىرى ئېسىقلىق تۇرغۇدەك.

ئەلى سۇ تارتىشقا چىقىپ كەتكىنىچە ئوردىغا قايتىپ كىرمەپتۇ. لەشكەرلەر بىلەن مۇلازىملار ئۇنى ئىزدەشكە باشلاپتۇ. ئۇلار شاھزادە سىياقىدا ياسانغان بىر يىگىتنى كۆرۈپ، ئىززەت - ھۆرمەت بىلەن ئۇنىڭدىن ئەھۋال سوراپتۇ. ئەلى بازاردىن بىر ئات سېتىۋېلىپ بۇ دۆلەتتىن كەتمەكچى بوپتۇ، ئۇ بازاردا بىر تىلەمچىنى ئۇچرىتىپ ھېلىقى ئۈزۈكنى ئۇنىڭغا بېرىپتۇ ۋە:

— سەن بۇ ئالتۇن ئۈزۈكنى شاھقا ئاپىرىپ بەرگىن. ئۇ بۇنى كۆرسە، قىزىنى ساڭا قوشۇپ بېرىدۇ. سەن پادىشاھقا كۈيئوغۇل بولىسەن! — دەپتۇ.

ھېلىقى تىلەمچى ئۈزۈكنى ئاپتۇ ۋە پۇتى يوق بولسىمۇ، ئۆمۈلەپ يۈرۈپ ئوردىغا كىرىپتۇ. شاھ ئۈزۈكنى كۆرۈپ قىزىنى ئۇنىڭغا قوشۇپ قويۇپتۇ. چۈنكى بۇرۇن ھېلىقى ئالۋاستى بىلەن شۇنداق قىلىش توغرىسىدا كېلىشىپ قويغانىكەن.

ئەلى ئات سېلىپ دېڭىز ياقىسىغا كەپتۇ. ئۇ ئەجدىھا قىزنىڭ دېدەكلىرىنىڭ دولقۇنلار ئارىسىدا ئويناۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ ھەيران قاپتۇ. دېدەكلەر ئۇنىڭغا:

— ھەي! بىزنىڭ خېنىم سېنى ساقلاپ تۇرىدۇ! سەن تېز بارغىن! — دەپ ۋارقىراپتۇ.

ئەلى بۇ گەپنى ئاڭلاپ دەرھال ئاتتىن سەكرەپ چۈشۈپتۇ ـ دە، دېڭىزغا شۇڭغۇپ كىرىپتۇ. دېدەكلەر ئۇنى ئارىغا ئېلىپ ئۈزۈپ، دېڭىز ئاستى ئۆڭكۈرىدىكى ئەجدىھا قىزنىڭ ئالتۇن تەختىنىڭ ئالدىغا كەپتۇ. بۇ چاغدا ئەلى ئەجدىھا قىزغا يەنە سەپسېلىپ قاراپ ئۇنىڭ ھىجازدىكى پادىشاھنىڭ قىزىدىن كۆپ چىرايلىق ئىكەنلىكىنى ھېس قىپتۇ. ئۇ نازاكەتلىك، ئاق كۆڭۈل، كۆيۈمچان قىز بولۇپ، دېدەكلىرى ئۇنىڭغا بەكلا چوقۇنىدىكەن.

شۇنداق قىلىپ، كەنجى شاھزادە ئەجدىھا قىزنى ئۆز ئەمرىگە ئاپتۇ. ئەجدىھا قىز دېدەكلىرىگە ئالتۇن ۋە كۈمۈشتىن ياسالغان بىر كېمە ئالدۇرۇپ كېلىشنى بۇيرۇپتۇ. شۇنداق قىلىپ، ئەجدىھا قىز بىلەن شاھزادە ئەلى كېمىنىڭ كەينى تەرىپىدىكى ئىككى تەختتە ئولتۇرۇپتۇ. قىزنىڭ دېدەكلىرى كېمىگە ئارغامچا باغلاپ دېڭىزدا سۆرەپ ئۈزۈپتۇ. ئۇلار خېلى ئۈزگەندىن كېيىن، كەنجى شاھزادە ئەلىنىڭ مەملىكىتىگە يېتىپ كەپتۇ. پادىشاھ ۋە ئوردىدىكى ھەممە خەق ئەجدىھا قىزنىڭ دېدەكلىرىنىڭ ئالتۇندىن ياسالغان كېمىنى سۆرەپ دېڭىزدا ئۈزۈپ بۇ يەرگە يېتىپ كەلگەنلىكىنى كۆرۈپ ئىنتايىن ھەيران قاپتۇ! ئۇلار دېڭىز بويىغا كېلىپ شاھزادە بىلەن ئەجدىھا قىزنى قارشى ئاپتۇ. ئۇلارنىڭ كەينىدىن شاھنىڭ لەشكەرلىرى بىلەن ھەممە ۋەزىرلىرى بىللە كەپتۇ. كەنجى شاھزادە ئەلى خوتۇنىنى كۆتۈرۈپ قىرغاققا چىقىپ، قۇملۇققا قويماقچى بوپتۇ. شۇ ئەسنادا، كىشىلەر ھەيران قېلىشىپ، ئاغزىلىرىنى جامدەك ئېچىشىپ قاپتۇ؛ ئەجدىھا قىزنىڭ قۇيرۇقى كۆزنى يۇمۇپ ئاچقۇچە ئاپئاق ھەم يۇمشاق پۇتقا ئايلىنىپ قاپتۇ. شۇنداق قىلىپ، ئۇ ئادەمزاتلار دۇنياسىدىكى ھەقىقىي قىزغا ئايلىنىپتۇ.

پادىشاھ مۇھەممەت ئۈچ ئوغلىنىڭ ئېلىپ كەلگەن نەرسىلىرىنى سېلىشتۇرۇپتۇ: تۇنجى شاھزادە بىلەن ئوتتۇرانچى شاھزادە ناھايىتى

كۆپ ئالتۇن ئېلىپ كەپتۇ. كەنجى شاھزادە بولسا ئالتۇندىن ياسالغان كېمە بىلەن ئەجدىھا قىزنى ئېلىپ كەپتۇ. ئۇ ئوغۇللىرىغا ئۆز بېشىدىن كەچۈرگەنلىرىنى بايان قىلىشىنى سوراپتۇ. ئۇلار ئېھتىرام بىلدۈرۈپ ھەر قايسىسى ئۆز بېشىدىن كەچۈرگەنلىرىنى سۆزلەپ بېرىپتۇ.

پادىشاھ ئوغۇللىرىنىڭ سۆزلىگەنلىرىنى ئاڭلاپ:

— ئالتۇننى ياخشى كۆرىدىغانلار ئالتۇن بىلەن بىللە ھايات كەچۈرسۇن! — دەپتۇ - دە، ھۆسەيىن بىلەن ھەسەننى كۇندە ئالتۇننىڭ ھېسابىنى ئالىدىغان خەزىنە باشقۇرغۇچى بولۇشقا بۇيرۇق چۈشۈرۈپتۇ. ئاخىرى پادىشاھ تەختتىن چۈشۈپ پادىشاھلىق ئورنىنى كەنجى شاھزادە ئەلىگە ئۆتۈنۈپ بېرىپتۇ ۋە:

— ئالتۇن ھامىنى ئالتۇن، ئۇنى ھەر كىم قولغا كەلتۈرەلەيدۇ. ئەلى بولسا دۇنيادىكى ئەڭ چىرايلىق قىزنى ئېلىپ كەلدى! بۇ ئەلىنىڭ ھەممىنى بېسىپ چۈشىدىغان قابىلىيەتلىك ئادەم بولغانلىقىنى ئىسپاتلايدۇ! — دەپتۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ پىكسىل ئادرېسى

# پادىشاھنىڭ مۈشۈكى ۋە شام

(ئومان)

بۇرۇنقى زاماندا بىر پادىشاھ ئۆتكەن بولۇپ، ئۇنىڭ ئىككى مۈشۈكى بار ئىكەن. بۇ مۈشۈكلەر پادىشاھقا ناھايىتى ئۆگىنىپ كەتكەچكە، پادىشاھ ئۇلارنى ناھايىتى ياخشى كۆرىدىكەن. ھەر كۈنى كەچتە مۈشۈكلەر ھەر بىرى بىردىن ئالتۇن رەڭلىك شامدانىنى چىشلەپ تەختنىڭ ئىككى يېنىدىكى پاكارراق تۈۋرۈكنىڭ ئۈستىدە تۇرۇپ، پادىشاھنىڭ تۈرلۈك ئەمىر - پەرمانلارنى ئوقۇشى ئۈچۈن يورۇق چۈشۈرۈپ بېرىدىكەن، ئۇلار مەيلى كىملا كىرىپ چىقمىسۇن مىدىراپمۇ قويمايدىكەن، پادىشاھ بۇيرۇق قىلسىلا ئاندىن پەسكە چۈشىدىكەن.

بىر كۈنى ۋەزىر پادىشاھنى يوقلاپ كىرىپ:

— قوشنا ئۈچ دۆلەت مەخپىي يىغىن ئېچىپتۇ، ئۇلار پادىشاھلىقىمىزنى بۆلۈشۈۋېلىش ئۈچۈن، بىزنىڭ ئەلگە بىرلىشىپ لەشكەر تارتماقچى بوپتۇدەك، — دەپتۇ.

پادىشاھ ۋەزىرنىڭ گېپىنى ئاڭلاپ ناھايىتى خاپا بولۇپ كېتىپتۇ ۋە:

— شۇنداقمۇ تېخى! بىز لەشكەر تارتىپ ئۇلارنىڭ ئۈستىدىن جازا يۈرۈشى قىلايلى، — دەپتۇ. لېكىن ۋەزىر:

— يۇقسۇ! ئالىيلىرى، بىز ئالدى بىلەن ئۇلارنى ئۆزىمىزگە قارىتىۋېلىپ، كۆڭلىنى ئۇتۇۋېلىپ، ئاندىن ئۇلارنىڭ بىر - بىرلەپ ئەدىبىنى بېرەيلى، شۇنداق قىلساقلا ئالىيلىرىنىڭ شانۇ شەۋكەتلىك

دۆلىتىنى بۆلۈۋېتەلمەيدۇ. ئەكسىچە ئۆزلىرى ئۇلارنىڭ دۆلەتلىرىنى تەۋەلىرىگە قوشۇۋالالايلا، — دەپتۇ.

پادىشاھ ۋەزىرنىڭ سۆزىدىن ھېچ نەرسە چۈشىنەلمەي:

— سەن قانداق قىلىپ پۇقرالارنى ئۆزۈڭگە قارىتىۋېلىش ئۇسۇلى بىلەن بۇ پادىشاھلىقلارنى بويسۇندۇرالايسەن! بۇ پادىشاھلار نىيىتىنى يامان قىلىپ، ئۆز ھۆكۈمرانلىقىنى چىڭىتىش ۋە زېمىنىنى كېڭەيتىش كويىدا بولۇۋاتىدۇ. ئالتۇن بېرىپ ئۇلارنىڭ نىيىتىدىن ياندۇرالمايسەن. شۇنداق تۇرۇقلۇق پادىشاھلارنى ئۆزۈمگە قارىتىۋالىمەن دېگەن گەپنى ئىككىنچى قىلما. ھەتتا، مۈشۈكلىرىمنىمۇ قارىتىۋېلىش قولۇڭدىن كەلمەيدۇ! — دەپتۇ.

ۋەزىر پادىشاھنىڭ گېپىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن:

— مۇبادا مۈشۈكلىرىنى ئۆزۈمگە قارىتىۋالسام، بۇ ئۈچ پادىشاھلىقنى ئۆزۈمگە قارىتىۋالغان بولامدىمەن؟ — دەپتۇ.

— شۇنداق بولسۇن! — دەپتۇ پادىشاھ دەررۇ قوشۇلۇپ.

كەچ كىرىش بىلەن ئىككى مۈشۈك ئىلگىرىكىدەكلا شامدانىنى چىشلەپ، پادىشاھنىڭ يېنىدىكى پەس تۆۋرۈكنىڭ ئۈستىدە تۇرۇپ ئوردا ئىچىنى يورۇتۇپتۇ. پادىشاھ كىتاب كۆرۈۋاتقاندا ۋەزىر ئىككى قاچىدا سۈت كۆتۈرۈپ كىرىپ كەپتۇ-دە، ئۇنى مۈشۈكلەرنىڭ ئالدىغا ئاپىرىپ قويۇپتۇ. لېكىن، مۈشۈكلەر مىدىرلىماي، بۇ يەمچۈكلەرگە قاراپمۇ قويماپتۇ.

ۋەزىر سۈت بىلەن بۇ مۈشۈكلەرنى ئىلىندۇرغىلى بولمايدىغانلىقىنى بىلىپ، ئىككى پارچە گۆش ئېلىپ كىرىپ، ئۇلارنىڭ ئالدىدىن ئۇياقتىن - بۇياققا ئۆتۈپتۇ، گۆشنى ئۇلارغا پۇرىتىپتۇ. ئاندىن گۆشلەرنى ئۇلارنىڭ ئالدىغا قويۇپتۇ. لېكىن، مۈشۈكلەر قىمىرمۇ قىلىپ قويماي، ئاۋۋالقىدەكلا جىم تۇرۇۋېرىپتۇ.

بىر ئاز ئۆتكەندىن كېيىن، ۋەزىر خۇشپۇراقلىق بېلىق ئەكىرىپ

مۇشۇكلەرنىڭ ئالدىغا قويۇپتۇ. لېكىن مۇشۇكلەر يەنىلا قىمىر قىلماي تۇرۇۋېرىپتۇ.

پادىشاھ ۋەزىرنىڭ سۈت، گۆش، بېلىق بىلەن مۇشۇكلىرىنى ئۆزىگە قارىتالمىغانلىقىنى كۆرۈپ، ئىنتايىن خۇشال بوپتۇ ۋە مۇشۇكلىرىدىن پەخىرلىنىپتۇ. ئۇ ۋەزىرنى زاڭلىق قىلىپ:

— سەن ھېلىھەم مۇشۇكلىرىمنى ئۆزۈڭگە قارىتىش كويىدا بولۇۋاتامسەن؟ — دەپتۇ.

— شۇنداق! — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ ۋەزىر قىلچە بوشاشماي.

ئەقىللىق ۋەزىر يەنە بىر تاغار ئېلىپ كىرىپتۇ، ئۇنى شۇنداق ئېچىشىغا، ئىچىدىن بىر چاشقان يۈگۈرۈپ چىقىپتۇ. قېچىپ كېتىۋاتقان چاشقاننى كۆرگەن مۇشۇكلەر شامدانلارنى تاشلىۋېتىپ چاشقاننى تۇتقىلى سەكرەپ چۈشۈپتۇ. بۇ چاغدا، كۆيۈۋاتقان شام تەخت يېنىدىكى پەردىلەرگە تۇتۇشۇشقا باشلاپتۇ، پادىشاھ قورقىنىدىن ئورنىدىن چاچراپ تۇرۇپ ئوتتىن ئامان قاپتۇ. ئوتنى ئۆچۈرۈپ بولغاندىن كېيىن، پادىشاھ ۋەزىردىن:

— سەن مۇشۇكلىرىمنىمۇ ئۆزۈڭگە قارىتىۋالدىڭ، لېكىن بۇ ئۈچ پادىشاھنى قانداق قىلىپ ئۆزۈڭگە قارىتىۋال-ماقچى بولۇۋاتىسەن؟ — دەپ سوراپتۇ.

— ئادەمنىڭمۇ مۇشۇككە ئوخشاش ئاجىزلىق يەرلىرى بولىدۇ. شۇڭا مەن ئامال قىلىپ بۇ ئۈچ پادىشاھنىڭ ئەھۋالىنى ئىگەللىمەكچىمەن. ئۇلارنىڭ مىجەزىنى بىلىۋالسام، قالغان ئىش ئۆز ئىلكىمدە بولىدۇ، — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ ۋەزىر.

بىر نەچچە كۈن ئۆتكەندىن كېيىن، ۋەزىر بىر قىسىم لەشكەر، خىزمەتچى، ئات ۋە تۆگىلەرنى ئېلىپ بىرىنچى قوشنا دۆلەتكە قاراپ يول ئاپتۇ. ئۇلار يول بويى سەھەر يولغا چىقىپ، كەچ يېتىپ، تېزلا بۇ پادىشاھلىققا يېتىپ كەپتۇ ۋە ئوردىغا كىرىپ، پادىشاھتىن ئەھۋال

سوراپ، تەزىم بەجا كەلتۈرۈپتۇ. پادىشاھ ۋەزىرنى كۆرۈپ ھەيران قىلىپ:

— ئۇكام، ئۆزلىرى قايسى بىر دۆلەتنىڭ ۋەزىرىغۇ، دەيمەن؟ دۆلىتىمىزدە نېمە ئىشلىرى بار ئىدى؟ — دەپ سوراپتۇ.

دۆلىتىمىزدىكى پۇقرالار ئالىيلىرىنى قاپىيە، ۋەزنلىرى ئاجايىپ قاملاشقان بىر شېئىر يېزىپتۇ، دەپ ئاڭلىغانىدى. شۇ ۋەجىدىن، شاھىمىز پېقىرنى سىلىنىڭ ھوزۇرلىرىغا ئەۋەتتى. ئالىيلىرىنىڭ شۇ شېئىرلىرىنى دۆلىتىمىزگە ئېلىپ كېتىشىمگە ئىجازەت بېرىشلىرىنى سورايمەن. بىز بۇنىڭ شېئىرىيەت بابىدا چاقناپ تۇرىدىغان بىر گۆھەر ئىكەنلىكىنى پۈتۈن دۆلەتكە ئۇقتۇرماقچىمىز. شۇنداقلا سىلىنىڭ قىممەتلىك شېئىرلىرىنى دۆلىتىمىزدىكى شائىرلارغا ئاڭلىتىپ، ئۇلارنىڭ يېزىقچىلىق ماھارىتىنى ئاشۇرماقچىمىز، — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ ۋەزىر.

ۋەزىرنىڭ گېپىنى ئاڭلىغان پادىشاھنىڭ خۇشاللىقتىن گۇلقەقەلىرى ئېچىلىپ كېتىپتۇ ـ دە:

— بۇ شېئىرنى ئىنىمىزغا بېرىڭلار! ماڭا چۈشىدىغان يەنە قانداق ھاجىتى باركىن؟ پادىشاھلار ئارىسىدا ئۆزئارا ياردەمدە بولۇش ياخشى ئىش! — دەپتۇ.

— يەنە ئەرزىمەس بىر ئىش بار ئىدى، — دەپتۇ ۋەزىر پۇرسەتنى غەنىيمەت بىلىپ، — سىلىنى ئاۋارە قىلغۇم كەلمەيدۇ، لېكىن ئالىيلىرىنىڭ شانۇ شەۋكەتلىك دۆلىتىدىكى يىراق تاغلىق رايونلاردا ياشايدىغان پۇقرالىرى بەزىدە بىز تەرەپتىن قوي ئوغرىلاپ توختىمايۋاتىدۇ. مۇبادا، سىلى لەشكەر ئەۋەتىپ، ئۆز پۇقرالىرىنى ئەمىر ـ پەرمانلىرىغا ئىتائەت قىلدۇرالىغان بولسىلا ئىدى، كاتتا ئىش قىلغان بولاتتىلا.

پادىشاھ ۋەزىرنىڭ گېپىنى ئاڭلاپ ناھايىتى خۇشال بوپتۇ ۋە:

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى
www.uyghurkitap.com



— ئەلۋەتتە شۇنداق قىلىمىز. لەشكەرلىرىم دەرھال شۇ يەرگە قاراپ يولغا چىقسۇن، — دېدى.

شۇنىڭدىن كېيىن، ۋەزىر كېچىلەپ سەپەر قىلىپ ئىككىنچى پادىشاھلىققا كەپتۇ، ئۇ ئوردىغا كىرىپ تىنچلىق سوراپ سالام بەجا كەلتۈرۈپتۇ. پادىشاھ چۆچۈپ كېتىپتۇ ـ دە، دەرھال ئەدەپ بىلەن:

— ئۇكام، ئۆزلىرى قايسى بىر پادىشاھلىقنىڭ ۋەزىرىغۇ دەيمەن؟ سىلى بۇ يەرگە نېمە ئىش بىلەن كەلدىلە؟ — دەپ سوراپتۇ.

— پادىشاھىمىز ئالىيلىرىنىڭ لەشكەرلىرىنى سەرخىل، ئۇرۇشتا چەبدەس، ئۆزلىرىگە سادىق ۋە قۇدرىتى زىيادە ئىكەنلىكىنى ئۇزۇندىن بېرى ئاڭلاپ كەلگەندى، شۇڭا، بۇ قۇدرىتى زىيادە لەشكەرلىرىنى ئۆز كۆزى بىلەن كۆرۈش ئارزۇسىدا بولۇپ كېلىۋاتىدۇ، بىراق، ئەدەپ يۈزىسىدىن ھۆرمەتلىك پادىشاھىمىز سىلىنىڭ پايتەختلىرىگە قەدەم ـ تەشرىپ قىلىشقا مۇۋەپپەق بولالمىدى. شۇ ۋەجىدىن ئالىيلىرىنىڭ سەر خىل لەشكەرلىرىنى دۆلىتىمىزنىڭ چېگرىسىدىكى مەلۇم بىر جايغا ئەۋەتىپ، پادىشاھىمىزنىڭ ئارزۇسىنى قاندۇرۇشنى، شۇنىڭدەك ئۆز سەركەردىلىرىمىزگە ئۈلگەكۆرسىتىپ بېرىشنى ئىلتىجاقىلىمەن، — دەپتۇ ۋەزىر.

پادىشاھ ۋەزىرنىڭ گېپىنى ئاڭلاپ، كۆڭلىدە بەك خۇشال بولۇپ كېتىپتۇ ۋە:

— ئەلۋەتتە، شۇنداق قىلىمەن. بۇ لەشكىرىي قوشۇنۇم دەرھال شۇ يەرگە قاراپ يول ئالسۇن! — دەپتۇ.

ۋەزىر بۇ دۆلەتتىنمۇ ئايرىلىپ، ئۈچىنچى بىر دۆلەتكە كەپتۇ. ئوردىغا كىرىپ تىنچلىق سوراپ، سالام بەجا كەلتۈرۈپتۇ. پادىشاھ چۆچۈپ كېتىپتۇ ۋە سالامنى دەرھال ئىلىك ئېلىپ:

www.uyghurkitap.com

— ئۇكام ئۆزلىرى قايسىبىر پادىشاھلىقنىڭ ۋەزىرىغۇ دەيمەن؟ سىلى بۇ يەرگە نېمە ئىش بىلەن كەلدىلە؟ — دەپ سوراپتۇ.

— پادىشاھىمىز ۋە دۆلىتىمىزدىكى پۇقرالار ئالىيلىرىنىڭ كىشىنى ھەيران قالدۇرغۇدەك شاھمات ئويناش قابىلىيىتىگە ئىگە ئىكەنلىكىنى ئاڭلىغانىدۇق. شۇ ۋەجىدىن پادىشاھىمىز مېنى بەزى ئىشلار خۇسۇسىدا ئالىيلىرىدىن مەسلىھەت ئېلىش ئۈچۈن ھوزۇرلىرىغا ئەۋەتتى. بەلكىم بۇنىڭ پادىشاھىمىزنىڭ شاھمات ئوينىشىغا پايدىسى تېگىپ قالار، دېگەن ئۈمىددىمەن، — دەپتۇ ۋەزىر.

ۋەزىر سۆزلەپ بولۇپلا شاھمات تاختىسىنى ئەكىلىپ پادىشاھنىڭ ئالدىغا قويۇپتۇ، ئۇ تەرتىپ بويىچە ئورۇقلارنى تىزىپتۇ. پادىشاھ ئۇنىڭغا ئاقىلانە تەكلىپلەرنى بېرىپتۇ. ئۇ بۇ تەكلىپلەرنى قەغەزگە تولۇق خاتىرىلىۋاپتۇ.

پادىشاھ ۋەزىرنىڭ تەلەپلىرىنى بەجا كەلتۈرگەندىن كېيىن:

— ئىنىمنىڭ ماڭا چۈشىدىغان يەنە باشقا ھاجىتى بارمىكىن؟ — دەپتۇ.

— يەنە بىر كىچىك ئىش بار ئىدى. بىراق ئالىيلىرىنى ئاۋارە قىلغۇم كەلمەيدۇ! دۆلىتىمىزدىكى بەزى قاراقچىلارنى تۇتىمىز دەپ قوغلىغاندا، ئۇلار ئالىيلىرىنىڭ ئۇلۇغ زېمىنىنىڭ چېگرىسىدىكى تاغلىققا قېچىپ بېرىۋاپتۇ. ئۇلار بىزنىڭ نۇرغۇن ئالتۇن - كۈمۈشلىرىمىزنى بۇلاپ كەتكەنىدى. مۇبادا، ئۆزلىرى لەشكەر چىقىرىپ ئۇلارنى تۇتۇپ بەرگەن بولسىلا، ناھايىتى ساۋابلىق ئىش قىلغان بولاتتىلا! — دەپتۇ ۋەزىر.

— ئەلۋەتتە، شۇنداق قىلىمەن. لەشكەرلىرىم دەرھال شۇ يەرگە ئاتلىنىدۇ! — دەپتۇ پادىشاھ.

ۋەزىر ئىشلىرىنى پۈتتۈرۈپ بولۇپ، دۆلىتىگە قايتىپ كېلىپ

ئۆز پادىشاھىغا شۇنداق دەپتۇ:

— بىزگە قوشنا پادىشالاردىن بولمىش بىرىنچى پادىشاھلىقنىڭ لەشكەرلىرى غەربتىكى چېگرا تەرەپكە قاراپ يول ئالدى؛ ئىككىنچى پادىشاھلىقنىڭ لەشكەرلىرى دۆلىتىمىزنىڭ چېگرىسىغا يېقىن جايدا سىلىنىڭ كۆزدىن كەچۈرۈشلىرىنى كۈتۈپ تۇرۇپتۇ؛ ئۈچىنچى پادىشاھلىقنىڭ لەشكەرلىرى يىراق شەرق تەرەپتىكى تاغلىققا قاراپ يول ئالدى. ئەمدى سىلى ئالدى بىلەن، ئىككىنچى پادىشاھلىقنىڭ لەشكەرلىرىنى يوقىتىشقا بۇيرۇق بەرسىلە. ئاندىن كېيىن، قالغان ئىككى پادىشاھلىقنىڭ لەشكەرلىرىنى يوقاتسىلا، شۇنداق قىلىپ، بۇ قوشنا پادىشاھلىقلارنىڭ لەشكەرلىرى چېكىنىشتىن ياكى بىرلىشىۋېلىشتىن بۇرۇن ئۇلارنى بىر - بىرلەپ يوقىتالايلا!

پادىشاھ ئۆز سەركەردىلىرىنى ھوزۇرىغا چاقىرىپ كېلىپ، ئۈچ پادىشاھلىقنىڭ لەشكەرلىرىنى يوقىتىشقا بۇيرۇق چۈشۈرۈپتۇ. پادىشاھ ئەۋەتكەن لەشكەرلەر ئۇزۇن ئۆتمەي ئەسىر ئېلىنغان ئۈچ پادىشاھنى يالاپ غەلىبە بىلەن قايتىپ كەپتۇ. ئۇلار ئۆز پادىشاھىغا:

— ھېلىقى ئۈچ پادىشاھلىقنىڭ لەشكەرلىرىنىڭ بېشىنى تېنىدىن جۇدا قىلدۇق. مانا بۇلار ھېلىقى ئۈچ پادىشاھلىقنىڭ شاھلىرى، ئەمدى سىلىنىڭ ئەسىرلىرى بولۇپ قالدى! — دەپ مەلۇم قىپتۇ.

پادىشاھ ھەيران بولۇپ ۋەزىردىن:

— بىز ئۇلارنى قىرىپ تاشلىدۇق، رەقىبلىرىمىز بىز بىلەن ئېلىشىشقا ماجالسىز قالدى. ئۇلارنى شۇ ھالغا چۈشۈرۈپ قويۇشتا قانداق چارە ئىشلەتتىڭ، — دەپ سوراپتۇ.

— مەن بىرىنچى پادىشاھنىڭ ئۆزىنى ئۇلۇغ شائىر دەپ ماختىنىپ يۈرىدىغانلىقىنى، ئىككىنچى پادىشاھنىڭ ئۆزىنى

تەڭداشسىز سەركەردە دەپ ماختىنىدىغانلىقىنى، ئۈچىنچى پادىشاھنىڭ ئۆزىنى شاھمات پىرى دەپ ماختىنىپ يۈرىدىغانلىقىنى بىلدىم. شۇنىڭ بىلەن، مەن ئۇلارنىڭ ئۆزىگە تەمەننا ئەيلەپ يۈرىدىغان بۇنداق ئاجىزلىقىنى ئۇستىلىق ئىشلىتىپ ئىگەللەپ چىقتىم. شۇنداق ئىكەن، ئۇلارنىڭ تەقدىرى پۈتۈنلەي مېنىڭ قولۇمدا بولىدۇ. دە! — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ ۋەزىر.

پادىشاھ ھېلىقى ئۈچ ئەسىرگە:

— سىلەر پادىشاھ بولۇشقا مۇناسىپ ئەمەسكەنسىلەر، چۈنكى قۇلاققا خۇش ياقىدىغان ياغلىما سۆزلەرنى ئاڭلاشقا خۇشتار ئىكەنسىلەر. نەتىجىدە خۇشامەتگۈيلۇق، تەخسىچىلىك سىلەرنىڭ بېشىڭلارنى ئايلاندۇرۇپ قويىدى. ئەمدى سىلەر ھازىردىن باشلاپ مېنىڭ خەزىنەمگە بېرىپ خەزىنىچى بولۇڭلار! — دەپتۇ.

كېيىنكى كۈنلەرگە كەلگەندە، ھېلىقى ئۈچ پادىشاھلىقنىڭ ئىشىنى ئېسىگە ئاپتۇ ـ دە، كۆڭلىدە: «پادىشاھنىڭ خۇشامەتگۈيلۇققا بېرىلىشى ئۆز نامىغا لايىق ئىش ئەمەس، مۇبادا مەنمۇ شۇنداق قاپقانغا چۈشۈپ قالغۇدەك بولسام نېمە قىلىشىم كېرەك؟» دەپ ئويلاپتۇ.

پادىشاھ ئويلاپ شۇ يەرگە كەلگەندە جاللاتنى چاقىرىپ:

— سەن يېنىمدىن بىردەممۇ ئاجرىماي ماڭا قارىغاچ، ۋەزىرلەرنىڭ گېپىگە قۇلاق سال. ئۇلار شېئىر، لەشكەر، شاھمات ۋە چاشقان ئۇستىدە سۆز ئاچسىلا دەرھال ئۇلارنىڭ كاللىسىنى تېنىدىن جۇدا قىل، — دەپ بۇيرۇق قىپتۇ.

ئاندىن كېيىن ۋەزىرگە:

— سەن مەن ئۈچۈن نۇرغۇن ئىشلارنى قىلدىڭ، تۆھپەڭ چوڭ، شۇڭا سەن مېنىڭدىن خالىغىنىڭچە مۇكاپات ئېلىشقا ھەقلىقسەن. ھەتتا، سەلتەنەتلىك پادىشاھلىقىمنىڭ يېرىمىنى ئالىمەن دېسەڭمۇ مەن رازى! — دەپتۇ.

— ئالىيلىرى ئوۋغا چىققاندا ئۆزلىرىگە ھەمراھ بولۇش نىيىتىدە ئىدىم. چۈنكى ھەزرەتلىرىنىڭ ئوۋ قىلىش ماھارىتىنى كۆرۈش ۋە ئۆگىنىش مەن ئۈچۈن سىلىنىڭ يېرىم پادىشاھلىقلىرىدىنمۇ قىممەتلىك مۇكاپات بولىدۇ! — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ ۋەزىر.

بۇ گەپنى ئاڭلىغان پادىشاھ بەكمۇ سۆيۈنۈپ ۋەزىرگە ئىگىلىپ توققۇز تەزىم قىپتۇ. شۇنىڭدىن باشلاپ، پادىشاھ كۈندە دېگۈدەك ئوۋغا چىقىدىغان بوپتۇ. دۆلەتنى باشقۇرۇش ئىشىنى بولسا ۋەزىرگە تاپشۇرۇپ بېرىپتۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىگانە ئادرېسى

# ئوقۇغان بالا

(ئومان)

خەلىپە مەنسۇر بىلىملىك ئادەملەرنى ياخشى كۆرىدىكەن. ئەقىللىق، بىلىملىك ياشلارنى يولۇقتۇرۇپ قالسا، بەك خۇشال بولۇپ كېتىدىكەن. بىلىمسىز، ئەخمەق ئادەملەرنى كۆرسە بەك خاپا بولىدىكەن.

خەلىپە مەنسۇر خەلقنىڭ تۇرمۇش ئەھۋالىنى ئىگەللەپ بېقىش ئۈچۈن دۆلەتنىڭ ھەممە يەرلىرىنى ئاتلىق ئايلىنىپ چىقىپتۇ. بىر كۈنى ئۇ بىر چىرايلىق بالىنىڭ يول ياقىسىدا ئولتۇرۇپ «قۇرئان» ئوقۇۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ قاپتۇ. ئۇ ھېلىقى بالىنى يېنىغا چاقىرىپ:

— سېنىڭ ئوقۇۋاتقىنىڭ نېمە كىتاب؟ — دەپ سوراپتۇ.

ھېلىقى بالا قۇرئاننى يېپىپ قويۇپ، ئۇنىڭ ئايرىم سۈرىلىرىنى دۇدۇقلىماي، زىرە - زەۋىرلىرىنى چۈشۈرۈپ قويماي سۇدەك يادلاپ بېرىپتۇ.

خەلىپە ئۆز ۋەزىرلىرىنى شۇ سۈرىلەرنى يادقا ئوقۇشقا بۇيرۇق قىپتۇ. ۋەزىرلەر بالىغا ئوخشاش يادقا ئوقۇپ بېرەلمەپتۇ. خەلىپە ناھايىتى خۇشال بولۇپ، بالىنى ماختاپ:

— سەن نېمىنى ئېلىشنى خالىساڭ شۇنى بېرىمەن، — دەپتۇ.

— مېنىڭ تەلىپىم ئۆزلىرىدەك مەشھۇر زات بىلەن تونۇشۇش ئىدى. مەن سىلىدىن ئۆزلىرىنى كۆندۈزىمۇ، كېچىسىمۇ بەھوزۇر ئۇخلىتىپ تۇرۇشۇمغا ھېچكىم دەخلى - تەرۇز قىلماسلىق توغرىسىدا پۈتۈلگەن تىلخەت بېرىشلىرىنى تەلەپ قىلىمەن، دۇنيادا بۇنىڭدىنمۇ

قىممەتلىك مۇكاپات بولامدۇ؟ — دەپتۇ ھېلىقى بالا.

خەلپە بۇنىڭدىن بەك خۇشال بوپتۇ ۋە بالىنىڭ تەلپىي بويىچە بىر پارچە تىلخەت پۈتۈپ بېرىپ، ئۈستىگە مۆھۈرىنى بېسىپ بالىغا بېرىپتۇ.

خەلپە بىلەن ئۇنىڭ ۋەزىرلىرى ئاتلىرىنى مىنىشىپ يوللىرىغا راۋان بوپتۇ. بىر ئاز يول يۈرگەندىن كېيىن، ئۇلار بىر يېزىغا يېتىپ كەپتۇ. يېزىغا كىرگەندىن كېيىن خەلپە:

— يېزا ئاقساقىلىنى تېپىپ كېلىڭلار! — دەپ بۇيرۇق بېرىپتۇ.

ئۇلار بىر بوۋاينى تېپىپ كەپتۇ. بوۋاي خەلپىنىڭ ئالدىغا كېلىپ تەزىم قىلىپتۇ.

— سەن يېزاڭلاردا تېرىلغان زىرائەتلەرنىڭ تۈرىنى ۋە ئۇلارنىڭ تېرىلغان مو سانى بىلەن مەھسۇلاتىنى دەپتەرىمگە يېزىپ بەرگىن، — دەپ بۇيرۇق قىپتۇ خەلپە.

ھېلىقى بوۋاي تىترەپ تۇرغان قولىغا قەلەمنى ئېلىپ، خىجىل بولغان ھالدا:

— ئەستاغپۇرۇللا، خەلپەم! مەن يا ئوقۇشنى، يا يېزىشنى بىلمەيتتىم! — دەپتۇ.

خەلپە قاتتىق غەزەپكە كېلىپ ئۇنىڭغا:

— مەن ھېلى يولدا ئاغزىدىن ئانا سۈتى كەتمىگەن بىر بالىنى ئۇچراتتىم. ئۇ ناھايىتى بىلىملىك ئىكەن؛ بىراق سېنىڭدەك ئاپئاق ساقاللىق ئەمەلدارنىڭ مۇنداق دۆت بولۇپ قېلىشىنى چۈشۈمدىمۇ ئويلاپ باقماپتىكەنمەن! سەن بۈگۈن ئاخشام ئوقۇشنى، يېزىشنى ئۆگەن، بولمىسا كاللاڭنى تېنىڭدىن جۇدا قىلىمەن. گەپنىڭ پوسكاللىسىنى دېسەم، مۇبادا سەن كۈن چىقىشتىن ئىلگىرى، ھېلى مەن ياز دېگەننى يېزىپ كېلەلمىسەڭ، جېنىڭنى ئالىمەن! — دەپتۇ.

خەلپە گېپىنى تۈگىتىپ، بوۋاينى قەپەسكە سولاپ ئېلىپ مېڭىشقا بۇيرۇپتۇ. خەلپە غىزالىنىپ بولغاندىن كېيىن ئۆز چېدىرىغا كىرىپ ئۇخلاپتۇ، ئۇنىڭ قاراۋۇللىرى خەلپىنى قوغداپ چېدىر ئالدىدا تۇرۇپتۇ.

يېرىم كېچە بولغاندا تۇيۇقسىز كۆتۈرۈلگەن غەۋغا خەلپىنى كۆرۈۋاتقان چۈشىدىن ئويغىتىۋېتىپتۇ. ئۇ كۆزىنى ئېچىپ قارىسا، قاراۋۇللار قولىدا گۆرجەك تۇتۇپ تۇرغان بىر بالىنىڭ ئالدىنى توسۇپ تۇرغۇدەك، ھېلىقى بالا جېدەل قىلىپ، يېنىدىن تىلخەتنى چىقىرىپ تۇرۇپ:

— مەن مەيلى كۈندۈزى، مەيلى كېچىسى بولسۇن خەلپە بىلەن كۆرۈشۈشكە ھوقۇقلۇق، — دەپ تۇرغۇدەك.

خەلپە ھېلىقى بالىنى چېدىرىغا كىرگۈزۈپ ئۇنىڭدىن:

— سەن نېمىشقا بۇ يەرگە گۆرجەك كۆتۈرۈپ كەلدىڭ؟ — دەپ سوراپتۇ.

— مەن بوۋامنى يەرلىكتىن كولاپ چىقىراي، سىلى ئۇنىڭغا جازا بەرسىلە! — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ ھېلىقى بالا.

— بۇ زادى قانداق گەپ؟ — دەپ سوراپتۇ خەلپە ھاڭ-تاڭ قېلىپ.

— مەن ئوقۇيالايمەن، يازالايمەن، «قۇرئان» نى يادقا بىلىمەن، دادام مېنى بېقىپ چوڭ قىلدى، ئوقۇتۇپ موللىلارغا ھەق تۆلەپ، ھالا بۈگۈنكى كۈندە مېنى بىلىملىك ئادەم قىلىپ تەربىيىلىدى. لېكىن، بوۋام دادامنى ئوقۇتماي كىچىكىدىلا قوي بېقىشقا سالغانىكەن. شۇنداق قىلىپ، دادام مەن ئۆگەنگەن بىلىملەرنى ئۆگىنەلمىگەن، شۇڭا، جازالىنىشقا تېگىشلىك ئادەم مېنىڭ بوۋام بولۇشى كېرەك. سىلى تاڭ ئاتقاندا دادامنى ئۆلتۈرمىسىلە! — دەپتۇ ھېلىقى بالا.



www.uyghurkitap.com

— مەن ئۆلتۆرمەكچى بولغان ئادەم سىنىڭداداڭبولامدۇ؟ — دەپ سوراپتۇ خەلىپە ئەجەبلىنىپ.

خەلىپە ئەھۋالنى ئىنىقلىغاندىن كىيىن، ھىلىقى بوۋاينى قويۇپ بىرىشكە پەرمان چۈشۈرۈپ، ئۇنىڭغا بىر خالتا ئالتۇن مۇكاپات بىرىپتۇ. ئوغلىنى بولسا چوڭ ئەمەل بىلەن تارتۇقلاپتۇ.

www.uyghurkitap.com

# پادىشاھنىڭ بىلىندۈرمەي كۆزدىن كەچۈرۈشى

(ئىراق)

بۇرۇنقى زاماندا، خورمىلار پىشقان بىر پەسىلدە پادىشاھ دوستى ئابۇناۋاسنى چاقىرىپ:

— سەن يالغان ساقىلىڭ بىلەن كىيىملىرىڭنى ماڭا ئەكىلىپ بەر. مەن قول ئاستىمدىكى ئەمەلدارلار قىلچە تەييارلىقسىز تۇرغان پەيتتىن پايدىلىنىپ، ئاتلىق ھەر قايسى جايلارنى كۆزدىن كەچۈرۈپ كېلەي دەۋاتىمەن، — دەپتۇ.

پادىشاھ بىلەن ئابۇناۋاس باشقىچە ياسىنىپتۇ ۋە ئاتلىرىغا مىنىپ بىرلىكتە پايتەختتىن يولغا چىقىپتۇ. ئۇزۇنغىچە يامغۇر ياغمىغانلىقتىن چوڭ - كىچىك يوللارنىڭ ھەممىسى توپا بولۇپ كەتكەنىكەن. ئۇلار ئاتلىق كېتىۋېتىپ، چاڭ - توزان ئارىسىدا كېتىۋاتقان يولۇچىلار، ھايۋانلار، قۇشلار توغرىسىدا پاراڭغا چۈشۈپتۇ.

ئۇلار پايتەختنىڭ سىرتىدىكى بىر شەھەرگە كېلىپ توختاپتۇ. قارىغۇدەك بولسا شەھەر دەرۋازىسىدىكى قاراۋۇللارنىڭ خىزمىتىگە ئېتىبارسىزلىق بىلەن قاراپ لاغايلاپ يۈرگەنلىكىنى بايقاپ قاپتۇ. شۇنىڭ بىلەن، ئىككىيلەن ئاتلىق يۈرۈپ شەھەر باشلىقىنى ئىزدەپتۇ. قارىسا شەھەر باشلىقى تېخىچە ئۇخلاپ ياتقانىكەن. پادىشاھ يالغان ساقىلىنى ئېلىۋېتىپ، كىيىملىرىنى سېلىۋېتىپ ئەسلى قىياپىتىگە كەپتۇ. ئۆزىنىڭ ئالدىدا پادىشاھ تۇرغانلىقىنى كۆرگەن شەھەر باشلىقى قورقىنىدىن بەدىنىگە تىترەك ئولىشىپ كېتىپتۇ. ئۇ،

ئالدىراپ چۈشەندۈرۈشكە باشلاپتۇ:
— ئاپلا، پادىشاھى ئالەم! سىلىنىڭ كىلىدىغانلىقلىرىدىن بىر ئازمۇ خەۋىرىم يوق ئىكەن! ئۇنداق بولمىغاندا. . .
— مەن كۆزدىن كەچۈرۈش توغرۇلۇق سىلەرگە خەۋەر قىلىشنى ئويلاپمۇ كۆرگىنىم يوق! — دەپتۇ پادىشاھ ئۇنىڭ گىپىنى بۆلۈپ.
پادىشاھ بۇ شەھەر باشلىقىنى جازالاشقا بۇيرۇق چۈشۈرۈپتۇ ھەمدە ئۇنىڭ ئورنىغا باشقا بىرسىنى تەيىنلەپتۇ. پادىشاھ ئابۇناۋاس بىلەن يەنە باشقا بىر شەھەرگە قاراپ يول ئاپتۇ. ئۇلار شەھەرگە كېلىپ قارىسا، شەھەرنىڭ باشلىقى ھۆكۈمەت ئىشلىرى بىلەن قىلچە كارى بولماي، كۈندۈزى خورەك تارتىپ ئۇخلاۋاتقۇدەك. پادىشاھ بىر نەچچە شەھەرنى مۇشۇ خىلدا كۆزدىن كەچۈرۈپ چىقىپتۇ، ئەھۋالنىڭ ئاساسەن ئوخشاش ئىكەنلىكىنى كۆرۈپ قاتتىق غەزەپلىنىپتۇ. پادىشاھ دەررۇ مەملىكىتىدىكى ئەمەلدارلارنىڭ تاپىنىغا كالتەك بىلەن ئۇرۇش، دەررىگە تارتىش، دەرىجىسىنى چۈشۈرۈش ۋە ئەمىلىنى ئېلىۋېتىش توغرىسىدا بۇيرۇق چۈشۈرۈپتۇ.
— ھەممە چوڭ - كىچىك ئەمەلدارلار ھەر قاچان ئۆز خىزمىتىدە تەييار تۇرۇشى لازىم، — دەپ بۇيرۇق چۈشۈرۈپتۇ.
بۇيرۇقنى چۈشۈرۈپ بولغاندىن كېيىن، پادىشاھ بىلەن ئابۇناۋاس ئاتلىرىغا مىنىپ بۇ شەھەردىن يەنە بىر شەھەرگە قاراپ يول ئاپتۇ. ئۇلار بىر خورمىزارلىقتىن ئۆتۈپ كېتىۋاتقاندا، پادىشاھ تۇيۇقسىز بىر ئىزنى كۆرۈپ قېلىپ ئابۇناۋاستىن:
— ھەي! سەن دەپ باقە، بۇ نېمىنىڭ ئىزى؟ — دەپ سوراپتۇ.
— بۇ بىر يىگىت بىلەن بىر قىزنىڭ ئىزى، ئۇلار خورمىزارلىققا كىرىپ كېتىپ تېخى قايتىپ چىقمىغاندەك قىلىدۇ، —

دەپتۇ ئابۇناۋاس.

— مەن ئۇلارنى شەھەر باشلىقلىرىنى قورقۇتقاندەك بىر قورقۇتۇپ قوياي، ئابۇناۋاس سەن ئىككى ئاتنى ئېلىپ كېتىۋەرگىن. ئۇلار بارغانسېرى يىراقلاپ كېتىۋاتقان ئاتنىڭ تۇياق ئاۋازىنى كەلگەنلەر يىراقلاپ كەتتى، دەپ قالسۇن، ئاندىن ئىككى ئاتنى يىراق بىر جايغا باغلاپ قويۇپ، ئاياغلىرىڭنى سېلىۋەتكىن ـ دە، شەپە چىقارماي يېنىمغا كەل. مۇشۇنداق قىلساق بىز ئۇلارنى چۆچۈتەلەيمىز! — دەپتۇ پادىشاھ.

پادىشاھ شۇنداق دەپلا، ئاتتىن چۈشۈپتۇ ۋە ئېتىنىڭ چۇلۋۇرىنى ئابۇناۋاسقا بېرىپتۇ، ئۆزى ئايىغىنى سېلىۋېتىپ شۇ يەردە ساقلاپ تۇرۇپتۇ.

بىردەمدىن كېيىن، ئابۇناۋاس ئىككى ئاتنى يىراق بىر جايغا باغلاپ قويۇپ، يالاڭ ئاياغ پېتى پادىشاھنىڭ يېنىغا كەپتۇ. ئۇلار خۇددى مۈشۈكلەرگە ئوخشاش ئاستا مېڭىپ خورمىزارلىققا كىرىپتۇ. خورما دەرەخلىرىنىڭ ئارىلىقى كەڭ بولسىمۇ، لېكىن دەرەخلەرنىڭ ئارىسى چاتقاللار بىلەن قاپلانغاچقا، كىرگەن ئادەمنىڭ پەقەت بېلىنىڭ ئۈستىلا كۆرۈنىدىكەن.

— غەلىتە ئىش، بىز نېمىشقا ئۇلارنى ئۇچرىتالمايمىز؟ دەرەخلەرنىڭ ئارىسى شۇنچە كەڭ تۇرىدىغۇ، ھەر قانچە بولسىمۇ يىگىت بىلەن قىزنى يوشۇرۇپ قىلىشى مۇمكىن ئەمەس! — دەپتۇ پادىشاھ ئابۇناۋاسقا.

ئابۇناۋاس بوش ئاۋازدا پادىشاھقا:

— پادىشاھىم توغرا ئېيتتىلا. — ئۇلار ئۆرە تۇرسا يوشۇرۇنالمايدۇ، ئەگەر ئۇلار يەرگە يېتىۋالغان بولسا، چاتقاللار ئارىسىدا قالىدۇ ـ دە، ئۇلارنى بىز كۆرەلمەيمىز! — دەپتۇ.

ئۇلار يەرگە يېتىۋېلىپ نېمە قىلىدۇ! — دەپ سوراپتۇ پادىشاھ

ئەجەبلىنىپ.

— بۇنى بىلمەيدىكەنمەن پادىشاھىم، مېنىڭ بۇ ئىشقا ھېچ ئەقلىم يەتمىدى! — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ ئابۇناۋاس.

ئابۇناۋاس بىلەن پادىشاھ خۇددى مۇشۇكلەردەك ئاۋايلاپ مېڭىپ، خورمىزارلىقنى كېسىپ ئۆتۈپ يىگىت بىلەن قىزنى ئۇچرىتالماپتۇ.

— پادىشاھىم، مۇبادا بىز ھەر بىر خورما دەرىخىنىڭ ئەتراپىنى تەكشۇرسەك ۋاقىت بەك جىق كەتكۇدەك، — دەپتۇ ئابۇناۋاس.

— ھە، توغرا دېدىڭ! بىز ئاستا يۆتىلىپ قويساق، ئۇلار بۇ يەردە ئادەم بار ئىكەن، دېيىشىپ ئورۇنلىرىدىن تۇرۇپ چىقىشى مۇمكىن! — دەپتۇ پادىشاھ.

ئابۇناۋاس ئاستا بىر نەچچە قېتىم يۆتىلىپ قويۇپتۇ. ھايال ئۆتمەي، دېگەندەك بىر يىگىت بىلەن بىر قىز چاتقاللىق ئارىسىدىن ئۆرە تۇرۇپتۇ. ئۇلار ئون بەش، ئون ئالتە ياشلار چامىسىدا بولۇپ، تەقى - تۇرقلىرى تازا كېلىشكەنىكەن.

— يىگىت سىزگە ئامانلىق تىلەيمەن. سىڭلىڭىزغا ھەم ئامانلىق تىلەيمەن! — دەپتۇ پادىشاھ.

— سىلىگە ئامانلىق تىلەيمەن، خۇدايىم سىلىنى مەغپىرەت قىلغاي! سىلىگە خۇدا بەخت يار قىلغاي! بۇ قىز مېنىڭ سىڭلىم ئەمەس. ئۇ يولدىن ئۆتۈپ كېتىۋاتقان ناتونۇش يولۇچى، — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ ھېلىقى بالا.

— يولۇچى دېگەن چوڭ يولدا ماڭمامدۇ، بۇ قىز قانداق قىلىپ خورمىزارلىق ئىچىگە كېلىپ قالدى! — دەپتۇ گاڭگىراپ قالغان پادىشاھ.

ھېلىقى بالا قاقاقلاپ كۈلۈپ:

— ئاپلا، ئىككىڭلار تازا ئىش كۆرمىگەن يولۇچىلاركەنسىلەر! قارىغاندا ئىككىڭلارلا بۇ دۆلەتكە يات ئادەملەر كۆرۈنسىلەر، شۇڭا

بۇ دۆلەتنى تازا چۈشەنمەيسىلەر! سىلەر مېنىڭ بۇ خورمىزارلىقتا نېمە قىلىپ تۇرغانلىقىمنى بىلمەيسىلەر، ئەھۋال شۇنداق ئىكەن، سىلەرنىڭ ئەجەبلەنگەنلىكىڭلاردىن ھەيران قېلىشقا بولمايدۇ. بىراق، سىلەرنىڭ مۇنداق قىلغىنىڭلار قاملاشمىدى، — دەپتۇ.

پادىشاھ بالىنىڭ سۆزىنى توغرا تېپىپتۇ ۋە:

— دېگىنىڭ بەرھەق! مەن سىلەرنىڭ خورمىزارلىقتا نېمە قىلىۋاتقانلىقىڭلارنى بىلمەيمەن. بىراق، مېنىڭ بۇ ئىشنى بىلگۈم كېلىدۇ. چۈنكى ھەممە ئىشتىن خەۋەردار بولۇپ تۇرۇش ئىنسانلارنىڭ باش تارتىپ بولمايدىغان مەسئۇلىيىتى، — دەپتۇ.

بالا پادىشاھدىن بىر سوئال سوراپتۇ:

— بۇ پىشقان خورمىلار نەدىن كەلگەن؟

— بۇ خورمىلارنى خۇدا ياراتقان، بۇ خۇدانىڭ ئىنسانلارغا قىلغان ئىلتىپاتى، — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ پادىشاھ.

— ئۇنداق بولسا بۇ دۆلەتتە كىم خۇدانىڭ ۋەكىلى؟ — دەپ يەنە سوراپتۇ بالا.

— ئۇنىڭ ۋەكىلى پادىشاھدۇر، خۇدا ئۇنىڭغا ئۇزۇن ئۆمۈر ئاتا قىلغاي! — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ پادىشاھ.

— ئۇنداق بولسا، بۇ ۋەكىل خۇدانىڭ ئۆسۈملۈكلىرىنى ۋە كەمبەغەللەرگە بەرگەن سوۋغىسىنى باشقۇرۇشنى كۆزدىن كەچۈرمەسمۇ؟ ھازىر خورمىلار پىشىپ قالدى، پادىشاھ بۇ خورمىزارلىقنى كۆزدىن كەچۈرۈشكە كېلىپ قېلىشى مۇمكىن. مەن بۇ يولدا كېتىۋاتقاندا، بۇ قىزمۇ مۇشۇ يولدا كېتىۋاتقانىكەن، مەن خورما دەرەخلىرىگە قاراپ خورمىنىڭ پىشقانلىقىنى كۆردۈم ـ دە: «خورما پىشىپتۇ! خورما پىشىپتۇ! پادىشاھ نېمىشقا كۆزدىن كەچۈرۈشكە كەلمەيدۇ؟» دەپ توۋلىدىم. بۇ قىزمۇ پىشقان خورمىلارنى كۆرۈپ: «چوقۇم كېلىدۇ! ئۇلار يول ئۈستىدە

كېلمۇۋاتىدۇ!» دەپ ۋارقىراشقا باشلىدى. ئاندىن مەن: «بىز قۇلىقىمىزنى يەرگە يېقىپ ئاڭلاپ باقايلى، مۇشۇنداق قىلساق ئۇلارنىڭ ئاتلىرىنىڭ تۇياق ئاۋازلىرىنى ئاڭلىيالايمىز» دېدىم. يول بەكتوپا، چاڭ ۋە پاسكىنا بولغاچقا، بىز يولدىن خورمىزارلىققا كىرىۋالغاندۇق. بىز چاتقاللىقتا يېتىپ، قۇلىقىمىزنى يەرگە يېقىپ پادىشاھنىڭ ئېتىنىڭ تۇياق ئاۋازىنى تىڭشىدۇق. ئاخىرى، تۇياق ئاۋازى ئاڭلاندى. لېكىن، بۇ پادىشاھنىڭ ئېتىنىڭ تۇياق ئاۋازى ئەمەس ئىكەن. چۈنكى تۇياق ئاۋازى يىراقتىن يېقىنلاپ توساتتىن يېقىندىن يىراقلاپ ئاۋازى يوقاپ كەتتى. ھېچقانداق ئادەم بۇ يەرنى كۆزدىن كەچۈرۈشكە كەلمىدى، مانا ھازىر بولغان ئىشلارنى سىلەرگە سۆزلەپ بەردىم. سىلەردەك ئالىيجاناب ناتونۇشلار بىلەن خەيرلىشىشىمىزگە ئىجازەت بەرسەڭلار، بىز قۇلىقىمىزنى يېقىپ داۋاملىق پادىشاھنىڭ ئېتىنىڭ تۇياق ئاۋازىنى تىڭشىماقچىمىز، — دەپتۇ يىگىت.

پادىشاھ بۇ بالىنىڭ دېگەنلىرىگە ھەيران قىلىپ:

— مەن پادىشاھ بولىمەن، بۇياق ئابۇناۋاس بولىدۇ. سىلەرنىڭ ھېلى ئاڭلىغىنىڭلار ھەقىقەتەن تۇياق ئاۋازى. سەن مېنىڭ كۆزدىن كەچۈرۈشۈمگە تەييار تۇرغان تۇنجى يۇقرالىرىمدىنكەنسەن، شۇ ۋەجىدىن، بۇ بىر خالتا تىللانى شەرتسىز قوبۇل قىلغىن. بۇ مېنىڭ ساڭا بەرگەن مۇكاپاتىم بولسۇن، مەن سېنى باشقا شەھەرلەرنى كۆزدىن كەچۈرۈشكە بىللە ئېلىپ بارىمەن. مۇبادا، قايسى شەھەرنىڭ باشلىقى كۆندۈزى ئۇخلاپ ھۆكۈمەت ئىشلىرى بىلەن كارى بولمىغان بولسا، مەن سېنى شۇنىڭ ئورنىغا شەھەر باشلىقى قىلىمەن، — دەپتۇ.

شۇنداق قىلىپ، بۇ بالا پادىشاھ ۋە ئابۇناۋاسقا ھەمراھ بولۇپ، باشقا شەھەرلەرنى كۆزدىن كەچۈرۈشكە يول ئاپتۇ. دەرۋەقە، ئۇلار

بىر شەھەر باشلىقىنىڭ ئۇخلاپ ياتقانلىقىنى بىلىپتۇ ۋە پادىشاھ ئۇنىڭ ئەمىلىنى ئېلىۋېتىپ، بۇ بالىنى ئۇنىڭ ئورنىغا شەھەر باشلىقى قىلىپ بەلگىلەپتۇ، بالا شەھەر باشلىقى بولغاندىن كېيىن ھېلىقى قىزنى تېپىپ كېلىشكە ئادەم ماڭدۇرۇپتۇ ۋە ئۇنى خوتۇنلۇققا ئاپتۇ. ھېلىقى بالا قىزنى بەكمۇ قەدىرلەپتۇ. كېيىن، بۇ بالا دائىم دېگۈدەك ھۆكۈمەت ئىشلىرىنى چىڭ تۇتۇپ، بىخەستىلىك قىلمىغاچقا، پادىشاھنىڭ تۇيۇقسىز كېلىپ كۆزدىن كەچۈرۈشىدىن تەمتىرەپ قالماي شەھەرنى ئوبدان باشقۇرۇپتۇ.

www.uyghurkitap.com

# پادىشاھنىڭ ئېتى

(پەلەستىن)

پادىشاھنىڭ جېنىدىنمۇ ئەزىز كۆرىدىغان بىر بايتىلى بار ئىكەن. بۇ بايتال بېشىنى تىك تۇتۇپ ماڭىدىكەن. قارا تۇكلىرى پارقىراق ۋە يۇمشاق، ئۆزى تېمەن ۋە يورغا ئىكەن. بايتال ئېغىلدىن ياكى ئات مەيدانىدىن بىرەرسى كەلسە، پادىشاھ ئۇلاردىن بايتىلىنىڭ ئەھۋالىنى سورايدىكەن. خەقلەرمۇ كۆڭلىگە يارىشا:

— ئۇ ناھايىتى ئوبدان تۇرۇۋېتىۇ، پادىشاھىم! — دەپ قويىدىكەن. بۇ چاغدا پادىشاھ:

— ياخشى، ياخشى، مۇبادا بىرەرسى ئاتلىرى ئۆلۈپ قاپتۇ، دەپ قويسا، ئۇنىڭ كاللىسىنى ئېلىپ تاشلايمەن، مەن بايتىلىمنى ئىنتايىن ياخشى كۆرىمەن، شۇڭا ئۇ توغرۇلۇق يامان خەۋەرنى ئاڭلىسام چىداپ تۇرالمايمەن، — دەيدىكەن.

ئەزرائىل ئادەم ۋە ھايۋانلارغا ئوخشاش كۆزدە قارايدۇ، ئەلۋەتتە. بىر كۈنى پادىشاھنىڭ بايتىلى ئېغىر كېسەلگە گىرىپتار بولۇپ، شۇ كۈنىلا ئۆلۈپ قاپتۇ. ئات باقارلار بىلەن ئات كۆندۈرگۈچىلەرنىڭ ھەممىسى يىغا - زارقىلىشىپتۇ. ئۇلار بىر - بىرىدىن:

— پادىشاھىمغا ئۇقتۇرۇشقا كىمنى ئەۋەتسەك بولار؟ — دەپ سورىشىپتۇ.

لېكىن كۆڭلى ياخشى ئادەملەر ئۇلارغا:

— سىلەر ئەخمەقلىق قىلماڭلار، كىمدە كىم بۇ يامان خەۋەرنى

پادىشاھىمىزغا ئېيتسا، شۇنىڭ ھاياتى تۈگەيدۇ، — دەپتۇ.

پايتەختتىكى ۋە ئوردىدىكى ئادەملەر بىر - بىرىدىن ئاڭلىشىپ بۇ خەۋەر ھەش - پەش دېگۈچىلا ھەممىسىنىڭ قۇلىقىغا يېتىپتۇ. پەقەت پادىشاھلا بۇنىڭدىن خەۋەرسىز يۈرۈپتۇ. ئۇ ھەر قېتىم بايتىلىنىڭ ئەھۋالىنى سورىغاندا كىشىلەر:

— ئۇ ناھايىتى ياخشى، بىز ئەزەلدىن ئۇنىڭغا ئوخشاش تىمەن ئاتنى كۆرۈپ باقمىغان، — دەپتۇ.

كېيىن ئات باقارلار بىلەن ئات كۈندۈرگۈچىلەر مەسلىھەتلىشىپ:

— بىز ئاتنىڭ ئۆلۈپ قالغانلىق خەۋىرىنى بىر ئامال قىلىپ پادىشاھقا مەلۇم قىلمىساق بولمايدۇ. بولمىسا كۈنلەرنىڭ بىرىدە پادىشاھىمىز ئاتلىق ئوۋغا چىقىمەن دېسە ئۇ چاغدا قانداق قىلىمىز؟ — دەپتۇ.

شۇنداق قىلىپ، ئۇلار ئاخىر ئابۇناۋاسنى تېپىپتۇ ۋە ئۇنىڭغا:

— سىلى بىر ئامال قىلىپ بۇ ئىشنى پادىشاھقا دېسىلە، بۇ ئىش توغرىسىدا پەقەت ئۆزلىرىلا پادىشاھقا ئېغىز ئاچالايلا، شۇنداق بولغاندا بىزمۇ ئامان قالىمىز، — دەپتۇ.

ئۇلارنىڭ يىغلىشىپ، تولىمۇ بىچارە ھالغا چۈشۈپ قالغانلىقىنى كۆرگەن ئابۇناۋاس ئۇلارنىڭ تەلىپىنى ماقۇل كۆرۈپتۇ ۋە:

— بولىدۇ، مەن بېشىمنى ئالقىنىمغا ئېلىپ قويۇپ، سىلەرگە ۋاكالىتەن بايتالنىڭ ئۆلۈپ كەتكەنلىكىنى پادىشاھقا مەلۇم قىلاي. خوش، ئۇنداقتا سىلەر مېنى نېمە بىلەن رازى قىلىسىلەر؟ — دەپتۇ.

— ئۆزلىرى بىر بېقىۋاتقان ئاتلار ئىچىدىن خالىغان بىرنى تاللىۋالسىلا، — دەپتۇ ئۇلار بىر ئېغىزدىن.

ئابۇناۋاس ئۇلارنىڭ كۆرسەتكەن بۇ ھىممىتىدىن مىننەتدار بوپتۇ.

لېكىن، ئابۇناۋاس شۇ زاماتلا پادىشاھنى ئىزدەپ بارماي، ئالدى بىلەن يىراق بىر شەھەرگە سەپەرگە چىقىپتۇ. ئادەتتە، ئابۇناۋاس ھەر كۈنى پادىشاھنى يوقلاپ تۇرىدىكەن. لېكىن، بۇ قېتىم خېلى كۈنلەرگىچە ئوردىغا كەلمەپتۇ. پادىشاھ ئۇنىڭ نەگە كەتكەنلىكىنى سۈرۈشتە قىلغاندا كىشىلەر:

— بىز ئۇنىڭ نەگە ۋە نېمە ئىش بىلەن كەتكەنلىكىنى بىلمەيمىز، — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ.

بىر نەچچە كۈندىن كېيىن، ئابۇناۋاس قايتىپ كەپتۇ. ئۇ ئوردىغا كېلىپ پادىشاھدىن تىنچ - ئامانلىق سوراپتۇ.

— ئابۇناۋاس سەن نەچچە كۈندىن بېرى نەگە ۋە نېمە ئىش قىلغىلى باردىڭ؟ — سوراپتۇ پادىشاھ ئۇنىڭدىن.

— مەن يۇرت ئارىلاپ كەلدىم، بارغانلىكى يېرىمدە ھايۋانلارنىڭ سىزگە مەدھىيە ئوقۇۋاتقانلىقىنى ئاڭلىدىم. ئىتلار ھاۋشىپ، قويلار مەرەپ، تۆگىلەر بوزلاپ، كاللار مۆرەپ، ئاتلار كىشنەپ، توخۇلار قاقاقلاپ، قۇشلار سايراپ سىزگە مەدھىيە ئوقۇدى. مەن ئاتچىلىق مەيداندىن ئۆتۈپ كېتىۋېتىپ، سىزنىڭ ھېلىقى شاش، چىرايلىق بايتىلىڭىزنى كۆردۈم. ئۇنىڭ ئۆزلىرىنىڭ ھال - ئەھۋالىنى سورىشى ۋە سىلىگە مەدھىيە ئوقۇشى مېنى بۆلەكچىلا تەسىرلەندۈردى، ئۇ دۈمبىسىنى يەرگە، پۇتىنى ھاۋا تاپان قىلىپ سىلىگە ئىززەت - ئېھتىرام بىلدۈردى. قارىغاندا، ئۇ ئۆزلىرىنىڭ ئىگىدارچىلىقلىرىدا بولغانلىقىدىن بەكمۇ پەخىرلىنىدىكەن، — دەپتۇ ئابۇناۋاس.

پادىشاھ ئابۇناۋاسنىڭ گەپلىرىنى ئاڭلىغانسېرى گاڭگىراپ كېتىپ:

— ئۇ دوملاپ يېتىپتىمۇ؟ ئات ئادەتتە خۇشال بولسا دوملاپ يۇرمەيتتىغۇ؟ — دەپتۇ.

— يوقسۇ ھۆرمەتلىك پادىشاھىم، ئۇ دومسىلماپتۇ! مەن ئۇنىڭ مۇنچىلىك خۇشال ۋە ئويناقشىپ يۈرگىنىنى زادىلا كۆرۈپ باقماپتىكەنمەن. قارىغاندا، ئۇنىڭ ھەممە ئەزايى ساقتەك قىلىندۇ، — دەپتۇ ئابۇناۋاس.

پادىشاھ تېخىمۇ گاڭگىراپ قىلىپ يەنە سوراپتۇ:

بۇ نېمە دېگىنىڭ؟

— راست! ئۇنىڭ ھەممە ئەزاسى ساق! ئۇنىڭ سېسىق پۇرىقى ئالەمنى بىر ئاپتو. ئۇنىڭ بىر كۆزى قاغىنىڭ ئاغزىدىن ماڭا قاراپ تۇرىدۇ. يەنە بىر كۆزى سانىڭ ئاغزىدىن ماڭا تىكىلىپ قاراپ تۇرىدۇ. ئۇنىڭ بىر يېنىنى چۇمۇلىلەر تالىغىلى تۇرۇپتۇ. يەنە بىر تەرىپىنى ياۋا ئىتلار يېگىلى تۇرۇپتۇ، بىر بۆلۈكىنى ياۋا مۇشۇكلەر دەرەخلەرگە ئېپچىقىپ كېتىۋاتىدۇ. مەن مۇنداق چىرايلىق ئاتنى كۆرۈپ باقماپتىكەنمەن، — دەپتۇ ئابۇناۋاس چىرايىنى ئۆزگەرتمەي.

پادىشاھ ئابۇناۋاسنىڭ گەپلىرىنى ئاڭلاپ ئۆزىنىڭ ياخشى كۆرىدىغان ئېتىنىڭ ئۆلگەنلىكىنى بىلىپتۇ ـ دە، شۇ زامات چىرايى تامدەك تاتىرىپ كېتىپتۇ. ئۇ ئاچچىقىنى باسالماي:

— سەن قاپاقباش ئىكەنسەن، ئۇ ئۆلۈپتۇ، ئۇ ئۆلۈپتۇ! — دەپ ۋارقىراپتۇ:

— ئاپلا پادىشاھىم سىلى ئۆز ئاغزىلىرى بىلەن ئاتلىرىنى ئۆلۈپتۇ، دېدىلە. مەن پەقەت بەكمۇ شاش ئىكەن، دېدىم! سىلى ئۆزلىرى دېگەن گەپلىرىنى ئۆزلىرى بۇزدىلا! سىلى ھازىرلا ئۆز باشلىرىنى ئۆزلىرى كەسسىلە! — دەپتۇ ئابۇناۋاس.

پادىشاھ ئۆزىنىڭ دېگىنىنى ئېسىگە ئاپتو. لېكىن ئۇ:

— ئۇ گەپلەرنى ئوينىشىپلا دەپ قويغانتىم. مادامىكى، سەن ماڭا بايتالنىڭ ئۆلگەنلىك شۇم خەۋىرنى يەتكۈزگەن ئىكەنسەن، ئۇنى

www.uyghurkitap.com

ساڭا شۇنداقلا ئۆتۈنۈپ بېرەي! بايتىلىم ھازىر سىنىڭ ئىلىكىڭگە ئۆتتى. سەن ئۇنى ئۆز ئۆيۈڭگە ئاپىرىپ قوي. ھەرگىز يەرگە كۆمگۈچى بولما. چۈنكى سەن ئۇنى ئاجايىپ شاش ئىكەن دېدىڭغۇ! — دەپتۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ پېگى ئادرېسى

# تۇلپار بىلەن شاھزادە

(پەلەستىن)

بۇرۇنقى زاماندا، چوڭ بىر دۆلەتكە ھۆكۈمرانلىق قىلغان پادىشاھ ئۆتكەنىكەن. كۈنلەرنىڭ بىرىدە ئۇنىڭ خوتۇنى بىر ئوغۇل تۇغۇپتۇ. بۇ بالا دۇنياغا كۆز ئاچقان بىلەن تەڭ پادىشاھنىڭ بايتىلىمۇ قۇلۇنلاپتۇ. پادىشاھ بۇنىڭدىن ھەيران بولۇپ:

— خۇدا قوشلاپ ئامەت ياغدۇردى! — دەپتۇ.

پادىشاھ بالا بىلەن قۇلۇننى ئايرىئۇەتمەي بىللە بېقىشنى تاپىلاپتۇ.

بۇ بالا ئايىغى چىقماستىنلا بۇ قۇلۇننى مىنىپ ئويناپتۇ.

بالىسىنىڭ قۇلۇننى مىنىپ ئويناۋاتقانلىقىنى كۆرگەن پادىشاھ بىلەن خانىش خۇشال بولۇپ:

— قاراڭلار، ئوغلۇم ئات مىنگۈدەك بوپتۇ! تېز چوڭ بولۇپ جاھان كەزگەي! — دەپتۇ.

بالا كىچىكىدىن باشلاپ قۇلۇن بىلەن بىللە ئۆتكەچكە ئۇنىڭ تىلى چىقماي تۇرۇپلا قۇلۇننىڭ تىلىنى بىلىپ بوپتۇ. شاھزادە بىلەن قۇلۇن بىر ـ بىرىگە ئىجىل بولۇپ كېتىپتۇ، ئۇ ئون ياشقا تولغان چاغدا بۇ قۇلۇنمۇ چوڭلاپ بىر تۇلپار بولۇپ يېتىشىپتۇ. تۇلپارنى كۆرگەنلىكى ئادەم ئېغىزدىن چۈشۈرمەي ماختاپتۇ. لېكىن، بۇ تۇلپارنى يالغۇز شاھزادىلا مىنەلەيدىكەن. شاھزادە ئون ياشقا كىرگەن يىلى بەختىگە قارشى ئۇنىڭ ئانىسى ئالەمدىن ئۆتۈپ كېتىپتۇ.

پادىشاھ بىلەن شاھزادە ئىنتايىن قايغۇرۇپتۇ.

بىر يىل ئۆتكەندىن كېيىن، پادىشاھ يەنە بىر خوتۇنغا ئۆيلىنىش

ئارزۇسىدا بوپتۇ ۋە:

— خوتۇنۇم ئۆلۈپ كەتكىنىگە بىر يىل بولدى. يىغلاۋېرىپ مېنىڭ ۋە پۇقرالىرىمنىڭ كۆز يېشى قۇرۇپ كېتەي دېدى. دېمىسىمۇ كۆز يېشى بىلەن ئۇنى تىرىلدۈرۈۋالغىلى بولمايدۇ. شۇڭا مەن ئۆيلىنىشىم كېرەك، — دەپتۇ.

دېگەندەك پادىشاھ توي قىپتۇ. توي قىلىپ بىر يىل بولار - بولمايلا پادىشاھنىڭ خانىشى بىر ئوغۇل تۇغۇپتۇ.

خانىش ئوغلىنى ئىنتايىن ياخشى كۆرىدىكەن. لېكىن، چوڭ شاھزادىنىڭ پادىشاھلىق ئورنىغا ۋارىسلىق قىلىشىدىن ئىنتايىن ئەنسىرەيدىكەن.

ئۇ: «پادىشاھ ئۆلگەندىن كېيىن، كىچىك شاھزادە تەختكە ۋارىسلىق قىلىشى كېرەك» دەپ ئويلايدىكەن. ئۆز ئوغلىنى تەخت ۋارىسى قىلىش مەقسىتىگە يېتىش كويىدا يۈرگەن خانىش ئوغلى تۆت ياشقا كىرگەندە بىر ئايال داخانىنى ئىزدەپ تېپىپ ئۇنىڭغا:

— مېنىڭ بىر ئىشىم بار ئىدى. مۇبادا، چوڭ شاھزادە ھايات بولسىلا، پادىشاھ ئۆلگەندىن كېيىن، ئۇ تەختكە ۋارىس بولىدۇ. ئۇنداقتا مېنىڭ ئوغلۇم خارلىنىپ قالىدۇ. قانداق قىلساق بولار؟ — دەپتۇ.

سىلى چوڭ شاھزادىنى ئۆلتۈرۈۋېتىسىلە! — دەپ گەپ ئۆگىتىپتۇ ئايال داخان، — سىلى بىر ئورا كولاپ، ئىچىگە بىر نەچچە تال پىچاقنى ئۇچىنى ئۈستىگە قارىتىپ سانجىپ قويسىلا، ئاندىن ئۈستىنى رەخت بىلەن يېپىپ، توپا يېيىتىپ قويسىلا، لېكىن، زادىلا چېنىپ قالمىسۇن، باشقا يەر بىلەن ئوپمۇ ئوخشاش بولسۇن، ئاندىن بۇ ئورىنىڭ يېنىغا چوڭ قاشا تام سالدۇرسىلا، بۇ ئىشلارنى قىلىپ بولغاندىن كېيىن، چوڭ شاھزادىگە، بۇ قاشادىن سەكرەپ ئۆتەلەمسەن، دېسىلە. ئۇ ئەمدىلا ئون تۆت ياشقا كىرگەن

www.uyghurkitap.com

تۇرسا، بۇ ئىگىز تۇسۇقتىن قانداق قىلىپ ئۆتەلەيدۇ. ئۆتكەن تەقدىردىمۇ ئورىغا چۈشۈپ پىچاققا سانجىلىپ ئۆلىدۇ. مۇشۇنداق قىلىپ ئۇنى كۆزدىن نېرى قىلۋەتسىلە!

بىر كۈنى چوڭ شاھزادە ئۆزى ياخشى كۆرىدىغان تۇلپىرىنى مىنىپ، پادىشاھ ئوردىسىغا كىرىپتۇ. ئۆگەي ئانىسى ئۇنى چاقىرىپ:

— شاھزادە، مەن سەن بىلەن قول باغلىشىمەن، سەن ئاۋۇ قاشادىن سەكرەپ ئۆتەلمەيسەن! — دەپتۇ.

— مەن ئۆتۈپ كېتەلەيمەن! بۇ بەك ئاسان ئىش! — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ شاھزادە ئىشەنچ بىلەن.

بۇ چاغدا ئۇنىڭ تۇلپىرى نەجىم ئۆز تىل بىلەن چوڭ شاھزادە خەمىدكە:

— ئەي مىنىڭ ئىگەم! مېنى مىنمەي تۇرۇپ ئۆزۈڭنى كۆرستىمەن دېمە! — دەپتۇ.

بۇ خەۋەرنى ئاڭلىغان چاكارلىرى كېلىپ چوڭ شاھزادىنى قاشادىن سەكرىمەسلىككە ئۈندەپتۇ. خەمىد تۇلپارغا مىنىپتۇ - دە، ئۇنى دىۋىتكەن پېتى قاشادىن سەكرەپ ئۆتمەكچى بوپتۇ. تۇلپار بىر سەكرەپلا ئىگىز قاشادىن ئۆتۈپ كېتىپتۇ. لېكىن، يەرگە چۈشكەندە تۇلپارنىڭ ئارقا پۇتى ھېلىقى ئورىغا چۈشۈپ كېتىپ، تۇسۇپ قويغان رەختنى يىرتىپ تاشلاپتۇ. شۇنىڭ بىلەن ھېلىقى ئۆتكۈر تىغلار ھەممىگە ئاشكارىلىنىپ قاپتۇ.

— ياپىر! بەختىگە يارىشا چوڭ شاھزادە ھېلىمۇ ياخشى ئاتلىق سەكرەپتىكەن! بولمىسا پىچاقلار سانجىلىپ ئۆلەر ئىكەن! — دەپ ۋارقىرىشىپ كېتىپتۇ چاكارلار. لېكىن، قارا نىيەت ئۆگەي ئانا:

— بۇ ئۆچى بار ئادەملەرنىڭ قىلغان ئىشى! — دەپ ۋارقىراپتۇ.

ئۇ يۈگۈرۈپ كېلىپ خەمىدنى باغرىغا بېسىپ يالغاندىن كۆز

يېشى قىلىپتۇ ۋە:

— خۇداغا شۈكۈر، سېنى ئاللا ئىگەم ئۆز پاناھىدا ساقلاپ قالدى! بۇ ئىشنى ھەرگىز كۆڭلۈڭگە ئالما. مەن تۇخۇم پوشكىلى پىشۇرۇپ بېرەي. شۇنىڭ بىلەن، كۆڭلۈڭ ئارامىغا چۈشۈپ قالار، — دەپتۇ.

ئۆگەي ئانىسى دېگەندەك تۇخۇم پوشكىلى پىشۇرۇپتۇ. پوشكالنىڭ يېرىمىغا يەرنىڭ شەكلىنى چۈشۈرۈپتۇ. ئۇنىڭدا ئورمان، زىرائەت، ئات، شىرلارنىڭ رەسىمى بار ئىكەن. يەنە بىر يېرىمىغا دېڭىزنىڭ سۈرىتى چۈشۈرۈلگەن بولۇپ، كۆپكۆك دېڭىزدا بېلىق، كېمە، دېڭىز يىلىنى بار ئىكەن. ئۆگەي ئانىسى بۇ پوشكاللارنى خەمىدنىڭ ئالدىغا قويۇپ:

— خەمىد سەن دېڭىزنىڭ سۈرىتى چۈشۈرۈلگەننى يە، ئۇكاڭ يەرنىڭ سۈرىتى چۈشۈرۈلگەننى يېسۇن! — دەپتۇ.

ئۇ ئۆز ئوغلىنى چاقىرىپ چوڭ شاھزادىنىڭ ئالدىغا ئولتۇرغۇزۇپ قويۇپ، ئاندىن ئۇلارغا چاي دەملەپ بەرگىلى چىقىپ كېتىپتۇ. خەمىد ئۆزىگە بۆلۈپ بەرگەن پوشكالدىن بىر ئاز ئېلىپ دەرۋازا ئالدىغا يۈگۈرۈپ چىقىپتۇ-دە، تۇلپارغا بېرىپتۇ. لېكىن، ئۇنىڭ نەجىم ئاتلىق تۇلپارى پوشكالنى يېگىلى ئۇنىماپتۇ. ئۇ خەمىدكە:

— سەن دېڭىزنىڭ سۈرىتى چۈشۈرۈلگەن پوشكالنى ھەرگىز يېگۈچى بولما، يېسەڭ يەرنىڭ رەسىمى چۈشۈرۈلگەن پوشكالنى يېگىن. دېڭىزنىڭ رەسىمى چۈشۈرۈلگەن پوشكال ئاچچىق ھەم بەتتەم، — دەپتۇ.

خەمىد ئورنىغا قايتىپ كېلىپ، ئۆز ئالدىغا قويۇلغان پوشكالنى ئالماشتۇرۇپ قويۇپتۇ. ئۆگەي ئانىسىنىڭ ئوغلى دېڭىزنىڭ سۈرىتى چۈشۈرۈلگەننى، ئۆزى يەرنىڭ سۈرىتى چۈشۈرۈلگەننى يەپتۇ. يەرنىڭ

سۈرىتى چۈشۈرۈلگەن پوشكال تاتلىق ھەم مەززىلىك ئىكەن. لېكىن، ئۇنىڭ ئۈكىسى پوشكالنىڭ ئاچچىقلىقىدىن چىرايلىرىنى پۈرۈشتۈرۈپ:

دېڭىزنىڭ سۈرىتى چۈشۈرۈلگىنى ئاچچىق ئىكەن! بەك ئاچچىق ئىكەن! — دەپتۇ.

شۇنداق بولمامدىغان، ئەزەلدىن يەر دېڭىزدىن تاتلىق بولىدۇ! — دەپتۇ خەمىد.

پوشكال يېيىلىپ بولغاندىن كېيىن، كىچىك شاھزادە:

— قورسىقىم بەك ئاغرىپ كېتىۋاتىدۇ! — دەپتۇ.

ئۇ شۇنداق دەپلا يەردە دومىلاپ قورسىقىنى چىڭ تۇتقىنىچە تولغۇنۇپ، ئىنتايىن بىچارە ھالغا چۈشۈپ قاپتۇ. بۇ ھالدىن قورقۇپ كەتكەن خەمىدنىڭ ئۆڭى ئۆچۈپ كېتىپتۇ.

ئۆگەي ئانا ئالدىراپ يۈگۈرۈپ كىرىپ، كۆزلىرىنى چەكچەيتىپ، شاللىرىنى ئېقىتىپ:

— پوشكالنىڭ ئورنىنى چوقۇم سەن ئالماشتۇرۇپ قويۇپسەن! — چوقۇم سەن شۇنداق قىپسەن! — دەپتۇ خەمىدكە ۋارقىراپ.

خەمىد بۇ ئىشتىن قورقۇپ كېتىپ ئۆز-ئۆزىگە: «بۇ جادۇگەر خوتۇن ماڭا زىيانكەشلىك قىلماقچى ئىكەن-دە،» دەپتۇ.

خەمىد دەرھال دادىسىنىڭ يېنىغا بېرىپ بۇ ئىشنىڭ جەريانىنى يېپىدىن-يىڭنىسىگىچە پادىشاھقا سۆزلەپ بېرىپتۇ. لېكىن، دادىسى بۇنىڭغا چىنپۇتمەي ئۇنى ئەيىبلەپ:

— سەن ئۆگەي ئاناڭدىن گۇمانلىنامسەن؟ ئۇ قانداق قىلىپ سېنى زەھەرلەپ ئۆلتۈرمەكچىكەن؟ ئۇ ساڭا ھەرگىز زىيانكەشلىك قىلمايدۇ. خۇددى ماڭا ئىشەنگىنىمدەك سېنى ئەزىزلەيدۇ. چۈنكى سەن مېنىڭ بالام. ئۇنىڭ ساڭا ئىچى كۆيىدۇ! بولمىسا ئۆز ئوغلىنى

www.uyghurkitap.com

ئۆلتۈرۈشتەك خەتەرلىك ئىشنى قىلامتى؟ ئىشەن، پوشكالدا زەھەر يوق! ئۇكاڭ ئۇچىيى ئالمىشىپ ئۆلۈپ قالغان ئوخشايدۇ. سەن بۇ يوقىلاڭ خىياللارنى كاللاڭدىن چىقىرىۋەت! ئۇ سېنى جېنىدىن ئەزىز كۆرىدۇ. ئۇنى ھۆرمەت قىلىشىڭ كېرەك! — دەپتۇ.

چوڭ شاھزادە ئۆگەي ئانىسىدىن قورقىدىغان، ئۇنى يامان كۆرىدىغان بولۇپ قاپتۇ. ئۆگەي ئانا ئۆز كارىۋىتىدا قوپماي ياتىدىغانلا بولۇپ قاپتۇ، ئۆز ئوغلىدىن ئايرىلىش ئازابىدا ئۆرتىنىپ، ھە دېگەندىلا چوڭ شاھزادىگە بولغان ئۆچمەنلىكى تېخىمۇ كۈچىيىپتۇ. ئۇ ئايال داخاننى چاقىرىپ كېلىپ ئۇنىڭدىن باشقىچە ئامال تېپىپ بېرىشىنى تەلەپ قىپتۇ.

— ھېلىقى تۇلپار چوڭ شاھزادىنى ئاگاھلاندۇرىدىكەن. ئۇمۇ ئاتنىڭ تىلىنى بىلىدىكەن. شۇڭا سىلى ئالدى بىلەن تۇلپارنى ئۇجۇقتۇرۇۋەتسىلە، ئاندىن چوڭ شاھزادىنى ئۆلتۈرۈۋەتكىلى بولىدۇ، — دەپتۇ ئايال داخان.

پادىشاھ كېلىپ خوتۇنىغا تەسەللى بېرىپتۇ. ئىچىدىن زەھەر قايناپ تۇرغان كىچىك خانىش يىغلامسىراپ:

— ئوغلۇمدىن ئايرىلدىم، قانتىمدىن قايرىلدىم، مەن ئاتنىڭ گۆشىنى يېمىسەم ئەمدى ياشىيالمايمەن. لېكىن، مەن دېگەن ئات قېيغىتىپ سەكرەپ يۈرىدىغان، يېشى ئون تۆتلەردە بولغان، بېشىدا قاشقىسى بار تۇلپار بولۇشى كېرەك. ۋاي ئىسىت، ئۇنداق تۇلپارنى نەدىنمۇ تاپارمەن؟ — دەپ دەرد تۆكۈپتۇ.

پادىشاھ خوتۇنىنىڭ سۆزىنى ئاڭلاپ تاغنى يەلكىسىدىن ئېلىۋەتكەندەك خۇشال بولۇپتۇ ـ دە:

— خەمىدىنىڭ نەچچى دەل سەن دېگەن تۇلپارنىڭ ئۆزى. بىراق ئۇ كېسىلىڭنى ساقايتىشتا جېنىدىن ئەزىز تۇرىدىغان تۇلپىرىنىڭ مېھرىدىن كېچەلەرمۇ؟ — دەپتۇ.

پادىشاھ خەمىدنى چاقىرتىپ ئۇنىڭغا:

— ئۆگەي ئانائىڭنىڭ كېسىلى نەجمىنىڭ گۆشىنى يېسە ساقىيىدىكەن، — دەپتۇ.

خەمىد ئالاق - جالاق بولۇپ نېمە قىلىشنى بىلمەي:

— بۇنداق قىلساق بولامدۇ؟ مەن نەجمىنى جېنىمدىنمۇ ئارتۇق كۆرىمەن، — دەپتۇ.

بىراق پادىشاھ قاتتىق تۇرۇۋېلىپ:

— سەن داداڭنىڭ بۇيرۇقىغا ھۆرمەت قىلامسەن - يوق؟ مېنىڭ ئالدىمدا تۇلپىرىڭنى خوتۇنۇمدىن ئۇستۇن قويۇۋاتىسىنا؟ دەرھال تۇلپىرىڭنى ئەپكەل، ئۇنى ئۆزۈم سويىمەن! ماڭ! ئىش مەن دېگەندەك بولسۇن! — دەپتۇ.

خەمىد يىغلاپ بېقىپتۇ، ئۇنىڭغا دادىسىنىڭ بۇيرۇقىنى ئورۇنلىماستىن باشقا نەچارە، بىراق ئۇ:

— مەن ئالدى بىلەن نەجمىنى يۇيۇپ كېلەي، — دەپتۇ.

خەمىد نەجمىنى يېتىلەپ دەريا بويىغا كەپتۇ. ئۇ كىيىم - كېچەكلىرىنى سېلىۋېتىپ، تۇلپىرى بىلەن بىللە سۇغا سەكرەپ چۈشۈپ، ئۇنى يۇيۇشقا باشلاپتۇ. لېكىن، ئۇ تۇلپارنىڭ يىغلاۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ ئۆزىمۇ ئىختىيارسىز يىغلاپ تاشلاپتۇ. ئۇ تۇلپارنىڭ تىلى بىلەن نەجمىگە:

— سەن يىغلىما، نەجىم، بۇ بەختسىزلىكنى مېنىڭدىن كۆر! — دەپتۇ.

كىيىمىڭنىڭ يانچۇقىدا بىر خەنجەر بار. مەن ئۆلگەندىن كېيىن ئۆگەي ئاپاڭ چوقۇم سېنى ئۆلتۈرىدۇ! — دەپتۇ نەجىم.

— بىراق مەندە دادامنىڭ بۇيرۇقىغا بويسۇنۇشتىن باشقا چارە يوق، — دەپتۇ خەمىد يىغلاپ تۇرۇپ.

نەجىم ھەر قانداق تۇلپاردىن ئەقىللىق ئىكەن. ئۇ خەمىدكە:

— سەن كىيىملىرىڭ بىلەن ئىگىرىمنى قىرغاققا تاشلاپ قوي، ئاندىن خەنجەر ۋە بۇ نەرسىلەرگە قاننى سۈركەپ قويغىن. كېيىن بىز يىراق بىر دۆلەتكە قېچىپ كېتەيلى. ئۇ يەردە سېنىڭ سۆيگىنىڭ بار. ئەگەر سەن ئۇنى قۇتۇلدۇرمىساڭ، ئۇمۇ زىيانكەشلىككە ئۇچرايدۇ. ئۇلار قىرغاقتىكى قان ئىزلىرى بىلەن مېنىڭ ئىگىرىمنى، سېنىڭ كىيىملىرىڭنى كۆرۈپ، خەمەد تۇلپار بىلەن ئۆزىنى ئۆلتۈرۈپتۇ. جەسەتلەرنى دەريا ئېقىتىپ كېتىپتۇ، دەپ قالىدۇ. ئۆگەي ئاپاڭ سېنىڭ ئۆلگەنلىكىڭنى ئاڭلىسا، خۇشاللىقىدىن قىنىغا پاتماي كېتىدۇ. داداڭمۇ ئۇنى داۋالاشتىن قۇتۇلۇپ قالىدۇ، — دەپتۇ.

خەمەد تۇلپارنىڭ گېپىگە قوشۇلۇپتۇ. ئۇ، دەريادىن چىقىپ، ئورمانلىقتىن بىر ئۆچكىنى تۇتۇپ كەپتۇ ـ دە، ئۇنى ئۆلتۈرۈپ، ئۇنىڭ قېنىنى ئۆزىنىڭ كىيىمىگە ۋە ئىگەرگە تامدۇرغاندىن كېيىن، ئۆچكىنى دەرياغا تاشلىۋېتىپتۇ، شۇنداق قىلىپ، خەمەد تۇلپارغا مىنىپتۇ ـ دە، چېپىپ كېتىپتۇ.

— سەن تېز چاپقىن، مەن سۆيگىنىمنى كۆرەي! — دەپتۇ شاھزادە.

تۇلپار خەمەدنى ئېلىپ، كېچە ـ كۈندۈز يول يۈرۈپ تاغلاردىن ھالقىپ، دېڭىزلاردىن ئۆتۈپتۇ. بۇ يەرلەردە ئادەم بولمىغاچقا، ئۇلارنى ھېچكىم كۆرمەپتۇ. تۇيۇقسىز ھاۋا ئۆزگىرىپ، قاتتىق بوران چىقىپ، يامغۇر ۋە مۆلدۈر يېغىپتۇ. خەمەد ئۇستىگە ھېچنېمە ئارتمىغانلىقتىن بەكمۇ مۇزلاپ كېتىپتۇ. لېكىن، ئۇ ھېچنېمىدىن غەم قىلماپتۇ. تۇلپارمۇ قىلچە بوشاشماي چېپىۋېرىپتۇ.

ئەتىسى تاڭ سەھەردە قىپقىزىل قۇياش شەرقتىن ئاستا-ئاستا كۆتۈرۈلۈشكە باشلاپتۇ. ئۇلارنىڭ كۆز ئالدىدا پىل چىشىدىن ياسالغان بىر قەلئە ئايان بوپتۇ.

— سىنىڭ سۆيگۈنىڭ مۇشۇ يەردە تۇرىدۇ، لېكىن سەن چوقۇم پەخەس بولۇشۇڭ كېرەك. چۈنكى بىر ئالۋاستى بۇ قەلئەنى ئۆز ئىلكىدە تۇتۇپ تۇرىدۇ. ئالۋاستى ئۇنى قاماپ قويغان، ئۇ قاچالمايدۇ. سەن ئۇنىڭغا ياردەم قىلمىساڭ بولمايدۇ. شۇڭا سەن بۇ يەرگە يوشۇرۇنۇۋېلىپ، ھېلىقى ئالۋاستى قەلئەدىن چىققاندىن كېيىن، سەن كىرىپ سۆيگۈنىڭ بىلەن مەسلىھەتلەش، ئاندىن ئالۋاستىنى ئۆلتۈرەلەيسەن، — دەپتۇ تۇلپار.

خەمىد تۇلپارنىڭ گەپلىرىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن بىر يارغا يوشۇرۇنۇۋاپتۇ.

شۇ چاغدا، قەلئەنىڭ چوڭ دەرۋازىسى ئېچىلىپ بەھەيۋەت بىر ئالۋاستى چىقىپ كەپتۇ. ئۇ بويى تېرەكتەك، چوڭلۇقى كالىدەك كېلىدىغان بېشىدا ئىككى مۈڭگۈزى بار، ھوڭگۈل چىشلىق، قوللىرى ئارىدەك، گەدىنى ئۈچ چى كېلىدىغان مەخلۇق ئىكەن. ئالۋاستى خەمىد بىلەن تۇلپارنىڭ قەلئەگە يېقىن بىر جايغا يوشۇرۇنۇۋالغانلىقىنى بىلمەي، ئوۋ قىلىش ئۈچۈن تاغقا ئالدىراپ يۈرۈپ كېتىپتۇ.

خەمىد يۈگۈرۈپ كېلىپ قەلئەنىڭ چوڭ دەرۋازىسىنى ئېچىپ كىرىپتۇ. ئالۋاستى پەلەمپەيلەرگە لاي تۆكۈۋەتكەچكە باسقۇچلار ناھايىتى تېيىلغاق بولۇپ كەتكەنكەن. خەمىد خېيىم - خەتەرگە قارىماي قەلئەنىڭ ئىچىگە كىرىپتۇ. بۇ چىرايلىق قەلئە ئۇنى ھەيران قالدۇرۇپتۇ. ئۇ يىل چىشى، بىليارت ھەم ئالتۇندىن ياسالغانكەن. خەمىد ھودۇقۇپ قاپتۇ. چۈنكى بۇ قەلئەنىڭ بەزى جايلىرى ئادەمنىڭ باش سۆڭىكى ۋە ئۇستىخانلىرىدىن دەستلەپ ياسالغانكەن. خەمىدنى شۇئان سۈر بېسىپتۇ. خۇددى ئالۋاستى سوغۇق قوللىرى بىلەن بويىنىنى بوغۇۋالغاندەك دېمى سىقىلىپ كېتىپتۇ. نۇرغۇن سوغۇق، كۆچلۈك قوللار گويا ئۇنىڭ گەجگىسىگە قول سالغاندەك قورققىنىدىن



شۇركۇنۇپ كېتىپتۇ. خەمىد كەينىگە قارىغۇدەك بولسا راستتىنلا بىر ئىسكىلىتنىڭ چاپلىشىۋالغانلىقىنى بايقاپتۇ. ئۇ جان ئاچچىقىدا ئىلىشىپتۇ - ئىلىشىپتۇ... لېكىن ئۇنىڭدىن زادى قۇتۇلالماپتۇ.

كېيىن بۇ ئىسكىلىت ئادەمنىڭ قورققۇسى كەلگۈدەك غەلىتە سەت ئاۋاز بىلەن چىرقىراپتۇ ۋە:

— مېنىڭچە سەن ئادەمزات ئىكەنسەن. ئالۋاستى مېنى قول قىلىپ ئىشلىتىۋاتىدۇ. مۇبادا سەن ماڭا ياخشىلىق قىلساڭ، مېنى دىنىي رەسمىيەتلەر بويىچە دەپنە قىلىشقا ۋەدە قىلساڭ، مەن سېنىڭ بۇ ئالۋاستىنى يوقىتىشىڭغا ياردەم بېرىمەن. مەنمۇ ئۇنىڭدىن قۇتۇلۇپ ئەركىنلىككە ئېرىشەلەيمەن، — دەپتۇ.

خەمىد بۇ ئىسكىلىتتىن قاتتىق قورقۇپ كېتىپ: «مەن قانداق قىلىپ بۇ قورقۇنچلۇق مەخلۇقنى دوست تۇتاي» دەپ ئويلاپتۇ. لېكىن ھېلىقى ئىسكىلىتنىڭ قولى خەمىدنىڭ گەجگىسىدىن شۇنداق چىڭ قاماللاپ ئاپتۇكى، ئۇنىڭدىن قۇتۇلۇش تەسكە چۈشۈپتۇ. بۇ چاغدا «دوست بولۇش، دوست بولمىغانغا قارىغاندا كۆپ ياخشى. بۇ ئىسكىلىت ئەسلىدە ئالىيجاناب ئادەم ئوخشايدۇ» دېگەن ئوي خەمىدنىڭ كۆڭلىدىن كېچىپتۇ. ئاخىرى شاھزادە:

— بولىدۇ! مەن ساڭا دوست بولاي. سەنمۇ مېنى خۇددى ئۆز ئوغلۇڭدەك كۆرگىن، مەن سېنى ئۆز قولۇم بىلەن دەپنە قىلاي! — دەپتۇ.

بۇ گەپنى ئاڭلاپ ئىسكىلىت شۇ زامان خەمىدنى قويۇپ بېرىپتۇ، لېكىن ئۇنىڭ قاماللاپ تۇتقان جايى كۆكىرىپ ئىششىپ كېتىپتۇ.

ئىسكىلىت قەلئەنىڭ پەلەمپەيلىرىدىن چىقىۋېتىپ خەمىدكە:

— مېنىڭ كەينىمدىن ماڭ! — دەپتۇ.

شۇنداق قىلىپ، خەمىد ئىسكىلىتقا ئەگىشىپ قەلئەگە

چىقىپتۇ. ئۇلار بىر ئىشىكتىن ئۆتۈپ، چىراي - تۇرقى كېلىشكەن بىر قىزنى ئۇچرىتىپتۇ. بۇ قىز يىغلاپ ناھايىتى مەيۈس ئولتۇرغانىكەن، ئۇ شۇنداق بىشىنى كۆتۈرۈپ، ئىسكىلىتنىڭ ئۆز ئالدىدا تۇرغانلىقىنى كۆرۈپ قورققىنىدىن تۇگۈلۈپلا قاپتۇ. بىر ئازدىن كېيىن، ئۇ قەددى - قامىتى كېلىشكەن، ئىللىق چىراي خەمىدنى كۆرۈپ ھەيران بوپتۇ. ئۇ دەرھال كۆز ياشلىرىنى سۈرتۈپ چىرايىغا كۈلكە يۈگۈرۈپتۇ ۋە:

— سىز راستىنلا ئادەمزاتمۇ؟ — دەپ سوراپتۇ.

خەمىد ئۆزىنىڭ ئادەمزات ئىكەنلىكىنى ئېيتىپتۇ، قىز ئۇنىڭ گېپىگە ئىشىنىپتۇ، ئاندىن ئۇ، بىر ساندۇقتىن يىپەك ۋە زەر رەختتىن تىكىلگەن چىرايلىق كىيىملەرنى ئېلىپ:

— سىز بۇ كىيىملەرنى كىيىۋېلىڭ! بۇ كىيىملەر ئۇكامنىڭ ئىدى، ئۇنى پادىشاھلىقىمىزنى تارتىۋالغان ئالۋاستى يەپ كەتتى! — دەپتۇ.

قىز يىگىتنىڭ گەجگىسىدىكى يارا ئىزىنى كۆرۈپقاپتۇ- دە، دەرھال زەيتۇن يېغى ئېلىپ چىقىپتۇ. لېكىن، بۇ چاغدا ئىسكىلىت:

— ۋاقىت ئاز قالدى. ئالۋاستى ھازىرلا كېلىپ قالىدۇ! سىلەر ئالدى بىلەن ئۇنىڭ جېنىنى تېپىڭلار، ئاندىن ئۇنى ئۆلتۈرەلەيسىلەر، — دەپتۇ.

— ئۇنداق بولسا، ئۇنىڭ جېنى قەيەردە؟ — دەپ سوراپتۇ خەمىد.

— ئۇنىڭ جېنى بىر قۇتىنىڭ ئىچىدە. بۇ قۇتا تاغدىكى بىر قارا قوينىڭ پۇتىغا چىگىپ قويۇلغان! — دەپتۇ ئىسكىلىت.

شۇنداق قىلىپ، خەمىد كىيىمنى كىيىپ، خەنجىرىنى ئېسىپ، ئىسكىلىت بىلەن تاغقا قاراپ يول ئاپتۇ. ئۇلار كۆپ ئولتۇرغۇچە ئىزدەپ، ئاران دېگەندە پۇتىغا قۇتا باغلاپ قويۇلغان قارا قوينى

تېپىپتۇ. خەمىد قۇتىنى يېشىۋاپتۇ، لېكىن ئۇنى زادى ئاچالماپتۇ.

— ئۇنى ئالۋاستىنىڭ خەنجىرىدىلا ئاچقىلى بولىدۇ. ئېچىلغان هامان ئالۋاستىمۇئۆلىدۇ. شۇڭا سەن بىر ئامال قىلىپ ئالۋاستىنىڭ خەنجىرىنى قولغا چۈشۈرۈپ، ئۆزۈڭنىڭ خەنجىرىنى ئالۋاستىغا بېرىشىڭ كېرەك. ئالۋاستى بىلەن ئېلىشىش جەريانىدا سەن ئۇنىڭ خەنجىرى بىلەن قۇتىنى تېشىۋەتسەڭ ، ئۇ ئاندىن پۈتۈنلەي تۈگىشىدۇ، — دەپتۇ ئىسكىلىت.

خەمىد قۇتىنى ئېلىپ قەلئەگە قايتىپ كەپتۇ ۋە هېلىقى پەرىزاتنىڭ يېنىغا كىرىپ ئۇنىڭغا:

— ئالۋاستى قايتىپ كەلگەندىن كېيىن مېنىڭ ئۇنى ئۆلتۈرۈشۈمگە ئاسان بولسۇن ئۈچۈن سىز ئۇنىڭغا ئاجايىپ كۆيۈنگەن بولۇپ، ئۇنىڭ خەنجىرىنى ئېلىۋېتىڭ، ئاندىن ئۇ خەنجەرنى پەردىگە يېقىن جايغا قويۇپ قويۇڭ، — دەپتۇ.

خەمىد شۇ گەپنى ئېيتىپلا پەردىنىڭ كەينىگە يوشۇرۇنۇۋاپتۇ. ئىسكىلىت پەلەمپەي يېنىدا تۇرۇپتۇ. نەجمىمۇ بىر يەرگە يوشۇرۇنۇۋاپتۇ.

بىر پەستىن كېيىن قەلئە سىرتىدىن ئادەم قورققۇدەك بىر ئاۋاز ئاڭلىنىپتۇ. ئاندىن بىر سېسىق پۇراق قەلئەنى بىرلا ئاپتۇ. بۇ ئالۋاستىنىڭ قايتىپ كەلگەنلىكىدىن ئالدىن بېرىلگەن دېرەك ئىكەن. ئالۋاستى پەلەمپەيگە چىقىشىغا ئىسكىلىت ئىشىكنى ئېچىپ بېرىپتۇ.

— سەن ئوغ قىلىپ هېرىپ كەتتىڭ، خەنجىرىڭنى ئېلىۋەتكىن! — دەپتۇ قىز ئالۋاستىغا.

قىز شۇنداق دەپلا ئالۋاستىنىڭ خەنجىرىنى ئېلىۋېتىشكە ياردەم قىپتۇ هەم ئۇنى پەردىگە يېقىن بىر جايغا قويۇپ قويۇپتۇ. ئالۋاستى ئولتۇرغاندىن كېيىن، قىزنى تىزىغا كېلىپ ئولتۇرۇشقا تەكلىپ قىپتۇ. قىز پەردىنى تۈيۈقسىز ئېچىپ تاشلاپتۇ. خەمىد شارتتىدە

چىقىپ ئالۋاستىنىڭ خەنجىرىنى ئېلىۋاپتۇ ـ دە، ئۆزىنىڭ خەنجىرىنى ئالۋاستىغا تاشلاپ بېرىپتۇ. ئالۋاستى ئورنىدىن چاچراپ تۇرۇپ خەمىدنى ئۆلتۈرمەك بوپتۇ ۋە ۋارقىراپ ـ جارقىرىغان پېتى ئۇنىڭغا ئېتىلىپتۇ. ئالۋاستىنىڭ خەنجىرى بەك ئېغىر بولغاچقا، خەمىد ئۇنى قىنىدىن سۇغۇرالماپتۇ، شۇ ئەسنادا ئىسكىلىت ۋە قىزنىڭ ياردىمى بىلەن خەنجەرنى قىنىدىن چىقىرىۋاپتۇ. شۇ ئارىلىقتا ئالۋاستى قول سالاي دەپ تۇرۇشىغا خەمىد دەرھال قوتىنىنى يەرگە قويۇپ ئالۋاستىنىڭ خەنجىرى بىلەن ئۇنى تېشىپ تاشلاپتۇ. ئالۋاستى يەرگە دۈمچۈشۈپ ئۆلۈپتۇ. ئۇنىڭ چىشى خەمىدنىڭ قولىقىنىڭ ئازراق يېرىنى زىدە قىلىپ قويۇپتۇ.

مەلىكە، خەمىد ۋە ئىسكىلىت ئالۋاستىنىڭ ئۆلۈكىنى قەلئەدىن ئېپچىقىپ كۆمۈپ تاشلاپتۇ. ئاندىن كېيىن، خەمىد ئىسكىلىتنى دەپنە قىلىش ئۈچۈن بىر يەرلىك كولاپتۇ. لېكىن، ھېلىقى ئىسكىلىت خەمىدكە:

— مەن يەرلىكىمدە ئارامى خۇدا يېتىشتىن ئىلگىرى ساڭا رەھمەت ئېيتىمەن. سېنىڭ ئەڭ ئاخىرقى قېتىم خىزمىتىڭدە بولۇشنى خالايمەن، — دەپتۇ.

ئىسكىلىتشۇنداق دەپلا ئالۋاستىنىڭ خەنجىرىنىئاپتۇ ـ دە، قىزنىڭ بېشىغا تەڭلەپتۇ. خەمىد بىلەن قىز قورققىنىدىن چىرقىراپ تاشلاپتۇ. لېكىن قىز ئاغزىنى ئېچىشىغىلا ئاغزىدىن بىر يېشىل يىلان چىقىپتۇ. ئىسكىلىت يىلاننى ئۆلتۈرۈپتۇ. قىزنىڭ ھېچ يېرى زەخىملەنمەپتۇ. خەمىد بىلەن مەلىكە بۇ يىلانغا ھەيران بوپتۇ.

— مەن ئۇنىڭ ئىچىمدە ئىكەنلىكىنى نېمىشقا بىلمىگەندىمەن! — دەپتۇ قىز.

— بۇ ئالۋاستىنىڭ ئەڭ ئاخىرقى جېنى، ئەمدى سىلەرگە ھېچقانداق خەتەر يوق، — دەپتۇ ئىسكىلىت.

www.uyghurkitap.com

قىز غارنىڭ ئىچىگە يوشۇرۇنۇۋالغان بۇ ئەلنىڭ پۇقرالىرىنى يىغىپتۇ ۋە ئىسكىلىتقا ماتەم مۇراسىمى ئۆتكۈزۈپ ئەلگ داغدۇغىلىق قائىدە ـ يوسۇن بىلەن ئۇنى يەرلىكىدە قويۇپتۇ. بۇ ئىشلار تۈگىگەندىن كېيىن، خەمىد مەلىكە بىلەن توي قىپتۇ. ئۇلار بۇ قەلئەدىن تۆگىلەرگە ئالتۇن ـ كۈمۈشلەرنى ئارتىپ، تۇلپارغا مىنىپ ئۆز دۆلىتىگە قايتىپ كەپتۇ.

خەمىد ئوردىغا كىرىپ دادىسىغا تەزىم بەجا قىلغاندىن كېيىن:

— مەن نۇرغۇن دەپىن ـ دۇنيا بىلەن خوتۇن ئېلىپ قايتىپ كەلدىم. مەن دەسلەپ ئۆگەي ئانام بىلەن كۆرۈشۈپ قول باغلىشىمەن. ئۇ بۇنىڭدىن كېيىن مېنى ۋە تۇلپارىمنى ئۆلتۈرەلمەيدۇ، لېكىن مەن ئۇنى مەن بىلەن شەرتلەشمەسمىكىن دەپ ئەنسىرەيمەن! — دەپتۇ.

خەمىدنىڭ دادىسى ئۇنى قۇچاقلاپ تۇرۇپ:

— ئۆگەي ئاناڭ ئۆلۈپ كەتتى. شۇ كۈنى مەن سېنىڭ قان يۇقى كىيىمىڭنى كۆرۈپ قاتتىق قايغۇردۇم. سېنى ئۆلگەن ئوخشايدۇ دەپ جەسىتىڭنى ئىزدەپ تاپالمىدىم. بىراق ئۆگەي ئاناڭ سېنىڭ ئۆلگەنلىكىڭ توغرىسىدىكى خەۋىرىڭنى ئاڭلىغاندىن كېيىن، خۇددى ساق ئادەمدەك كارىۋاتتىن تۇرۇپ كەتتى. ئۇ تۇلپارنىڭ گۆشىنى يېمىسەم ئۆلىمەن، دېگەنىدى. لېكىن، ئۇ ئۆلمىدى. شۇندىلا ئۇنىڭ يىغىسىنىڭ يالغان يىغا ئىكەنلىكىنى بىلىۋالدىم. ئۇنىڭ كۆڭلىدە، سېنى ئۆلتۈرۈش نىيىتى بار ئىكەن! مەن ئۇنىڭ قارا نىيىتىنى بىلىۋېلىپ شۇ زامات ئۇنىڭ كاللىسىنى تېنىدىن جۇدا قىلدىم! ئاقىۋەت مەن ھەممە ئىشنىڭ ئاشۇ خوتۇننىڭ يامان نىيىتىدىن بولغانلىقىنى بىلىپ يەتتىم! — دەپتۇ.

پادىشاھ خەمىدنى قىزغىنلىق بىلەن قۇچاقلاپ، ئۇنىڭ ئامان ـ ئېسەن قايتىپ كەلگەنلىك شەرىپىگە كاتتا زىياپەت ئۆتكۈزۈپتۇ.

تۇلپار ئۈچۈن شېكەر قومۇشى تەييارلاپتۇ. خەمىد خوتۇنى بىلەن
بەختلىك، باياشاد تۇرمۇش كەچۈرۈپتۇ. كېيىن ئۇلار بىر قانچە
بالىلىق بوپتۇ. بۇ بالىلار تۇلپار نەجىمگە ھەمراھ بوپتۇ. پادىشاھ
ئۆلگەندىن كېيىن خەمىد بۇ دۆلەتنىڭ پادىشاھى بوپتۇ.

# پادىشاھ ۋە قۇشلار تىلىنى بىلىدىغان ئادەم

(سەئۇدى ئەرەبىستان)

بۇرۇننىڭ بۇرۇنىسىدا بىر پادىشاھلىق ئۆتكەنىكەن. ئۇنىڭ يېرى كەڭ، دۆلىتى كۈچلۈك، پادىشاھى دانىشمەن، ۋەزىرلىرى پاك بولغاچقا خەلقى خاتىرجەم، پاراۋان تۇرمۇش كەچۈرىدىكەن.

لېكىن پادىشاھلىق ئورنىغا سۇردان ۋارىسلىق قىلغاندىن كېيىن، ئەھۋال بۇرۇنقىغا ئوخشىماي قاپتۇ. ئۇ كۈن بويى يەپ-ئىچىپ، ئەيش-ئىشرەتكە بېرىلىپ، پۇقرالارنىڭ ھالىغا يەتمەپتۇ. سۇرداننىڭ ئەتراپىدىكى كىشىلەر ئۇنىڭ كۆزىگە ياخشى كۆرۈنۈش نىيىتىدە خۇشامەتگۈيلۇق قىپتۇ؛ ھەقنى سۆزلىگەن سادىق ئەمەلدارلار بولسا ئوردىدىن قوغلاپ چىقىرىلىپتۇ.

سۇنىڭ بىشى لاي دېگەندەك، يەرلىك ئەمەلدارلارمۇ قىلچە تەپتارتماستىن خەلققە زۇلۇم سىلىپ، ئۇلارنىڭ ئىلكىنى شوراپتۇ. ھەممە يەرنى پۇقرالارنىڭ ئاھۇ زارى قاپلاپتۇ.

دۆلەتنىڭ ۋە پۇقرالارنىڭ غېمىنى يەيدىغان ئاق كۆڭۈل كىشىلەر پادىشاھ بىلەن كۆرۈشۈپ ئەھۋالنى چۈشەندۈرەي دېسە، ئۇلار ئوردىغا كىرگۈزۈلمەپتۇ.

پۇقرالارنىڭ كۈنى بارغانچە يامانلىشىپتۇ. ئەمەلدارلار تېخىمۇ رەھىمسىزلىشىپ كېتىپتۇ. دۆلەت خارابلىشىش ھالىتىگە يېتىپتۇ، پۇقرالار خۇددى ئىچىگە ئوت كىرىۋالغاندەك تىتىلداپ، قاتتىق قايغۇدا قاپتۇ.

پۇقرالارنىڭ ھېچ چىدىغۇچىلىكى قالماپتۇ. ئاخىر ئۇلار

مەسلىھەتلىشىپ، دانىشمەنلىكتە كامالەتكە يەتكەن ھاجىمنىڭ ئۆيىگە كەپتۇ ۋە ئۇنىڭ بىر ئامال قىلىپ، پادىشاھ بىلەن كۆرۈشۈپ، پۇقرالارنىڭ يامان كۈندە قالغانلىقىنى پادىشاھقا ئېيتىشىنى تەلەپ قىپتۇ.

— پادىشاھ بىلەن كۆرۈشمەك بەسى مۈشكۈل، مېنىڭ پادىشاھقا يېقىنلىشىشىمنىڭ بىر ئامالىنى قىلىش ئۈچۈن سىلەر ماڭا بىر ئاز ۋاقىت بېرىڭلار، شۇ چاغدىلا، پادىشاھقا نەسىھەت قىلىپ، ئۇنىڭ ھازىرقى ئىشلىرىنى ئۆزگەرتكىلى بولىدۇ. سىلەر بىر ھەپتىدىن كېيىن مەن بىلەن كۆرۈشۈڭلار! — دەپتۇ ھاجىم كۆپچىلىككە.

بىر ھەپتە ئۆتكەندىن كېيىن، پۇقرالار ھاجىمنىڭ ئۆيىگە كەپتۇ.

— مەن پادىشاھقا يېقىنلىشىشنىڭ، پادىشاھنى كۆندۈرۈشنىڭ ئەپچىل چارىسىنى ئويلاپ تاپتىم. لېكىن، ماڭا بىر تاغار ئالتۇن ۋە بىر تاغار كۈمۈش كېرەك، — دەپتۇ ھاجىم.

كۆپچىلىك كەمبەغەل بولسىمۇ، دۆلەتنىڭ ھازىرقى ئەھۋالىنى ئۆزگەرتىش ئۈچۈن ئۆز نەپسىدىن ۋاز كېچىپ، بار-يوقىنى سېتىپ ھاجىمنىڭ دېگىنىنى ھازىرلاپتۇ.

ھاجىم ئۇلارنىڭ ئىچىدىن زېرەك ۋە قابىل ئىككى يىگىتنى تاللىۋېلىپ ئۇلارغا:

— سىلەرنىڭ بىرىڭلار ئالتۇن قاچىلانغان تاغارنى، بىرىڭلار كۈمۈش قاچىلانغان تاغارنى ئېلىپ ئايرىم-ئايرىم يەرگە كۆمۈپ قويۇپ، ئۈستىگە بەلگە قىلىپ قويۇڭلار. بەلگىنى مەندىن باشقا ئادەم بىلمىسۇن، مۇبادا باشقىلار بىلىپ قالسا، پىلانىم تۈگەيدۇ، — دەپتۇ.

بۇ ئىككى يىگىت ھاجىمنىڭ تاپشۇرۇقى بويىچە ئالتۇن-

كۇمۇشنى كۆمۈپ قويۇپ قايتىپ كەپتۇ. ھاجىمغا كۆمگەن جاي بىلەن بەلگىسىنى ئېيتىپ بېرىپتۇ. ھاجىم دەرھال پايتەختتىكە قاراپ يول ئاپتۇ. شەھەرگە كەلگەندىن كېيىن، ئوردىغا يېقىن بىر مېھمانخانىغا چۈشۈپتۇ.

ئۇ سەپەر هاردۇقىنى ئېلىپ بولۇپ، يۇيۇنۇپ، چىرايلىق كىيىملىرىنى كىيىپتۇ. كىشىلەر ھاجىمنى نەنىڭ بۇزرۇكۋارىكىن، دەپ قاپتۇ.

ئۇ ئوردا دارۋازىسى ئالدىغا كېلىپ ياساۋۇلغا:

— مەن يىراقتىن كەلگەن مېھمان. مەن پادىشاھقا سالام بەرمەكچى، شۇنداقلا چۈشۈمدە ماڭا ئايان بولغان تەڭرىنىڭ ۋەھىيسىنى پادىشاھىمغا ئېيتماقچىمەن، — دەپتۇ.

— چۈشۈڭدە ئايان بولغان تەڭرى ۋەھىيىسى بىلەن تەلىپىڭنى قەغەزگە ياز، مەن پادىشاھقا ئەكىرىپبېرەي، — دەپتۇ ياساۋۇل.

— ئۇنداق قىلىشقا بولمايدۇ، تەڭرى ۋەھىيسىنىڭ مەنىسى چوڭقۇر، قەلەم بىلەن يېزىپ ئۇقتۇرغىلى بولمايدۇ. پادىشاھ بىلەن ئۆزۈم كۆرۈشۈپ، ئۆز ئاغزىم بىلەن دېمىسەم بولمايدۇ، — دەپ چىڭ تۇرۇپتۇ ھاجىم.

ھاجىمنىڭ سۆزىنىڭ بىر ئاز سىرلىق ئىكەنلىكىنى سەزگەن ياساۋۇل ئەھۋالنى پادىشاھقا خەۋەر قىپتۇ. بۇنى ئاڭلىغان پادىشاھ خۇشال بولۇپ كېتىپتۇ. ئۇنىڭ ئۇستىگە ئوردىدىكى چىرىكلەشكەن ۋەزىرلەر پادىشاھنىڭ يېنىدا يوق ئىكەن. پادىشاھ مېھماننى ئالدىغا كىرىپ، چۈشىدە ئايان بولغانلارنى ئېيتىشنى بۇيرۇپتۇ.

ھاجىم ئوردىغا كىرىپ پادىشاھقا ئىززەت - ئىكرام بىلدۈرۈپتۇ، ئاندىن ئەڭ پاساھەتلىك سۆزلەر بىلەن چۈشىدىكى ئىشلارنى پادىشاھقا بايان قىلىشقا باشلاپتۇ. پادىشاھ كۆڭۈل قويۇپ ئاڭلاپتۇ. ھاجىم شۇنچە ئۇزۇن سۆزلەپمۇ تەڭرىنىڭ ۋەھىيسىنى تىلغا ئالماپتۇ.

پادشاھ بىر ئاز جىددىيلىشىپ:

— سەن تەگرىنىڭ ۋەھىيىسىنى تېزراق دېگىنە! — دەپ سۆيلەپتۇ.

— ھۆرمەتلىك پادشاھ ئالىيلىرى، مەن تەڭرى ۋەھىيىسىنىڭ كارامىتى بىلەن قۇشلارنىڭ تىلىنى بىلەلەيدىغان بولدۇم. پادشاھ ئالىيلىرى قۇدرىتى ئۇلۇغ خۇدايىم قۇشلارغا قانات، ئۆتكۈر كۆز ئاتا قىلغان. بىز كۆرەلمىگەن نەرسىلەرنى ئۇلار كۆرەلەيدۇ. ئۇلار يەر ئاستىدىكى سۇ، خەزىنىلەرنىمۇ كۆرەلەيدۇ، — دەپتۇ ھاجىم.

پادشاھ ھاجىمنىڭ گېپىدىن ھەيران بوپتۇ ۋە:

— ئۇنداق بولسا، سەن بۇ يەردە قال، سېنىڭ قابىلىيىتىڭنى سىناپ باقاي، — دەپتۇ.

شۇنداق قىلىپ ھاجىم پادشاھنىڭ ھوزۇرىدا قاپتۇ.

بىر كۈنى پادشاھ ھاجىم بىلەن پاراڭلىشىپ ئولتۇرغاندا، بىر توپ قاغا قاقىلداپ ئۇچۇپ ئۆتۈپتۇ. پادشاھ دەرھال ھاجىمدىن:

— قاغا نېمە دەۋاتىدۇ؟ — دەپ سوراپتۇ.

— ھۆرمەتلىك پادشاھ ئالىيلىرى، ئۇ بىر يەردە ئالتۇن بار ئىكەن دەيدۇ، — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ ھاجىم.

پادشاھ ئىشەنچلىك ئادىمىنى ئەۋەتىپ، ھاجىمنىڭ دېگەن يېرىنى كولاتقۇزۇپتۇ.

نەچچە كۈن ئۆتكەندىن كېيىن، ئۇلار نۇرغۇن ئالتۇننى ئېلىپ كەپتۇ.

گېپى راست چىققان ھاجىم، كاتتا كۈتۈۋېلىشقا مۇيەسسەر بوپتۇ.

ئارىدىن بىر نەچچە كۈن ئۆتكەندىن كېيىن يەنە بىر توپ قاغا ئۇلارنىڭ ئۈستىدىن ئۇچۇپ ئۆتۈپتۇ. بىر قاغا «قاق، قاق» دەپ بىر نەچچىنى قاقىلداپتۇ. پادشاھ ھاجىمغا دەرھال تەرجىمە قىلىشنى

ئېيتىپتۇ.

— ئالىيلىرى، بۇ قاغا مەلۇم بىر يەرگە كۆمۈش كۆمۈلگەن دەيدۇ، — دەپتۇ ھاجىم.

پادىشاھ ئەۋەتكەن ئادەملەر ھايال قالماي كۆمۈشلەرنى ئېلىپ كەپتۇ.

بۇ ئىككى قېتىملىق سىناقتىن كېيىن، پادىشاھ ۋە ئۇنىڭ ھەمراھلىرى ھاجىمنىڭ قۇشلارنىڭ تىلىنى بىلىدىغانلىقىغا ئىشىنىپتۇ. خان جەمەتىدىكىلەرمۇ ئۇنى ئەتىۋارلاپتۇ ۋە مەسلىھەتچى قىپتۇ، ھەر قانداق مۇھىم يىغىنلارغا قاتناشتۇرۇپتۇ ۋە ئۇنىڭدىن مەسلىھەت سوراپتۇ. ھاجىمنىڭ بەرگەن مەسلىھەتلىرى جايىدا بولغاچقا پادىشاھ ئۇنى بەك ماختاپتۇ.

بىر قېتىم ئۇلار يىغىن ئېچىۋاتقاندا ئىككى قاغا ئۇچۇپ ئۆتۈپتۇ. ئۇلارنىڭ بىرى توختىماي قاقىلداپتۇ. پادىشاھ ھاجىمدىن يەنە:

— بۇ قاغا نېمە دەيدۇ؟ — دەپ سوراپتۇ.

ھاجىم ئەمدى پەيتىنىڭ يېتىپ كەلگەنلىكىنى پەملەپتۇ-دە، قۇشنىڭ تىلىنى تەرجىمە قىلغان بولۇپ، ئۆز پىكرىنى ئوتتۇرىغا قويماقچى بوپتۇ. ئۇ بېشىنى تۆۋەن سېلىپ چوڭقۇر ئويلىنىۋاتقان قىياپەتكە كىرىۋاپتۇ. پادىشاھ يەنە بىر قېتىم سورىغاندىن كېيىن، ئاندىن بېشىنى كۆتۈرۈپ:

— ھۆرمەتلىك پادىشاھ ئالىيلىرى، بۇ قاغا مېنىڭ شەخسى ئىشىم ھەققىدە سۆزلىدى. بۇنىڭ باشقىلار بىلەن ئالاقىسى يوق. ئەگەر بىلمەكچى بولسىڭىز سىز بىلەن ئايرىم سۆزلەشسەم بولىدۇ، — دەپتۇ.

پادىشاھ دەرھال ئورنىدىن تۇرۇپ ھاجىمنىڭ قولىنى تۇتقىنىچە مەخپىي خانىغا ئەكىرىپتۇ. ئۇلار ئولتۇرغاندىن كېيىن ھاجىم:

— ئالىيلىرى، قاغىنىڭ بۈگۈن دېگەن گېپى سىلىگە ۋە پۈتۈن



www.uyghurkitap.com

پادىشاھلىقىمىزغا مۇناسىۋەتلىك ئىش، — دەپتۇ.

ھاجىمنىڭ گېپىنى ئاڭلىغان پادىشاھ دەررۇ جىددىيلىشىپ:

— قاغا نېمىلەرنى دېدى؟ — دەپ سوراپتۇ.

— پادىشاھلىق ئەگەر مۇشۇنداق كېتىۋېرىدىغان بولسا، ئاز قالماي گۇمران بولىدۇ. ئۇنىڭ شەھەرى بىلەن يېزىلىرى قەبرىستانلىققا — ھۇقۇشلارنىڭ ئۇۋىسىغا ئايلىنىدۇ، دەيدۇ، — دەپتۇ ھاجىم.

— پادىشاھلىقىمدا قاغىنىڭ دېگىنىدەك زادى قانداق ئىش يۈز بېرىپتۇ؟ — دەپ سوراپتۇ پادىشاھنىڭ ئۆڭى ئۆچۈپ.

— قاغىنىڭ دېيىشىچە، يەرلىك ئەمەلدارلار ئەمىر - پەرمانلارنى ئىجرا قىلماي، ئەكسىچە ياۋاش پۇقرالارنى خالىغانچە بوزەك قىلىۋېتىپتۇ. ئۇلار نەپسانىيەتچىلىك قىلىپ خەقنىڭ ئۆلۈش - تىرىلىشى بىلەن قىلچە كارى بولماي‍ۋېتىپتۇ. بەزىلەر بۇ خورلۇق ئۈستىدىن ئەرز قىلىشنى كۆڭۈللىرىگە پۈكسىمۇ، لېكىن ھېچكىم سىلىنىڭ ئالدىلىرىغا كېلەلمەيۋېتىپتۇ، — دەپتۇ ھاجىم.

پادىشاھ ھاجىمنىڭ گېپىگە ھەيران قىلىپ ئاغزىنى جامدەك ئېچىپ قاپتۇ ۋە كۆڭلىدە: «دۆلەت بۇ ھالغا كېلىپ قاپتۇ. مەن بۇنى قىلچە سەزمەي يۈرۈپتىمەن. بۇنداق كېتىۋەرسەك ۋەيران بولغىنىمىز شۇ» دەپ ئويلاپتۇ.

— دۆلەتنى ئوڭشاشتا سېنىڭ قانداق پىكرىڭ بار؟ — دەپ سوراپتۇ پادىشاھ ھاجىمدىن.

— ئالىيلىرى، بۇ ناھايىتى ئۇلۇغ ئىش. بۇ ھەقتە تازا باش قاتۇرۇشقا توغرا كېلىدۇ، — دەپتۇ ھاجىم.

ھاجىم بىر نەچچە كۈنگىچە سىرتقا چىقماي ئەھۋالنى ئوڭشاش ھەققىدە باش قاتۇرۇپتۇ.

بىر كۈنى ھاجىم پادىشاھ بىلەن كۆرۈشۈپ، ئۆز پىكرىنى

پادىشاھقا مۇنداق بايان قىپتۇ:

— ئالىيلىرى، ئەگەر سىلى پۇقرالارنىڭ ھەممىسى مېنى ھىمايە قىلسۇن، دېسىلە ئوردا دارۋازىسىغا بىر چوڭ داڭ ئېسىپ قويسىلا، بۇنىڭ يامىنى يوق، دۆلەتلىرىنىڭ ھەممىلا يېرىگە مۇبادا كىمدەكىم ئەمەلدارلىرىمىنىڭ بوزەك قىلىشىغا ئۇچرىسا، ئۇلارنىڭ ئوردا دەرۋازىسىدىكى داڭنى ئۇرۇپ پادىشاھقا ئەرز قىلىشقا بولىدۇ، دەپ يارلىق چىقارسىلا، ئەمەلدارلار چوڭ ـ كىچىك بولۇشىدىن قەتئىينەزەر ھەممىسى شۇ بويىچە ئىجرا قىلىشى كېرەك. ئەگەرچەندە كىم خىلاپلىق قىلسا، تەكشۈرۈپ ئېنىقلاپ ئۇنىڭغا قاتتىق چارە كۆرسىلە.

پادىشاھ ھاجىمىنىڭ بۇ پىكرىگە قوشۇلۇپ، دەرۋازىغا يوغان داڭدىن بىرنى ئېسىپ قويۇپتۇ ۋە ياساۋۇللارغا ئۇنى ساقلاشنى بۇيرۇپ شۇنداق دەپتۇ:

— ئەگەر داڭ ئۇرۇپ، دەرد ـ ھالىنى ئېيتقۇچىلار بولسا، ئۇلارنى ئوردىغا باشلاپ كىرىڭلار، مەن ئۇلارنىڭ ئەرزىنى ئۆز قۇلىقىم بىلەن ئاڭلاپ، ئەمر ـ پەرمانلىرىمغا قۇلاق سالمىغان ئەمەلدارلارنى ئۆزۈم جازالايمەن.

كىشىلەرنى خۇشال قىلىدىغان بۇ خەۋەر چاقماق تېزلىكىدە مەملىكەتنىڭ ھەممە يېرىگە تارقىلىپتۇ. پۇقرالار خۇشاللىقتىن تەنتەنە قىپتۇ. لېكىن چوڭ ـ كىچىك ئەمەلدارلار ئەندىشىدە قاپتۇ ۋە پۇقرالارنى خالىغانچە بوزەك قىلالمايدىغان بوپتۇ.

داڭنى ئېسىپ قويغىلى تۆت كۈن بولغان بولسىمۇ ھېچكىم داڭ ئۇرماپتۇ. بەشىنچى كۈنىگە بارغاندا داڭ ئاۋازى ئاڭلىنىپتۇ. قارىسا چوڭ بىر يىلان داڭ ئۇرۇۋاتقۇدەك، ياساۋۇللار دەرھال بېرىپ بۇ ئەھۋالنى پادىشاھقا مەلۇم قىپتۇ. پادىشاھ ياساۋۇللارغا ئۇنىڭ كەينىدىن بېرىپ ئۇنىڭ قانداق ناھەقچىلىققا ئۇچرىغانلىقىنى بىلىپ

كېلىڭلار، دەپ بۇيرۇق بېرىپتۇ.

ياساۋۇللار يىلانغا ئەگىشىپ ئۇنىڭ تۆشۈكىگە كەپتۇ. يىلان تۆشۈكىگە كىرىپ كېتىپ بىر كىچىك يىلاننى سۆرەپ چىقىپتۇ، كىچىك يىلاننىڭ ئاغزىغا ئوقيا ئوقى تەگكەچكە، ئاغزىنى ئاچالماي، ئاچلىقتىن ئۆلەيلا دەپ قالغانىكەن.

بىر ياساۋۇل دەرھال ئوقنى يۇلۇپ ئاپتۇ. كىچىك يىلان خۇشال بولۇپ ئاغزىنى ئېچىپتۇ.

ياساۋۇللار قايتىپ كېلىپ ئەھۋالنى پادىشاھقا مەلۇم قىپتۇ. پادىشاھ بۇنى ئاڭلاپ ناھايىتى مەمنۇن بوپتۇ.

ئالتىنچى كۈنى داڭ ئاۋازى ئاڭلىنىپتۇ. ياساۋۇللار قارىغۇدەك بولسا يەنە بىر چوڭ يىلان داڭ ئۇرۇۋاتقۇدەك. ئۇلار يىلانغا ئەگىشىپ ئۇنىڭ تۆشۈكىنىڭ ئالدىغا كەپتۇ.

يىلان تۆشۈككە كىرىپ دەرھال قايتىپ چىقىپتۇ. لېكىن، بۇ قېتىم كىچىك يىلاننى ئەمەس، بەلكى ئاجايىپ چوڭ ئىككى دانە گۆھەرنى ئېلىپ چىقىپتۇ.

ياساۋۇللار گۆھەرنى پادىشاھقا تاپشۇرۇپ بېرىپتۇ. پادىشاھ بۇنىڭدىن ھەيران بوپتۇ. پادىشاھ ئۆمرىدە بۇنداق چوڭ، چىرايلىق، چاقناپ تۇرىدىغان گۆھەرنى كۆرۈپ باقماپتىكەن.

— بىز يىلانغا ياخشىلىق قىلغۇېدۇق، ئۇ ياخشىلىقىمىزغا ياخشىلىق قىلدى، — دەپتۇ پادىشاھ.

پادىشاھ بۇ ئىككى گۆھەرنى شۇنداق ياخشى كۆرىدىكەن، مەملىكەتنىڭ ھەر قايسى جايلىرىدىكى گۆھەر سودىگەرلىرىنى چاقىرتىپ كېلىپ گۆھەرنى ئۇلارغا باھالىتىپتۇ.

سودىگەرلەر ئىككى گۆھەرنى كۆرۈپ ھەيران قاپتۇ. ئۇلار نۇرغۇن گۆھەرلەرنى كۆرگەن بولسىمۇ، مۇنداق چوڭ، چىرايلىق گۆھەرنى ئەزەلدىن كۆرۈپ باقماپتىكەن. ئۇلار بىردەك، بۇ گۆھەر

جاھاندا كەمدىن ـ كەم ئۇچرايدۇ، دېيىشىپتۇ.
پادىشاھ بۇ ئىككى گۆھەرنى بەك قەدىرلەيدىكەن. شۇڭا ئۇ گۆھەر سودىگەرلىرىدىن:
— مەن بۇ ئىككى گۆھەرنىڭ تارىخىنى بىلىشنىم كېرەك، ئاراڭلاردىن قايسىڭلار بۇ ھەقتە بىر نىمە دەپ بېرەلەيسىلەر، — دەپ سوراپتۇ.
— مەن گۆھەر سودىگەرلىرى ئىچىدە ياشانغان بىر ئادەم بار، دەپ ئاڭلىغانىدىم. ئۇ بۇ يىل بىر يۈز ئەللىك ياشقا كىرىپتۇ. سىلى شۇنىڭدىن سوراپ باقسىلا، — دەپتۇ گۆھەر سودىگەرلىرىنىڭ بىرى.
پادىشاھ بۇيرۇق چۈشۈرۈپ شۇ بوۋاينى تېپىپ كەپتۇ. بۇ بوۋاي چاقناپ تۇرغان ئىككى گۆھەرنى كۆرۈپ ھەيران بولۇپ تۇرۇپلا قاپتۇ.
— سەن مۇنداق چوڭ گۆھەرنى كۆرۈپ باققانمۇ؟ — دەپ سوراپتۇ پادىشاھ ئۇنىڭدىن.
— مەن نۇرغۇن گۆھەرلەرنى كۆرگەن. لېكىن، مۇنداق چوڭ ھەم چىرايلىق گۆھەرنى كۆرۈپ باقماپتىكەنمەن، بۇ دۇنيادا كەم ئۇچرايدىغان گۆھەر ئىكەن، — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ بوۋاي.
— سەن بۇ ئىككى گۆھەرنىڭ تارىخىدىن بىر نەرسە دەپ بېرەلەمسەن؟ — دەپ سوراپتۇ پادىشاھ.
— مەن كىچىك چېغىمدا مۇنداق بىر ھېكايىنى ئاڭلىغان، — دەپتۇ بوۋاي جاۋابەن، — بۇ ھېكايە بەلكىم بۇ ئىككى گۆھەرنىڭ كەلمىشىنى يېشىپ بېرىشى مۇمكىن.
— ئۇ قانداق ھېكايە؟ — دەرھال سوراپتۇ پادىشاھ.
— مەن دادامدىن ئاڭلىغان، — دەپ سۆزىنى داۋام قىپتۇ بوۋاي، — دادام بوۋامدىن ئاڭلاپتىكەن. رىۋايەت قىلىنىشىچە، بۇ، ئۆزلىرىنىڭ ئاتا ـ بوۋىلىرى دۆلەت سوراپ يۈرگەن ۋاقىتلاردىكى



ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

ئىش ئىكەن. ئۇ چاغدا پادىشاھ دانىشمەن، ئەل پاراۋان، خەلق خاتىرجەم تۇرمۇش كەچۈرىدىغان چاغ ئىكەن. شۇ چاغدا، بىر دېھقان بولۇپ، ئۇ يېرىنى باشقا بىر دېھقانغا سېتىپتۇ. يەر سېتىۋالغان دېھقان يەر تېرىۋېتىپ بىر گۆھەر تېپىۋاپتۇ ۋە گۆھەرنى يەر ساتقان دېھقانغا تەڭلەپ، مەن پەقەت يەرنىڭلا پۇلىنى تۆلىگەن، گۆھەرنىڭ پۇلىنى تۆلىمىگەن دەپتۇ. يەر ساتقۇچى دېھقان، مەن يەرنى ساڭا ساتقان ئىكەنمەن يەردىكى ھەممە نەرسە ساڭا تەئەللۇق بولىدۇ. گۆھەرمۇ ئەلۋەتتە ساڭا تەئەللۇق، دەپتۇ. شۇنىڭ بىلەن ھەر ئىككى تەرەپ گۆھەرنى بىر - بىرىگە ئىتتىرىپ، ھېچقايسىسى ئالغىلى ئۇنىماپتۇ. ئىككىيلەن بۇ ئىشنى ھەل قىلالماي، ئاتاقلىق بىر ئالىمنى چاقىرتىپتۇ. ئالىم يەر ساتقۇچىنىڭ بىر ئوغلىنىڭ بارلىقىنى، يەر ئالغۇچىنىڭ بىر قىزىنىڭ بويىغا يېتىپ قالغانلىقىنى بىلىپتۇ - دە، ئىككىيلەننىڭ توي قىلىشىنى، گۆھەرنى قىزغا تويلۇق ھېسابىدا بېرىپ، يەرنى بۇ ئىككى ياشقا بېرىشنى تەكلىپ قىپتۇ.

ئىككى ئائىلە بۇ تەكلىپنى خۇشاللىق بىلەن قوبۇل قىپتۇ.

توي قىلغاندىن كېيىن، يىگىت يەر تېرىپ، قىز رەخت توقۇپ، بەختلىك تۇرمۇش كەچۈرۈپتۇ. ئۇلار ئەتىيازلىقى يەرگە قوناق تېرىپتۇ. كۈزلۈكى شۇنداق قارىسا ئېتىزلىقى گۆھەرلەرگە تولۇپ تۇرغۇدەك. بۇ ئىككى گۆھەرنى بەلكىم يىلان شۇ يەردىكى گۆھەرلەر ئىچىدىن تاللىۋېلىپ ساقلاپ قويغان بولسا كېرەك. بۈگۈنكى كۈنگە كەلگەندە، يىلان بۇ گۆھەرنى سىلىنىڭ قىلغان ھەممەتلىرىنىڭ ھۆرمىتى ئۈچۈن ئۆزلىرىگە سوۋغا قىلدى.

پادىشاھ ئالىمنىڭ ھېكايىسىنى ئاڭلاپ بولۇپ ئارقىمۇئارقا:

— بىز ئەجدادلىرىمىزدەك سەممىمىي - سادىق، ئادىل بولۇشىمىز كېرەك، — دەپتۇ.

شۇنىڭ بىلەن، پادىشاھ قول ئاستىدىكىلەرگە ھېلىقى يەر

ئىگىسىنىڭ كېيىنكى ئەۋلادلىرىنى ئىزدەپ تېپىشىنى بۇيرۇپتۇ. كۆپ قېتىم سۈرۈشتۈرۈپ دېھقاننىڭ كېيىنكى ئەۋلادلىرىنىڭ باشقا يېزىغا كۆچۈپ كەتكەنلىكىنى، ئەمدى ئۇلارنى تاپقىلى بولمايدىغانلىقىنى جەزملەشتۈرۈپتۇ.

— باشقىلارنى قىيىنچىلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش بىزنىڭ ئىشىمىز. سوۋغا قوبۇل قىلىشقا بولمايدۇ. بۇ گۆھەرنى دۆلەت خەزىنىسىگە ئەكىرىپ قويۇڭلار! — دەپتۇ پادىشاھ.

پۇقرالار پادىشاھنىڭ بۇ ئىشىنى بەكمۇ ماختاپتۇ.

— پۇقرالىرىمىز ئۆز ئاتا ـ بوۋىلىرى تەختتە ئولتۇرۇپ، يۇرت سورىغان چاغلاردا بەختلىك تۇرمۇش كەچۈرگەنىكەن. شۇ ۋەجىدىن، ئۆتكەن پادىشاھلىرىمىزمۇ ئۆز پۇقرالىرىنىڭ ھۆرمىتىگە سازاۋەر بولۇپ، ئۇلارنىڭ رەھمەت — ھەشقاللىسىنى ئالغانىكەن. مەن سىلەرنىڭ ئۇلارنىڭ ئەنئەنىسىگە ۋارىسلىق قىلىپ، پۇقرالارنى ئۆزلىرىگە يېقىن تۇتۇشلىرىنى تىلەيمەن، — دەپتۇ ھاجىم پادىشاھقا.

پادىشاھ ئەتراپىدىكى چىرىكلىشىپ كەتكەن ئوردا ۋەزىرلىرىنى قوغلاپ، دانىشمەنلەرنى يېنىغا يىغىپتۇ. ئۇزۇنغا بارماي دۆلەت يەنە كۈچىيىشكە باشلاپتۇ. پۇقرالىرىمۇ شۇنىڭدىن تارتىپ خاتىرجەم، تىنچ تۇرمۇش كەچۈرۈشكە باشلاپتۇ. كۆپچىلىك «قۇشلار تىلىنى بىلىدىغان» ھاجىمغا چىن يۈرىكىدىن تەشەككۈر بىلدۈرۈپتۇ.

# پادىشاھ ۋە ئۇنىڭ يالغۇز قىزى

(سەئۇدى ئەرەبىستان)

بۇرۇن بىر پادىشاھ ئۆتكەنىكەن. ئۇ بىر نەچچە قېتىم ئۆيلەنگەن بولسىمۇ پەرزەنت يۈزى كۆرمەي، ئۆزىدىن گۇمانلىنىپ بەك ئازابلىنىپتۇ.

پادىشاھ مەملىكىتىدىكى ئۇستا تېۋىپلارنى چاقىرتىپ كېلىپ داۋالىنىپتۇ، تېۋىپلارنىڭ بۇيرۇغان دورىلىرىنى يېگەندىن كېيىن، خوتۇنى بىر قىز تۇغۇپتۇ. پادىشاھ بۇنىڭدىن ناھايىتى خۇشال بوپتۇ. قىزنى جېنىدىن ئەزىز كۆرۈپ، ئۇنىڭ تاماق، كىيىم - كېچەكلىرى ۋە مېغىش - تۇرۇشلىرىدىن ئۆزى خەۋەر ئالىدىكەن. پادىشاھ كېچىسى قىزىدىن خاتىرجەم بولالمايدىكەن. شۇڭا، ئۇ چىرايلىق، چوڭ ساندۇق ياسىتىپتۇ، ھەر كۈنى كۆز باغلانغاندا، قىزىنى ساندۇققا سېلىپ قۇلۇپلاپ، ئاچقۇچىنى ئۆز يېنىدا ساقلايدىكەن ۋە ياساۋۇللارنى ساندۇق ئەتراپىدا ساقلاشقا قويىدىكەن.

ھەش - پەش دېگۈچە قىز بويىغا يېتىپ قاپتۇ. لېكىن دادىسى ئاۋۋالقىدەكلا ئۇنى ساندۇققا سولاپ ئۇخلىتىدىكەن. قىزمۇ دادىسىنىڭ كۆڭلىنى بىلىپ، بۇنداق زىيادە كۆڭۈل بۆلۈشكە ئۆگىنىپمۇ قاپتۇ.

بىر يىلى، پادىشاھ ھەرەمگە بارماقچى بوپتۇ ۋە سەپەر تەييارلىقىنى پۈتتۈرۈپ قىزىنى ئېلىپ يولغا چىقىپتۇ.

بىر كۈنى كەچ كىرگەندە ئۇلار سۇيى بار بىر جايغا كېلىپ چېدىر تىكىپتۇ. پادىشاھ قىزىنىڭ چېدىرىنى ئۆزىگە يېقىن جايغا تىكتۈرۈپتۇ، قىزىنى ساندۇققا سولاپ، قۇلۇپ سېلىپ، ئاچقۇچنى

يانچۇقىغا سېلىۋاپتۇ. ئۇ، ياساۋۇللارنىڭ ھەممىسىنىڭ ئورۇنلىرىدا تۇرغانلىقىنى كۆرۈپ ئۆز چېدىرىغا كىرىپ ئارام ئاپتۇ.

بىر ئوغرىنىڭ پادىشاھنىڭ ھەرىكەتلىرىنى قاراڭغۇدا ھېچكىمگە سەزدۈرمەي ئوغرىلىقچە كۆرگەنلىكىنى كىم بىلسۇن. ئوغرى چېدىردا چوقۇم قىممەتلىك نەرسە بولسا كېرەك، بولمىسا پادىشاھ ئۇنىڭغا ئۇنچىۋالا كۆڭۈل بۆلۈپ كېتەتتىمۇ، دەپ ئويلاپتۇ.

يېرىم كېچە بولغاندا ياساۋۇللار ئۇخلاپ قاپتۇ، ئوغرى پۇرسەتنى غەنىيمەت بىلىپ، چېدىرغا ئاستا كىرىپتۇ. چېدىردا بىر ساندۇقتىن باشقا ھېچ نەرسە كۆرۈنمەپتۇ. ئۇ، ساندۇقنى چاقسام ياساۋۇللار تۇيۇپ قالمىسۇن، دەپ، ساندۇقنى يۈدۈپتۇ ـ دە، چېدىردىن غىپپىدىلا چىقىپ كېتىپتۇ.

ئوغرى ساندۇقنى بىر تاغ ئۆڭكۈرىگە ئېلىپ كەپتۇ. ئۇ، ساندۇقتا ئالتۇن ـ كۈمۈش، ياقۇت قاچىلانغان بولسا كېرەك، دەپ ئويلاپتۇ ـ دە، ئالدىراپ ساندۇقنى ئېچىپ قارىسا ساھىبجامال بىر قىز ساندۇقتا ياتقۇدەك. ئوغرى بۇنىڭغا ھەيران قاپتۇ. قىز قورققىنىدىن جاقىلداپ تىترەپ كېتىپتۇ.

ئەسلىدە ئوغرى پۇل ئوغرىلايدۇ، ئەمدى نېمە قىلغۇلۇق؟ ئۇنى ئۆلتۈرۈۋېتىش كېرەكمۇ؟ ياكى ئۇنى ئەسلى جايىغا ئاپىرىپ قويۇش كېرەكمۇ؟ ئوغرى ئۇيان ئويلاپ، بۇيان ئويلاپ ئاخىر نىيىتىنى بۇزۇپتۇ. شۇنداق قىلىپ قىزنىڭ گۈزەل رۇخسارىدىن مەست بولغان ئوغرى قىزنى سۆيمەكچى بوپتۇ. لېكىن، قىز جىنىنىڭ بارىچە قارشىلىق كۆرسىتىپتۇ. دەل شۇ چاغدا يەنە بىر ئۆڭكۈردىن تۇيۇقسىز بىر شىر بۆلار تەرەپكە كەپتۇ. ئوغرى شىرنى كۆرۈپ، ھولۇقماستىن خەنجىرىنى ئاپتۇ ـ دە، شىرغا قاراپ مېڭىپتۇ. شىر ئوغرىغا ئېتىلىپتۇ. ئوغرى شىرغا كېلىشتۈرۈپ بىر خەنجەر ئۇرۇپتۇ. ئاندىن چاقماق تېزلىكىدە شىرنىڭ دۈمبىسىگە يەنە خەنجەر ساپتۇ. شىر

يەرگە يىقىلىپ ئىككى پارچە بولۇپ كېتىپتۇ. ئوغرى ھېچ ئىش يۈز بەرمىگەندەك، خاتىرجەم ھالدا خەنجىرىنى قىنىغا سېلىپ قويۇپ، يەنە قىزنىڭ يېنىغا كەپتۇ. قىز يەنىلا قارشىلىق كۆرسىتىپتۇ. ئۇلار تازا ئېلىشىۋاتقاندا، تۇيۇقسىز بىر يولۋاس ئۇدۇل ئۇلار تەرەپكە قاراپ كېلىشكە باشلاپتۇ. ئوغرى قىزنى ئۆز ھالىغا قويۇپ بېرىپ، يەنە خەنجىرىنى ئېلىپلا يولۋاسنىڭ ئالدىغا مېڭىپتۇ. يولۋاس ئوغرىنىڭ ئەتراپىدا چۆرگىلەپ پۇرسەت كۈتۈپتۇ. لېكىن، ئوغرى ناھايىتى سەگەك تۇرۇپ يولۋاسقا ئېتىلىش ئىمكانىيىتى بەرمەپتۇ. يولۋاس ئامال قىلالماي، ئاخىر دەھشەت بىلەن ئېتىلىپتۇ. ئوغرى تېزلىك بىلەن كەينىگە بىر نەچچە قەدەم چېكىنىپ، كۈچەپ خەنجەر ئۇرۇپ، يولۋاسنىڭ بوينىنى كېسىپ تاشلاپتۇ.

ئوغرى يولۋاسنى ئۆلتۈرگەندىن كېيىن، ھېچ ئىش يۈز بەرمىگەندەك قايتىپ كېلىپ قىزنى يەنە سۆيمەكچى بوپتۇ. قىز پەقەت ئامال قىلالماي تۇرغاندا بىر چىل بۆرە يۈگۈرۈپ چىقىپ كەپتۇ. ئوغرى يەنە قىزنى ئۆز ھالىغا قويۇپ بېرىپ، خەنجىرىنى چىقارغان پېتى بۆرە تەرەپكە مېڭىپتۇ. بۆرە ئاغزىنى يوغان ئېچىپ ئېتىلىپ كەپتۇ. ئوغرى پۇرسەتنى قولدىن بەرمەي بىر خەنجەر بىلەنلا بۆرىنى ئۆلتۈرۈپتۇ. ئۇ، خەنجىرىدىكى قانلارنى سۈرتۈۋېتىپ، قىنىغا سېپتۇ ۋە قىز تەرەپكە كېلىۋېتىپ توساتتىن: «قارىغاندا بۇ قىزنى خۇدا ئۆز پاناھىدا ساقلاۋاتقان ئوخشايدۇ، مەن ھېچنېمە قىلالمىدىم، مەن ئۆتكۈزگەن گۇناھىمنى قانداق قىلىپ يېنىكلىتەرمەن؟ مەن ئۇنى ئۆز جايىغا ئاپىرىپ قويمىسام بولمىغۇدەك» دەپ ئويلاپتۇ.

ئوغرى قىزنى ئەسلى ئورنىغا ئاپىرىپ قويۇشنىيىتىگەكەپتۇ-دە، قىزنى ساندۇققا سالپتۇ. ئاندىن ساندۇقنى كۆتۈرۈپ، ئېھتىيات بىلەن ھېلىقى چېدىرنىڭ يېنىغا كەپتۇ. قارىغۇدەك بولسا، ياساۋۇللار تاتلىق ئۇخلاۋاتقانىكەن، ئوغرى ساندۇقنى تۇيدۇرماي چېدىرغا

ئەكىرىپ قويۇپ ئىشىكنى ئېتىپ كېتىپتۇ.

ئەتىسى ئەتىگەن پادىشاھ قىز تۇرىدىغان چېدىرغا كەپتۇ. قىز ئاخشام بولۇپ ئۆتكەن ئىشلارنى دادىسىغا ئېيتىپتۇ. بۇ ئىش شۇ پېتىچە قاپتۇ. پادىشاھ ھەرەمگە بېرىپ تاۋاپ قىلىپ بولغاندىن كېيىن، قىزى بىلەن بىرلىكتە پايتەختكە قايتىپ كەپتۇ.

مەلىكە بويىغا يېتىپتۇ. ئۇنىڭ بىر نەۋرە ئاكىسى كېلىپ پادىشاھقا كۈيئوغۇل بولۇشنى تەلەپ قىپتۇ. پادىشاھ خۇشاللىق بىلەن قوشۇلۇپتۇ ۋە دەرھال ئۇلارغا ئاتاپ بىر ھەشەمەتلىك ئوردا سالدۇرۇشقا بۇيرۇق چۈشۈرۈپتۇ. ھەممە تەييارلىقلار تەق بولغاندىن كېيىن، كاتتا توي مۇراسىمى ئۆتكۈزۈپ بېرىپتۇ.

توي ئاخشىمى قىز يىگىتنى تونجى رەت كۆرۈپتۇ. قىزنىڭ كۆزىگە يىگىت سىلىق - سىپايە، ئېگىز بوي، چىرايى ئاپئاق كۆرۈنۈپتۇ. يىگىت قىزغا مۇلايىملىق بىلەن كۆڭۈل بۆلۈپتۇ. ئۇلار ئەمدىلا يېقىن كېلىشكەندە بىر مۈشۈك ئېگىزدىن سەكرەپ چۈشۈپ بىر ئەينەك قاچىنى چېقىپ تاشلاپتۇ. بۇنىڭدىن قورقۇپ كەتكەن يىگىت غالىلداپ تىترەپ كېتىپتۇ ۋە قورققىنىدىن جان - پېنى چىقىپ كېتەيلا دەپ قاپتۇ. نېمە ئىش بولغانلىقى مەلۇم بولغاندىن كېيىنمۇ ئۇنىڭ يۈرىكى دۈپۈلدەپ سوقۇشقا باشلاپتۇ. رەڭگى تاتىرىپ بەدىنىدىن سوغۇق تەر چىقىپ كېتىپتۇ.

مەلىكە بۇ ئەھۋالنى كۆرگەندىن كېيىن، ھېلىقى ئوغرىنى ئەسكە ئاپتۇ ۋە كۆڭلىدە: «ئوغرى ناھايىتى قورقۇنچلۇق ئىشلارغا ئۇچرىدى. ھەتتا يولۋاس، شىر، بۆرىلەر بىلەن ئېلىشىپ ئۇلارنى ئۆلتۈردى. لېكىن، ئۇنىڭ چىرايى ئۆڭۈپ، يۈرەكلىرى سېلىپ كەتمىگەنىدى. بۇ يىگىت بولسا مۈشۈكتىن قورقۇپ جېنى چىقىپ كەتكىلى تاسلا قالدى» دەپ ئويلاپتۇ. قىز بۇ ئىككى ئىشنى سېلىشتۇرۇپ ئۆزىنى تۇتالماي كۈلۈپ كېتىپتۇ. يىگىت ناھايىتى

www.uyghurkitap.com

زىرەك بولغاچقا، قىز مېنى زاڭلىق قىلدى، دەپ مەلىكىنى ئۆيدە يالغۇز قالدۇرۇپ، باشقا جايغا چىقىپ بېتىپتۇ.

ئەتىسى ئەتىگەندە يىگىت ئوردىغا كىرىپ، پادىشاھ بىلەن يالغۇز كۆرۈشۈشنى تەلەپ قىلىپتۇ. پادىشاھ ئۇنى مەخپىي بىر ئۆيگە باشلاپ كىرىپ ئىشىكنى ئېتىپتۇ. يىگىت پادىشاھقا:

— پادىشاھ ئالىيلىرى، مەلىكە تولىمۇ قاملاشمىغان ئىش قىلدى. ئۇ، توي كېچىسى مېنى زاڭلىق قىلىپ چىشىمغا تەگدى، — دەپتۇ.

بۇ گەپنى ئاڭلاپ پادىشاھ قاتتىق ئاچچىقلىنىپ دەرھال ئۇنىڭغا:

— مەن ئۇنىڭ ئەدىبىنى بېرەي، ئۇ سەندىن ئەپۇ سورىسۇن، — دەپ نەسىھەت قىپتۇ.

— پادىشاھ مەلىكىنى چاقىرىپ كېلىشكە بۇيرۇپتۇ. مەلىكە بىرەر كۆڭۈلسىزلىكنىڭ يۈز بېرىشىنى كۆڭلى تۇيۇپتۇ.

مەلىكە ئۆيگە كىرىپ دادىسىنىڭ ئاچچىقلىنىپ ئولتۇرغانلىقىنى كۆرۈپتۇ ـ دە، مۇلايىملىق بىلەن تىنچ ـ ئامانلىق سوراپتۇ. پادىشاھ سوغۇق نەپەس تۇرۇپ قىزىنى ئولتۇرۇشقا تەكلىپ قىپتۇ.

— سەن نېمىشقا توي كېچىسى ئېرىڭنى مازاق قىلدىڭ؟ بۇ ياخشى ئەھۋال ئەمەس. بۇ ئەدەبسىزلىك بولىدۇ. بۇ سېنىڭ تەربىيە كۆرمىگەنلىكىڭنى ئىسپاتلايدۇ! — دەپتۇ پادىشاھ.

— دادا سىز بىر تەرەپنىڭلا گېپىنى ئاڭلىدىڭىز، مۇبادا ھەر ئىككى تەرەپنىڭ ئەرزىنى ئاڭلىغان بولسىڭىز، ئۇ ھالدا توغرا ھۆكۈم چىقارغان بولاتتىڭىز! — دەپتۇ مەلىكە.

— ئۇنداق بولسا سۆزلىگىن، مەن بولغان ئىشنىڭ باش ـ ئاخىرىنى ئاڭلاپ، كىمنىڭكى توغرا، كىمنىڭكى خاتا ئىكەنلىكىگە ھۆكۈم قىلاي! — دەپتۇ پادىشاھ.

— شاھ ئاتا، بەلكىم ئېسىڭىزدىدۇ، قايسى بىر يىلى ھەرەمگە

www.uyghurkitap.com

ماڭدۇق. بىر كۈنى مەلۇم بىر جايدا قونغانىدۇق . . . — دەپتۇ مەلىكە.

— ئېسىمدە، — دەپتۇ پادىشاھ بىر پەس ئويلاپ تۇرۇپ.

ئارقىدىنلا مەلىكە ھېلىقى كۈنى يۈز بەرگەن ئىشنى يىپىدىن - يىڭنىسىغىچە پادىشاھقا سۆزلەپ بېرىپتۇ ۋە:

— ھېلىقى ئوغرى يولۋاس، شىر، بۆرىلەردىن قىلچە قورقۇپ قالمىدى، ئەكسىچە سىزنىڭ بۇ كۆيئوغلىڭىز بىر مۈشۈكتىن قورقۇپ جان - پېنى چىقىپ كەتتى. بۇ ئىككىسىنى سېلىشتۇرۇپ ئۆزۈمنى تۇتالماي كۈلۈۋەتتىم. مېنىڭ دېمەكچى بولغانلىرىم مۇشۇلار، ئەمدى سىزنىڭ جازا بېرىشىڭىزنى كۈتىمەن، — دەپتۇ.

پادىشاھ قىزىنىڭ سۆزىنى ئاڭلاپ ھەيران قاپتۇ ۋە ئىككىنچىلەپ ئاچچىقلانماپتۇ، ئۇ قىزىغا:

— بۇ گەپكە قارىغاندا، سەندىن سەۋەنلىك ئۆتمەپتۇ، ئۇنىڭ قىلىقى ھەقىقەتەن كۈلكىلىك ئىكەن. ئۇنداق بولسا، سەن بىر نەۋرە ئاكاڭ بىلەن بىللە بولامسەن ياكى ھېلىقى باتۇر ئوغرى بىلەن توي قىلىشنى خالامسەن؟ — دەپتۇ.

— ھۆرمەتلىك شاھ ئاتا، بۇنىڭغا مەن بىر نېمە دېيەلمەيمەن، ئۆزىڭىز بىر نېمە دەڭ، لېكىن مېنىڭ سىزگە دەيدىغىنىم شۇكى، بىر قىز تاللىغان يىگىت ئالدى بىلەن ئەرلىك غورۇرى بولۇشى، بىرەر ئىشقا يولۇققاندا ئېغىر - بېسىق، قورقماس يۈرەك بولۇشى كېرەك. شۇنداق قىلغاندا باتۇرلۇقنى توغرا يولغا باشلىغىلى بولىدۇ، — دەپتۇ مەلىكە.

— مەن سېنىڭ گېپىڭگە قايىلمەن. ئەمدى مەن سەن دېگەن ئوغرىنى تاپتۇرۇپ كېلىپ، ئۇنى توغرا يولغا باشلايمەن، سېنى شۇنىڭغا ياتلىق قىلىمەن، قوشۇلامسەن - يوق؟ — دەپتۇ پادىشاھ.

قىز خىجىل بولغان ھالدا بېشىنى لىڭشىتىپ قويۇپ:

— هۆرمەتلىك شاھ ئاتا، سىز ئۇنى قانداق تاپالايسىز؟ — دەپتۇ.

— ئۇنى تېپىشقا ئامالىم بار. ئۇزۇن ئۆتمەي، ئۇنى سىبنىڭ يېنىڭغا ئەكەلدۇرۇپ بېرىمەن، — دەپتۇ پادىشاھ.

ئەتىسى پادىشاھ ئادەم ئەۋەتىپ ھېلىقى كونى مەلىكىنى ئوغرىلاپ كەتكەن جايغا ئىلان چاپلاتقۇزۇپتۇ، ئىلانغا، پادىشاھ پوستانى ئاينىڭ پالانى كۈنى پايتەختتە كاتتا زىياپەت ئۆتكۈزۈپ بۇ رايوندىكى خەلقلەرنى كۈتۈۋالىدۇ، بۇنىڭدىكى مەقسەت بىر ئەمىر[1] سايلىماقچى، دەپ يېزىلىپتۇ.

بۇ خەۋەر ناھايىتى تېزلا قۇلاقتىن - قۇلاققا يېتىپتۇ. كۆپچىلىك بۇ زىياپەتكە خۇشاللىق بىلەن قاتناشماقچى بوپتۇ. ئۇلار سەپەر تەييارلىقىنى تولۇق راسلاپتۇ. بەلگىلىگەن كۈنمۇ يېقىنلىشىپ قاپتۇ. خەقلەر ئايىغى ئۈزۈلمەي پايتەختكە ئېقىپتۇ. پادىشاھ چېدىر تىكىپ ئۇلارنىڭ قونىدىغان جايلىرىنى تەييارلاپتۇ.

پادىشاھ زىياپەت ئۆتكۈزگەن كۈنى داستىخاننى ھەر خىل نازۇنېمەتلەر، ئېسىل مەي - شارابلار بىلەن تولدۇرۇپتۇ ھەم زىياپەت زالىغا كىرىدىغان جايىنىڭ ئالدىدىكى يولغا بىر قورقۇنچلۇق شىرنى باغلاپ قويۇپتۇ. زىياپەت زالىغا كىرگۈچىلەر شىرنىڭ يېنىدىن ئۆتۈشى كېرەك ئىكەن. ئۇنداق ماڭمىسا بىر كىچىك يول بىلەن ئايلىنىپ كىرگىلى بولىدىكەن، بىراق بۇ يول ناھايىتى تار بولۇپ مېڭىش تولىمۇ قىيىن ئىكەن. زىياپەتكە كەلگۈچىلەر شىرنىڭ يېنىدىن مېڭىشقا جۈرئەت قىلالماي كىچىك يول بىلەن ئەگىپ مېڭىپتۇ.

بىر ئاز ۋاقىت ئۆتكەندىن كېيىن قاۋۇل، بەستلىك بىر يىگىت كەپتۇ. ئۇ شىرنىڭ ئالدىغا كېلىپ، قىلچە قورقۇپ قالماي، شىرنىڭ

---

[1] بۇ يەردە يەرلىك ئەمەلدارلار كۆزدە تۇتۇلىدۇ.

www.uyghurkitap.com

توْكلىرىنى سىلاپ قويۇپ، ئۇنىڭ يېنىدىن ئۆتۈپ زىياپەت زالىغا كىرىپ كېتىپتۇ. ئۇ شىرنىڭ يېنىدىن ئۆتۈپ كېتىۋاتقاندا، شىر ئۇنىڭغا ھۆرمەت بىلدۈرگەندەك ئاغزىنى ئېچىپ، قويۇۋېتىشنى شىپاڭلىتىپ قويۇپتۇ. بۇ ئەھۋالنى يان تەرەپكە يوشۇرۇنۇۋېلىپ قاراپ تۇرغان پادىشاھ بىلەن مەلىكە كۆرۈپتۇ.

— بۇ ھېلىقى ئادەم شۇغۇ دەيمەن؟ — دەپتۇ پادىشاھ قىزىغا.

— ھەئە شۇ! — دەپتۇ مەلىكە بېشىنى لىڭشىتىپ.

زىياپەت ئاياغلاشقاندا، پادىشاھ يېقىن ئادىمىدىن بىرىگە ھېلىقى ئادەمنىڭ دادىسىنىڭ، بوۋىسىنىڭ نام - شەرىپىنى بىلىپ كېلىشكە بۇيرۇپتۇ.

پادىشاھنىڭ يېقىنى ناھايىتى تېزلا ئەھۋالنى ئۇقۇپ كېلىپ ئەينى بويىچە پادىشاھقا مەلۇم قىپتۇ. پادىشاھ ھېلىقى ئادەمنىڭ يېنىغا كېلىپ:

— سىنىڭ ئاتا - بوۋىلىرىڭ ئەينى چاغدا دۆلىتىم ئۈچۈن زور تۆھپىلەرنى قوشقان. مەن ياخشىلىقنى قايتۇرىدىغان ئادەم. سىلەرنىڭ رايوننىڭ ئەمىرلىكىگە سېنى تەيىنلەيمەن. پۇقرالىرىڭمۇ سېنى سايلىشىنى ئۆتۈنىمەن. سېنىڭ ياخشى ئىشلەپ كېتەلەيدىغانلىقىڭغا ئىشەنچىم كامىل، — دەپتۇ.

ھېلىقى ئادەم پادىشاھنىڭ ئۆزىگە ئىشەنگەنلىكىگە كۆپ رەھمەت ئېيتىپتۇ. پادىشاھ شۇ رايوننىڭ پۇقرالىرىدىن ئۇنى ئەمىر قىلىپ سايلاشنى ئۆتۈنۈپتۇ. شۇنىڭ بىلەن، ھېلىقى ئوغرى راستىنلا ئەمىر بولۇپ سايلىنىپتۇ.

يىگى ئەمىر ۋەزىپىگە تەيىنلەنگەندىن كېيىن، پۇقرالىرىنى ئوبدان باشقۇرۇپتۇ. ناھايىتى تېزلا خەقلەرنىڭ ماختىشىغا سازاۋەر بوپتۇ.

بىر كۈنى پادىشاھ ئۇنى پايتەختكە چاقىرىپ كېلىپ:

— پۇقرالىرىمنىڭ ئېيتىشىچە، سەن ئەقىللىق، قابىلىيەتلىك، كىشىلەر ھىمايە قىلىدىغان ئەمىر بوپسەن، سېنىڭ ئاشۇنداق ئاجايىپ قابىلىيىتىڭدىن تېخىمۇ پايدىلىنىش مەقسىتىدە سېنى ئوردىغا يۆتكەپ ئوڭ قول ۋەزىر قىلماقچى بولۇۋاتىمەن. قېنى بۇنىڭغا قوشۇلامسەن؟ — دەپ سوراپتۇ.

ئەمىر پادىشاھنىڭ تەكلىپىگە قوشۇلىدىغانلىقىنى خۇشاللىق بىلەن بىلدۈرۈپتۇ. ئۇ بىر نەۋرە ئاكىسىنى ئەمىرلىككە ئولتۇرغۇزۇپ، ئۆزى ئوردىغا قايتىپ كەپتۇ.

پادىشاھ ئۇنىڭغا ھەشەمەتلىك كاتتا بىر سارايىنى بوشىتىپ بېرىپتۇ ۋە خىزمەت قىلىشقا خىزمەتكارلارنى تەيىنلەپتۇ.

ئارىدىن خېلى كۈنلەر ئۆتۈپتۇ، پادىشاھ قول ئاستىدىكى ئادەملەرنى ئىشقا سېلىپ، مەلىكە بىلەن توي قىلىشنى ئۇنىڭ سەمىگە ساپتۇ.

— پادىشاھنىڭ ساھىبجامال بىر قىزى بار. ھازىر تازا بويىغا يېتىپ قالدى، سىز پادىشاھقا ئۇنىڭ بىلەن توي قىلىش ئارزۇسىدا ئىكەنلىكىڭىزنى ئېيتىڭ، — دەپتۇ ھېلىقى كەلگەن ئادەم.

— مۇبادا مەن پادىشاھتىن قىزى بىلەن توي قىلىشنى ئۆتۈنسەم پادىشاھ قىزىنى ماڭا بېرەرمۇ؟ — دەپ سوراپتۇ يىگىت.

— مېنىڭچە، جەزمەن بېرىدۇ. مەن پادىشاھنىڭ سىزنى تاللانتلىق ۋە باتۇر دەپ نەچچە قېتىم ماختىغانلىقىنى ئاڭلىغانىدىم، — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ ھېلىقى ئادەم.

يىگىتنىڭ ئىشەنچىسى ئېشىپتۇ. بىر قېتىم ئۇ پادىشاھ بىلەن يالغۇز قالغاندا، پادىشاھقا:

— ئالىيلىرى مېنىڭ بىر سۆزۈم بار ئىدى. سىلىگە دېسەم بولامدۇ، بولمامدۇ، ھېچ بىلەلمىدىم، بىر ئىشنى كۆڭلۈمدە ساقلاپ كېلىۋاتقىلى خېلى ئۇزۇن بولدى، — دەپتۇ.

— قېنى دەۋەرگىن، مۇبادا سېنىڭ گېپىڭ دۆلەتكە پايدىلىق

www.uyghurkitap.com

بولسا، قوبۇل قىلىمەن ۋە شۇ بويىچە ئىشلەيمەن. ئەگەر شەخسى ئىشىڭ بولسىمۇ، قولۇمدىن كېلىشىچە تەلىپىڭنى قاندۇرىمەن، — دەپ ئىلھام بېرىپتۇ پادىشاھ ئۇنىڭغا.

— ھۆرمەتلىك پادىشاھ ئالىيلىرى، ئەگەر مەن تەلىپىمنى ئوتتۇرىغا قويسام، مېنى بەكمۇ ھەددىدىن ئېشىپ ھۆرمەتسىزلىك قىلدى دېمىسىلە.

— مەن سىزنى ئوردامدىكى يېقىن ئادەملەر قاتارىدا كۆرىمەن، كۆڭلۈڭدە نېمە بولسا تارتىنماي دەۋەرگىن، — دەپتۇ پادىشاھ يەنە.

بۇ گەپنى ئاڭلاپ يىگىت كۆڭلىدە: «پادىشاھنىڭ گېپىگە قارىغاندا، مەلىكە بىلەن توي قىلىش ئارزۇيۇم ئىشقا ئاشىدىغان ئوخشايدۇ» دەپ ئويلاپتۇ ـ دە، يۈرىكىنى قاپتەك قىلىپ:

— پادىشاھ ئالىيلىرى، مەن سىلىدىن ئۆز قىزلىرىنى ماڭا ياتلىق قىلىشلىرىنى سورايمەن، — دەپتۇ.

پادىشاھ بۇ گەپنى ئاڭلاپ خۇشال بوپتۇ ۋە ئىچىدە رازىلىقىنى بىلدۈرۈپتۇ. لېكىن، بۇنى بىلىندۈرمەي شۇنداق دەپتۇ:

— ئاۋۋال مەلىكىدىن سوراپ باقاي، ئۇ نېمە دەيدىكىن؟

يىگىت چىقىپ كېتىپتۇ. پادىشاھ ئۇنىڭ تەلىپىنىڭ جەزمەن ئەمەلگە ئاشىدىغانلىقىغا چوڭقۇر ئىشەنچ باغلاپتۇ.

ئەتىسى پادىشاھ يىگىتنى چاقىرتىپ مەلىكىنىڭ قوشۇلغانلىقىنى ئېيتىپتۇ ۋە توي كۈنىنى توختىتىپتۇ. توينىڭ تەييارلىقى ناھايىتى تېزلا پۈتۈپتۇ.

توي كېچىسى قىزنى يىگىتنىڭ ھوجرىسىغا كىرگۈزۈپ قويۇپتۇ. يىگىت قىزنىڭ بۇرۇن ئۆزى ئوغرىلاپ يەنە ئۆزى جايىغا ئاپىرىپ قويغان قىز ئىكەنلىكىنى تونۇپتۇ ۋە ھەددىدىن زىيادە خۇشال بولۇپ كېتىپتۇ. ئۇلار ئىناق، بەختلىك تۇرمۇش كەچۈرۈپتۇ.

# مېھرىبان ئارال

(سەئۇدى ئەرەبىستان)

بۇرۇنقى زاماندا ھۆرمەتكە سازاۋەر بىر پادىشاھ ئۆتكەن بولۇپ، ئۇنىڭ ئىسمى ئادىل ئىكەن. ئۇ، دېڭىزدىكى بىر ئارال دۆلىتىگە ھۆكۈمرانلىق قىلىدىكەن. ئۇنىڭ ھۆكۈمرانلىقىداخەلقلەر خاتىرجەم، بەختلىك ياشايدىكەن. بۇ ئارالغا سىرتتىن ھەر قانداق بىر مېھمان كەلسە، ئۇنى پادىشاھ قىزغىن كۈتۈۋالىدىكەن. شۇڭا بۇ پادىشاھنىڭ مۇبارەك نامى يەتتە ئىقلىمغە تارقالغانىكەن. بۇ ئارالنى كىشىلەر «مېھرىبان ئارال» دەپ ئاتايدىكەن.

لېكىن خانىش توكمىيە ناھايىتى يامان ئايال بولۇپ، خەلقلەر ئۇنى بەكمۇ ئۆچ كۆرىدىكەن. چۈنكى ئۇ مۇشتۇمزورلارنىڭ ئاق كۆڭۈل پۇقرالارغا زىيانكەشلىك قىلىشىنى قوللايدىكەن ھەم ئۇلارنى كۈشكۈرتىدىكەن. پادىشاھ خوتۇنىغا دائىم، خەقلەرگە يامانلىق قىلساڭ گۇناھكاربولىسەن، دەپ نەسىھەت قىلىدىكەن. لېكىن، خانىش ئېرىنىڭ ئاگاھلاندۇرۇشىغا پىسەنت قىلماي، ئەكسىچە قارانىيەتلىك قىلىپ پادىشاھنى ئۆلتۈرۈۋېتىپتۇ ۋە ئۆزى پادىشاھلىق تەختكە ئولتۇرۇپتۇ. شۇنىڭدىن تارتىپ، توكمىيە تەپتارتماستىن ئارالدىكى پۇقرالارغا تېخىمۇ زۇلۇم سېلىشقا باشلاپتۇ. ئۇ، دېڭىزدا ئۇزۇن ۋاقىت سەپەر قىلىپ، ئارالدا دەم ئېلىپ مېڭىشنى ئويلىغان ياكى تاتلىق سۇيى ۋە يېمەكلىكلىرى ئۆكسۈپ قېلىپ، ئارالغا چىقىپ تولۇقلىۋالماقچى بولغان قوشنا ئەلنىڭ ساياھەتچىلىرىنى ئۆلتۈرۈۋېتىش ھەققىدە يارلىق چۈشۈرۈپتۇ.

توكىيە ئايال پادىشاھ بولغاندىن كېيىن، ئارالغا كەلگەن ساياھەتچىلەردىن ناھايىتى ئازلىرىلا تىرىك قايتۇپ، بۇ ئارال دۆلىتى توكىيەنىڭ زوراۋانلىق يۈرگۈزىدىغان جايىغا ئايلىنىپ قاپتۇ. كىشىلەر بۇ ئارالنى «مېھرىبان ئارال» دېمەي «رەھىمسىز ئارال» دەپ ئاتايدىغان بوپتۇ.

شۇ چاغدا بۇ ئايال پادىشاھنىڭ مەيبۇرۇك ئىسىملىك بىر ئوغلى بار ئىكەن. بالىنىڭ مىجەز - خۇلقى دادىسىنىڭكىگە ئوخشايدىكەن. شۇڭا خەلق ئۇنى ياخشى كۆرىدىكەن. شاھزادە مەيبۇرۇك چوڭ بولغاندىن كېيىن، بىر ئاددىي پۇقرانىڭ قىزى بىلەن توي قىپتۇ. خوتۇنى ئۇنىڭغا چىرايلىق بىر قىز تۇغۇپ بېرىپتۇ، قىزنىڭ ئىسمىنى نۇرئويۇن قويۇپتۇ. نىيىتى بۇزۇق ئايال پادىشاھ ئوغلى مەيبۇرۇكنىڭ خەلقنىڭ قوللىشىغا ئىگە بولۇپ، ئۇنىڭ پادىشاھلىق تەختكە ئولتۇرۇپ قېلىشىدىن بەكمۇ ئەنسىرەيدىكەن. شۇنىڭ بىلەن ئايال پادىشاھ كىچىك مەلىكە نۇرئويۇننىڭ بىر ياشقا توشقان كۈنى تاماققا زەھەر سېلىپ ئەر - ئايال ئىككىسىنى ئۆلتۈرۈۋېتىپتۇ.

ئايال پادىشاھ توكىيە ھۆكۈمرانلىق قىلىۋاتقان يىللىرى مۇشتۇمزورلار خالىغانچە زورلۇق - زومبۇلۇق قىلىپ، پۇقرالارنىڭ ئۆيلىرىنى ۋەيران قىپتۇ، ئۇلارنىڭ مال - مۈلۈك ۋە ئوزۇق - تۈلۈكلىرىنى بۇلاپ تالاپتۇ. ئايال پادىشاھ ئۇلارنى جازالىماقتا يوق، ئەكسىچە خۇشال بولۇپ، قاقاقلاپ كۈلۈپتۇ. شۇ يىللىرى، ئوردىدا كىچىك مەلىكە نۇرئويۇندىن باشقا خەقنىڭ دەردىگە دەرمان بولىدىغان ھېچكىم يوق ئىكەن، مەلىكە توكىيەنىڭ خورلىشىغا ۋە بوزەك قىلىشىغا ئۇچراپ تۇرىدىكەن.

يىللار شۇنداق تېز ئۆتۈپتۇ. مەلىكە نۇرئويۇن چوڭ بوپتۇ. ئۇ بارغانسېرى زىلۋا بويلۇق، ئايدەك چىرايلىق، ئەخلاقلىق، مۇلايىم، گۈزەل قىز بولۇپ، تازا ۋايىغا يېتىپتۇ. مەلىكە نۇرئويۇن خانىش

توكيەنىڭ قول ئاستىدىكى ئەمەلدارلارنىڭ قارانىيەت، ئەخلاقسىزلىقىنى بىلگەچكە، كۆپلىگەن باي ئائىلىلەردىن كەلگەن ئەلچىلەرنى رەت قىپتۇ. مەلىكە ئاق كۆڭۈل ، ئەخلاقلىق، يۈرەكلىك، قورقماس ۋە باتۇر بىر يىگىت بىلەن توي قىلىشنى كۆڭلىگە پۈكۈپتۇ. كۆڭلىدە: «شۇنداق يىگىتلا بوۋام ئادىل ھۆكۈمرانلىق قىلغان چاغدىكىدەك بۇ دۆلەتنى توغرا، مېھرىبان، پادىشاھلىق قىلىپ چىقىشقا ماڭا ياردەم قىلالايدۇ. ئۇنداق بولمىسا، مەن ئۆمۈر بويى تۇل ئۆتۈشكە رازى» دەپ ئويلايدىكەن.

بىراق يىگىتلەر ھەر نۆۋەت مەلىكىگە توي قىلىش تەلىپىنى قويغاندا، زالىم ئايال پادىشاھ ئۇلارنىڭ ئەسكى ئىشلارنى قىلىشنى ۋە نۇرغۇن ئالتۇن ـ كۈمۈش تاپشۇرۇشنى تەلەپ قىلىدىكەن. چۈنكى ئايال پادىشاھ، مۇشۇ ئىككى شەرتنى ئورۇنلىسىلا، مەلىكىگە كۆڭلۈمدىكىدەك بىر بۇزۇقنى تېپىپ بەرگىلى بولىدۇ، ئۇنداق بولماي مەلىكە ياخشى كۆرىدىغان، خەلق ھىمايە قىلىدىغان ياخشى پەزىلەتلىك، ئاق كۆڭۈل يىگىتنى تاپسام مېنىڭ پادىشاھلىق ئورنۇم خەۋپ ئاستىدا قالىدۇ، دەپ قارايدىكەن. شۇ چاغدا مەلىكە يارىتىدىغان ئاق كۆڭۈل يىگىتلەر كەمبەغەللەرنىڭ بالىلىرى بولغاچقا، ئايال پادىشاھ تەلەپ قىلغان ئالتۇننى بېرەلمەپتۇ ۋە يامان ئىشلارنى قىلىشقا ئۇلارنىڭ قولى بارماپتۇ. مەلىكە ئايال پادىشاھنىڭ تەلەپلىرىنى ئورۇنلىغان بۇزۇقلار بىلەن توي قىلىشقا زادى ئۇنىماپتۇ.

بۇ ئارال دۆلىتىدە ئاق كۆڭۈل، رەھىمدىل پۈرقەت ئىسىملىك بىر باي سودىگەر بار ئىكەن. ئۇ دائىم كەمبەغەللەرگە ياردەم قىلىدىكەن ۋە يار ـ يۆلەكتە بولىدىكەن. شۇڭا ئايال پادىشاھ توكيەنىڭ بۇ سودىگەرگە بەكمۇ ئۆچلۈكى كېلىدىكەن. ئۇ پۈرقەتنىڭ مال ـ دۇنياسىغا كۆز تىكىپ تۇرغان بىر توپ بۇزۇقلارنى كۈشكۈرتۈپتۇ ۋە ئۇنى تۇتقۇزۇپ كېلىپ زىندانغا تاشلاپتۇ ـ دە،

ئۇنىڭ خوتۇنى بىلەن قىزىنى قوغلىتىۋېتىپتۇ. خېلى يىللار ئۆتكەندىن كېيىن، بىچارە سودىگەرنى قويۇپ بېرىپتۇ. ئۇ، ھەممە يەرگە بېرىپ خوتۇنى بىلەن قىزىنى ئىزدەپتۇ. ئاخىر ئانا ـ بالا ئىككىيلەننى دېڭىز ساھىلىدىن تېپىپتۇ. شۇ چاغدا، ئايالىنىڭ ئاي ـ كۈنىمۇ يېقىنلىشىپ قالغانىكەن. ئۇلار دېڭىز ياقىسىدا كەپىدىن بىرنى ياساپ، پاناھلىنىدىغان جايغا ئىگە بوپتۇ. ئۇزۇن ئۆتمەي پۇرقەتنىڭ ئايالى ئوغۇل تۇغۇپتۇ. ئۇلار مەرھۇم ئاق كۆڭۈل پادىشاھنى ياد ئېتىپ بالىسىنىڭ ئىسمىنى ئادىل قويۇپتۇ.

شۇنداق قىلىپ ئىلگىرى سودىگەرچىلىك قىلغان پۇرقەت ئەمدى بېلىقچىلىق قىلىپ كۈنىنى ئېلىشقا باشلاپتۇ. ئۇ ھەر كۈنى تۇتقان بېلىقلىرىدىن كۈندىلىك تاماققا دەپ ئازراق قالدۇرۇپ قالغىنىنى بازارغا ئاپىرىپ سېتىپ، كۈندىلىك تۇرمۇش بۇيۇملىرى، كىيىم ـ كېچەك، يېمەك ـ ئىچمەك ۋە دورا ـ دەرمەك ئېلىپ كېلىدىكەن. ئۇنىڭدىن باشقا ئۇلار ئامال قىلىپ ئازراق پۇل يىغىپ ئوغلى ئادىلنى ئوقۇتۇشنى كۆڭلىگە پۈكۈپتۇ.

ئادىل كىچىكىدە ناھايىتى ساددا، ئۇنىڭ جاھاننى چۈشىنىشىمۇ تولىمۇ ئۆزە ئىكەن. ئۇ پەقەت ئۆيىنى، بېلىقچىلارنىڭ كونا كەپىلىرىنى، ئەتراپتىكى ئورمانلىقنى، دېڭىز ساھىلىنى، دولقۇنلاپ تۇرغان دېڭىزنى، شۇنىڭدەك دولقۇنلار ئىچىدە كېتىۋاتقان بېلىقچىلىق كېمىلىرىنىلا بىلىدىكەن. ئۇ دائىم دادىسىنىڭ ئۆزلىرىنى ئۆيدە قالدۇرۇپ قويۇپ، يېزىدىكى باشقا بېلىقچىلار بىلەن بىللە دولقۇنلارنىڭ كېمىلەرنى يۇتۇپ كېتىشىدەك خەتەرگە قارىماي، دېڭىزغا بېلىق تۇتۇشقا بارىدىغانلىقىنى، ئۇلار شۇنداق ئىشلىسىمۇ، بېلىقچىلارنىڭ ئۈچىسىغا ئىلغۇدەك كىيىم، قورسىقى تويغۇدەك ئاشقا ئىگە بولالمايۋاتقانلىقىغا دىققەت قىلىپتۇ.

ئادىل شەھەرگە كىرىپ مەكتەپتە ئوقۇغاندىن كېيىن، ئۇنىڭ



www.uyghurkitap.com

كۆزى ئېچىلىشقا باشلاپتۇ. كۆپ نەرسىلەرنىڭ تېگىگە يېتىپتۇ. ئۇ بىر نەرسىنىڭ سېھرى كۈچىنىڭ ناھايىتى زور ئىكەنلىكىنى، ئەگەر شۇ نەرسە بولغاندىلا، ھەشەمەتلىك ساراي، قەسىرلەرنى سالدۇرغىلى، قىممەت باھالىق كىيىم - كېچەكلەرنى سېتىۋالغىلى، ھەر خىل ئېسىل نازۇ نېمەتلەرنى يېگىلى بولىدىغانلىقىنى ئاستا - ئاستا تونۇپ يېتىشكە باشلاپتۇ. بۇ سېھرى كۈچ دەل پۇل ئىكەن.

ئادىل ھەر كۈنى مەكتەپتىن قايتقاندا، بېلىقچىلىق كەنتىگە شەھەردىكى خەۋەرلەرنى ئالغاچ كېلىدىكەن. ئۇ مەلىكە نۇرئويۇننىڭ ئۆزىگە لايىق ئىززەتتانلىقىنى، يەنى ئۇنىڭ ئەخلاقلىق، ئالىيجاناب، ئەمگەكچان، باتۇر يىگىت بىلەن توي قىلىدىغانلىقىنى بىلىپتۇ. ھېلىقى نىيىتى قارا ئايال پادىشاھ توكىيەنىڭ پۇل بىلەن ياۋۇزلۇقنى كۈيئوغۇل تاللاشنىڭ شەرتى قىلغانلىقىدىنمۇ خەۋەر تېپىپتۇ. قىزنىڭ شەرتىگە ئۇ پۇتۇنلەي توشىدىكەن، كېيىنكى شەرتكە ئۇنىڭ ئامالى يوق ئىكەن. شۇنىڭ بىلەن ئادىل مەلىكىگە توي قىلىش تەلىپىنى قويالماي، مەلىكە بىلەن پۇقرالارنى ئايال پادىشاھنىڭ چاڭگىلىدىن قۇتۇلدۇرۇشقا ئامالسىز قېلىپ ناھايىتى قايغۇرۇپتۇ.

بىر كۈنى پۇرقەت ئوغلى ئادىلنىڭ شەھەردىن كۆڭلى غەش قايتقانلىقىنى، چىرايى تۇتۇلۇپ تۇرغانلىقىنى، بۇرۇنقىدەك شەھەردە كۆرگەن - ئاڭلىغانلىرىنى ئاغزى - ئاغزىغا تەگمەي سۆزلەپ كەتمىگەنلىكىنى بايقاپتۇ. شۇنىڭ بىلەن ئوغلىدىن:

زادى نېمە ئىش بولدى؟ — دەپ سوراپتۇ. ئادىل دادىسىغا كەمبەغەللەر بىلەن بايلارنىڭ ئوتتۇرىسىدا ئاسمان - زېمىن پەرقنىڭ بارلىقىنى، بايلارنىڭ شەھەردىكى ھەشەمەتلىك سارايدا ئەيش- ئىشرەت، كەيپ - ساپا سۈرۈپ، پۇل دېگەننى خالىغانچە بۇزۇپ- چاچىدىغانلىقىنى، يېزىلاردىكى كەمبەغەللەر بىلەن شەھەردىكى كەمبەغەللەرنىڭ ئۆيلىرىنىڭ ۋەيرانە ئىكەنلىكىنى، ئۇچىسى ياپقۇدەك

كىيىمگە، قورسىقى تويغۇدەك تاماقلا ئىگە بولالماي كۈن ئۆتكۈزۈۋاتقانلىقىنى سۆزلەپ بېرىپتۇ. ئۇ يەنە دادىسىغا مەلىكە نۇرئويۇن بىلەن تويى قىلىپ، ئارال دۆلىتىنى ئايال پادىشاھنىڭ ھۆكۈمرانلىقىدىن قۇتۇلدۇرۇشقا قەتئىي بەل باغلىغانلىقىنى، لېكىن پۇلى بولمىغانلىقى ئۈچۈن بۇ ئارزۇسىغا يېتىشكە بولمايدىغانلىقىنى سۆزلەپ بېرىپتۇ.

پۇرقەت ئوغلىنىڭ بۇ گەپلىرىدىن ئەجەبلىنىپ كەتمەپتۇ. چۈنكى ئۇ ئادىلنىڭ باتۇر يىگىت بولۇپ چوڭ بولىدىغانلىقىغا كۆزى يەتكەنىكەن. پۇرقەت ئوغلىنىڭ دۆلەت ۋە پۇقرالارنىڭ غېمىنى يەيدىغان ئېسىل پەزىلىتىگە خۇشال بوپتۇ. لېكىن، پۇرقەت ئوغلىنىڭ ئەمدىلەتىن كىشىلىك تۇرمۇشقا قەدەم باسقان چاغدا يامان ئىشلارنى قىلماسلىقى، بۇ قەدەمنى توغرا بېسىشى، يولدىن ئېزىپ قالماسلىقى ۋە ھودۇقۇپ كەتمەسلىكى ئۈچۈن سەممىي نەسىھەت قىلىپ قويۇشنى ئويلاپتۇ. شۇنىڭ بىلەن، دادىسى ئۇنىڭغا ئالتۇن- كۈمۈش، مال - دۇنيا توغرىسىدىكى ھېكايىنى سۆزلەپ بېرىپتۇ.

— پۇل دېگەن ھەممىگە قادىر ئەمەس، بالام! ناھايىتى كەلسە ئۇنىڭ كىشىلەرنىڭ تۇرمۇشىنى تېخىمۇ باياشاد، خاتىرجەم ئۆتكۈزۈشكە پايدىسى تېگىدۇ. لېكىن، بۇنىڭ ئىچىگە ناھايىتى چوڭ خەۋپ يوشۇرۇنغان. مەن ئەسلى بىر ھاللىق سودىگەر ئىدىم. تۇرمۇشۇمۇ خاتىرجەم ئىدى. بىراق نەپسانىيەتچىلىك قىلىپ، پۇلنىلا كۆزلەپ سودىدا ساختىپەزلىك قىلىشقا باشلىدىم. ئاخىرى نەپسىم يوغاناپ كەتكەنلىكتىن ئاجىزلارنى بوزەك قىلىپ، پۇل ئوندۇرۇۋېلىشتىنمۇ يانمىدىم. شۇنداق قىلىپ، ئاز كۈنگە قالماي نۇرغۇن بايلىققا ئىگە بولدۇم. لېكىن، گۇناھىممۇ تازا ئۆتكۈزدۇم. كېيىن مەن ئىنسابىمنى يوقاتقانلىقىمنى بىلىپ، ئۆزۈمگە قاتتىق ئاچچىقلاندىم ۋە نەپسانىيەتچىلىك يولىدا ھەممىگە قارىمايدىغان

پەسكەشلىكتىن قول ئۈزدۈم. نامراتلارغا ياردەم قىلىپ، ئۆتكۈزگەن گۇناھلىرىمنى يۇيماقچى بولدۇم. ئۇنىڭدىن كېيىن ئايال پادىشاھ ئائىلىمىزنى ۋەيران قىلىپ، بىزنى سەرسانلىققا سېلىپ قويدى. مېنىڭ ئايلاپ - يىللاپ يىغقان مال - دۇنيايىم كۆزنى يۇمۇپ ئاچقىچە بولغان ئارىلىقتا تۈگىدى. بۇنى ئىلگىرى ئۆتكۈزگەن گۇناھىمنىڭ ئۆزۈمگە يېنىشى دەپ بىلدىم. مەن گۇناھىم تۈپەيلى ئەنە شۇنداق كۈنگە قېلىشىم ھەق ئىدى، — پۇرقەت ئوغلىغا قاراپ قويۇپ سۆزىنى داۋام قىپتۇ، — مەندەك نامرات بىلىقچى داداڭدا سېنىڭ مەلىكىگە توي قىلىش تەلىپىنى قويۇشۇڭ ئۈچۈن پۇل يىغىپ بەرگۈدەك نەدە ئۇنداق ماجال بولسۇن، ئەگەر سەن، نىيىتىمدىن زادى يانمايمەن دېسەڭ، ھالال كۈچۈڭگە تايىنىپ پۇلنىڭ يولىنى ئۆزۈڭ قىلغىن. پۇل تېپىشنىڭ مۇنداق ئىككى خىل ئامالى بار: بىرى ناھايىتى ئاددىي، يەنى يامان ئىشلارنى قىلساڭ، مەلىكە باشقا بايلارنىڭ بالىلىرىنىڭ تەلىپىنى رەت قىلغاندەك سېنىڭ تەلىپىڭنىمۇ رەت قىلىۋېتىشى مۇمكىن؛ يەنە بىر ئامال، ناھايىتى قىيىن، لېكىن بۇ توغرا يول، بۇنىڭ ئۈچۈن جاپالىق ئەمگەك قىلساڭ، چىدام ۋە غەيرەتلىك بولساڭ، مېھنەت تەرى ھېسابىغا پۇل توپلىيالايسەن. شۇ چاغدىلا مەلىكە سېنىڭ قەدرىڭگە يېتىدۇ.

ئاخىرى پۇرقەت ئوغلى ئادىلغا شۇنداق دەپتۇ.

— بالام، سەن ئۆز مەقسىتىڭگە جەزمەن يېتىمەن، دەپ شىجائەت كەمىرىنى باغلاپ سەپەرگە ھازىرلىنىۋاتىسەن، ھەر قانداق ئىشىڭغا خۇدا نۇسرەت ئاتا قىلغاي. شۇنداقتىمۇ مەن ساڭا يەنە بىر قېتىم سەمىمىي نەسىھەت قىلىپ قوياي: سەن يول بويى خەيرلىك ئىشلارنى كۆپرەك قىل، ئۆز پايداڭنى كۆزلەپلا، ئۆزگىگە ياخشىلىق قىلماسلىق ياخشى پەزىلەت ئەمەس. پەقەت ساۋابلىق ئىشلار سېنى نىيەت - ئىقبالىڭغا يەتكۈزۈشتە كۈچ بولىدۇ.

بېلىقچى ئوغلىغا بىر ئات، ئوزۇق ـ تۈلۈك تەييارلاپ بېرىپتۇ ۋە سەپىرىگە ئاق يول تىلەپتۇ. شۇنىڭ بىلەن ئاتا ـ بالا خەيرلىشىپتۇ.

گەپنىڭ راستىغا كەلسەك، ئادىل نېمە قىلىشىنى زادىلا بىلەلمەي قاپتۇ: ئەمدى نەگە بېرىپ پۇل تاپقۇلۇق؟ لېكىن ئۇ قىلىچە مەيۈسلەنمەي ئاتقا قامچا سالغىنىچە شەھەرگە ئۇچقاندەك چېپىپ كېتىپتۇ. ئاۋۋال شەھەرگە بېرىپ، ئوقەتنىڭ يولىنى قىلىپ، كېيىن پۇل يىغىپ ئاندىن نۇرئويۇنغا ئۆيلىنىمەن، دېگەننى كۆڭلىگە پۈكۈپتۇ.

ئادىل ئىككى كۈن يول يۈرۈپتۇ، يول ئۈستىدە بالا كۆتۈرۈپ كېتىۋاتقان بىر موماينى ئۇچرىتىپتۇ. بالا ئۇنىڭ قۇچىقىدا تۇرۇپ ھەدەپ يىغلاۋاتقۇدەك، ئادىل بۇنىڭغا چىداپ تۇرالماي، نېمە بولغانلىقىنى سورىغۇسى كەپتۇ. لېكىن، ئۇ ئۆزىنىڭ چوڭ ئىشقا تۇتۇش قىلىش ئۈچۈن كېتىۋاتقانلىقىنى ئويلاپتۇ ـ دە، لېۋىنى چىشلەپ، ئاتنى دېۋىتكىنىچە ئۆتۈپ كەتمەكچى بوپتۇ. لېكىن، موماي ئادىلغا ئېسىلىۋېلىپ ئۇنىڭ ياردەم قىلىشىنى سوراپ تۇرۇۋاپتۇ. مومايىنىڭ ئېيتىشىچە، ئەسلى بىر توپ قاراقچىلار بالىنىڭ ئاتا ـ ئانىسىنى ئۆلتۈرۈۋېتىپ، مال دۇنياسىنى بۇلىۋېلىپ، ئۆي ـ جايلىرىغا ئوت قويۇپ كۆيدۈرۈۋەتكەنىكەن. شۇ چاغدا بۇ موماي بالىنى ئېلىپ سىرتقا چىقىپ كەتكەچكە قاراقچىلاردىن ئامان قالغانىكەن.

موماي ھازىر بالىنى شەھەرگە ئاپىرىپ باشقىلارنىڭ ئۆزلىرىگە ئىچ ئاغرىتىپ، باشپاناھ بولۇشىنى تىلىمەكچى ئىكەن. لېكىن، ئىككى كۈن ئۆتۈپتۇ. ھېچكىم بۇلارنى شەھەرگە ئەكىرىپ قويماپتۇ. بالىنىڭ ئىچىدىغان سۈتى بولمىغانلىقتىن ئۆلەيلا دەپ قاپتۇ.

ئادىل مومايغا بەكمۇ ئىچ ئاغرىتىپتۇ ۋە ئۇلارغا ياردەم قىلماقچى بوپتۇ. لېكىن ئۇ، شەھەرگە تېزراق بېرىپ، ئاتنى سېتىشنى كېرەكلىكىنى، ئۇنىڭ پۇلىغا كىچىك دۇكان ئېچىپ، پۇل غەملەپ

ئۆزىنىڭ ئارزۇسىغا يەتمەكچى بولغانلىقىنى ئېسىگە ئاپتۇ ـ دە، باغرى تاشلىق قىلىپ ئاتنى چاپتۇرغىنىچە ئۇزاپ كېتىپتۇ.

ئادىل ئىككى كۈن يول يۈرگەندىن كېيىن، بىر توپ قاراقچىلارغا يولۇقۇپ قاپتۇ. ئۇلار ئادىلنى قاپسىۋېلىپ، ئېتى بىلەن ئوزۇق ـ تۈلۈك، ئازراق پۇلىنى تارتىۋېلىپ، ئاندىن ئۇنى تازا ئۇرۇپ چالا ئۆلۈك قىلىپ تاشلاپ كېتىپتۇ.

ئادىل ھوشىغا كېلىپ، بىر ئايالنىڭ ۋارقىرىغان ئاۋازىنى ئاڭلاپتۇ، شۇنداق قارىسا، بىر ئايال قولىدا خەنجەر ئوينىتىپ ئۆزىگە قاراپ كېلىۋاتقۇدەك. ئادىل ئۇنىڭدىن نېمە ئىش بولغانلىقىنى سوراپتۇ. ئايال ئادىلغا، بىر توپ قاراقچى كېلىپ ئېرى بىلەن باللىرىنى ئۆلتۈرۈۋېتىپ، ئۆيلىرىنى كۆيدۈرۈۋەتكەنلىكىنى، شۇ چاغدا ئۆزى ئۆيدە بولمىغاچقا، بەختكە يارىشا بۇ بالا ـ قازادىن ئامان قالغانلىقىنى سۆزلەپ بېرىپتۇ. ئايال ئائىلىسىنىڭ ئېچىنىشلىق تەقدىرىگە چىدىماي، قاراقچىلاردىن ئىنتىقام ئېلىش نىيىتىگە كەپتۇ. لېكىن ئۇ ئۆزى يالغۇزلۇق قىلغاچقا ئادىلنى ياردەم قىلىشقا تەكلىپ قىلىپتۇ.

ئادىل كۆڭلىدە: «بۇ ياش ئايال ئىككى كۈن ئىلگىرى ماڭا ئۇچرىغان ھېلىقى موماي بىلەن ئۇنىڭ نەۋرىسىنى قۇتقۇزۇپ قالسا، ئۇچىسى بىر ئائىلە بولاتتى ـ دە، ھال ـ كۈنىمۇ ئوبدان ئۆتەتتى» دەپ ئويلاپتۇ. شۇنداق قىلىپ، ھېلىقى ئايالنىڭ تەكلىپىنى قوبۇل قىلىپتۇ ـ دە، ئۇنىڭ قولىدىكى خەنجەرنى ئېلىپ، قاراقچىلارنىڭ قاياققا ماڭغانلىقىنى پەملەپتۇ. ئاندىن ئايال بىلەن بىللە قاراقچىلارنى قوغلاپ مېڭىپتۇ.

بۇ چاغدا ھېلىقى قاراقچىلار يول ياقىسىدا دەم ئېلىۋاتقانىكەن. ئادىل ئۇلارغا تۇيدۇرماي يېقىنلىشىپ، بىر ئاتقا سەكرەپ مىنىۋاپتۇ ـ دە، قاراقچىلارغا ئېتىلىپتۇ. بىر پەستىلا قاراقچىلارنىڭ

ئۆلگىنى ئۆلۈپ، قاچقىنى قېچىپ كېتىپتۇ. ئادىل بىلەن ھېلىقى ئايال قاراقچىلار بۇلاپ كەتكەن ئالتۇن - كۈمۈشلەرنى ئاتلىرىغا ئارتىپتۇ. شۇنداق قىلىپ، ئادىل ئىككى كۈن ئىلگىرى ئۆزى كارى بولماي تاشلاپ كەتكەن موماي بىلەن ئۇنىڭ نەۋرىسىنىڭ يېنىغا ئۇچقاندەك ئات ساپتۇ. ئادىل بۇ ياش ئايال موماي بىلەن بالىنىڭ ھالىدىن خەۋەر ئالسا، مەن سەپىرىمنى داۋام قىلسام بولاتتى، دەپ ئويلاپتۇ. لېكىن دادىسىنىڭ سەپەرگە چىقىدىغان چاغدا خەيرلىك ئىشلارنى كۆپ قىل، دېگەن ۋەسىيىتىنى يادىغا ئاپتۇ - دە، تۇل خوتۇن، قېرى، ئاجىزلار بىلەن بىر مەزگىل بولسىمۇ بىر ئائىلە بولۇپ ياشاش نىيىتىگە كەپتۇ. ئۇ ئۆزىنىڭ قاراقچىلارنىڭ ھۇجۇمىغا ئۇچراپ قالغانلىقىنى، ئىلگىرى بۇ مومايىنىڭ ھالىدىن خەۋەر ئالمىغانلىقىمدىن بولدى، دېگەن تونۇشقا كەپتۇ.

ئادىل بىلەن ياش ئايال موماي بىلەن بالىنىڭ يېنىغا كەلگەندە، ھېلىقى بالا ئاچلىقتىن ئۆلەيلا دەپ قالغانىكەن، ئايال بالىنى ئېمىتىپتۇ. ئادىل بۇ ئۇچىسىنى بىر يېزىغا ئەكىرىپ، قاراقچىلاردىن تارتىۋالغان ئالتۇن - كۈمۈشلەردىن بىر ئاز ئاپىرىپ بېرىپ، ئۇلارنىڭ تۇرمۇش خىراجىتىگە قالدۇرۇپتۇ، ئاندىن ئۇلار بىلەن خوشلىشىپ ئۆز-سەپىرىنى داۋاملاشتۇرۇپتۇ.

ئادىل ساق يىگىرمە تۆت كۈن يول يۈرۈپتۇ. پايتەختكە يېتىپ بېرىشقا ئالتە كۈنلۈك يول قاپتۇ. ئۇ كۆڭلىدە: «ئەمدى ئازراق ئوقەت قىلاي» دېگەن يەرگە كەپتۇ ۋە يېنىدىكى پۇلىغا ئانچە - مۇنچە مال ئېلىپ، ئوقەت قىلغاچ سەپىرىنى داۋاملاشتۇرۇپتۇ.

بىر كۈنى ئاق كىيىم كىيگەن بىر ئايال ئادىلنىڭ يولىنى توسۇپ، ئۇنىڭدىن ئوغلىنى قۇتقۇزۇپ قېلىشنى تەلەپ قىلىپتۇ. ئايال ئۇنىڭغا، بىر توپ گۇناھكارلارنىڭ ئوغلىنى تۇتۇپ كەتكەنلىكىنى، ئەمدى نۇرغۇن پۇل ھەم ئادىل مىنگەن ئاتقا ئوخشاش

www.uyghurkitap.com

ئاق ئات بەرسە ئوغلىنى قايتۇرۇۋالغىلى بولىدىغانلىقىنى ئېيتىپتۇ.
ئادىل بىر هازاغىچە ئويلىنىپ ئايالغا شۇنداق دەپتۇ:
— بولىدۇ! ساڭا بەردىم. خۇرجۇندا ئازراق پۇلۇم بار. ئۇنىمۇ ئالغىن! ئادەمنى قۇتقۇزۇش مۇھىم! لېكىن مەن سەن بىلەن بىللە بارالمايمەن. كەچۈرگەيسەن! چۈنكى مەن چوڭ بىر ئىشنىڭ هەلەكچىلىكىدە كېتىۋاتىمەن. مەن بۇ ئىشنى جەزمەن قىلىمەن دەپ قەسەم ئىچكەنىدىم. خۇدايىم بۇيرۇسا مەن ئارال دۆلىتىدىكى خەلقلەرنى ئايال پادىشاھنىڭ زۇلمىدىن قۇتقۇزىمەن.
ئايال ئاتنى ئاپتۇ ـ دە، رەھمەتمۇ ئېيتماي، كېتىپ قاپتۇ. ئادىل بۇ ئايالنىڭ قائىدە ـ يوسۇن بىلمىگەنلىكىگە ئاچچىقى كەپتۇ. لېكىن، ئۇ ئۆزىنىڭ قىلغان گېپىگە پۇشايمان قىلماپتۇ، نىيىتىدىن يانماي كۆڭلىگە پۈككەن ئىشنى پۈتتۈرمەكچى بوپتۇ. كىم بىلسۇن، ئادىل بىر نەچچە قەدەم ماڭمايلا هېلىقى ئاق كىيىملىك ئايال يەنە قايتىپ كەپتۇ. ئۇ ئادىلنىڭ يولىنى توسۇپ نەگە، نېمە قىلغىلى كېتىپ بارغانلىقىنى سوراپتۇ.
— سەن ۋاقىتنى غەنىيمەت بىلىپ ئوغلۇڭنى قۇتقۇزغىن. مەن بىر چوڭ ئىشنى قىلىش ئۈچۈن كېتىۋاتىمەن. مۇبادا مەندە ئات بىلەن پۇل بولمىسىمۇ، ئوخشاشلا ئارال دۆلىتىدىكى خەلقلەرنى ئازاب ـ ئوقۇبەتتىن قۇتقۇزىمەن، — دەپتۇ ئادىل.
— ساڭا راستىمنى ئېيتاي، مەن ئاددىي بىر ئايال ئەمەس، مۇشۇ ئارالدىكى ھەققانىيەت ئىلاھەسى بولىمەن. هازىر ئارالدىكى خەلقلەر قۇل قىلىنىپ، رىيازەت چەكمەكتە. ھەققانىيەتتىن سۆز ئېچىش مۇمكىن ئەمەس، سەن ئارالدا دەرھال ھەققانىيەتنى ئەسلىگە كەلتۈرۈشكە بەل باغلىغىن؛ شۇندىلا مەن خۇشال بولىمەن، باياتىن مەن سەندىن ئاق ئات بىلەن پۇل تەلەپ قىلىپ سېنىڭ ۋىجدانىڭ بىلەن پەزىلىتىڭنى سىنىدىم. ئەمدى مېنىڭ كۆڭلۈم تىندى. سەن

مەلىكە نۇرئويۇن بىلەن توي قىلىپ، ئارىلدا ھەققانىيەتنى قايتىدىن يولغا قويغۇچى، مەن بارلىق ئەۋلىيا ـ ئەنبىيا، جىن ـ شاياتۇنلارغا ساڭا ئىتائەت قىلىپ، سېنىڭ خىزمىتىڭدە بولۇشلىرى ئۈچۈن بۇيرۇقچۇشۇرمەن! ــ دەپتۇ ھېلىقى ئايال.

ئارقىدىنلا ھەققانىيەت ئىلاھەسى ئاق ئاتنى كۆرسىتىپ ئادىلغا مۇنداق دەپتۇ:

ــ سەن بۇ ئاتنى ئاددىي چاغلىما. بۇ سېنىڭ قىيىنچىلىقلار ئۈستىدىن غالىب كېلىشىڭگە ياردەم قىلىدۇ. سەن مۇشكۇلات داۋانلىرىغا ئاتنى مىنىپ، ئۇنىڭ يايلىنى مىدىرلىتىپلا قويساڭ قىيىن ئىشىڭ ئاسانغا توختايدۇ، ــ دەپتۇ.

ــ سېنىڭ دېگەنلىرىڭ راستمۇ؟ ــ دەپ سوراپتۇ ئادىل.

ــ راست، ئەمدى سەن كۆڭلۈڭگە پۈككەن ئىشنى پۈتتۈرگىن! ــ ھەققانىيەت ئىلاھەسى ئاتنىڭ چۇلۋۇرىنى ئادىلغا تۇتقۇزۇپ قويۇپتۇ ـ دە، ھەش ـ پەش دېگۈچىلا كۆزدىن غايىب بوپتۇ.

ئادىل ئاتقا مىنىپ، ئۇنىڭ يايلىنى مىدىرلىتىپتۇ. شۇ زامان كۆز ئالدىدا جىن ـ شاياتۇنلار پەيدا بولۇپ:

ــ بۇيرۇقىڭىزغا تەييارمىز، ھۆرمەتلىك خوجايىن! سىزگە نېمە لازىم؟ ــ دەپ سوراپتۇ.

ئادىل ئۆزىنى دەرھال شەھەرگە ئاپىرىشنى بۇيرۇپتۇ. ئۇ كۆزىنى يۇمۇپ ـ ئاچقۇچە بولغان ئارىلىقتا ئۆزىنى پايتەختتە كۆرۈپتۇ. ئۇ ئاتنىڭ يايلىنى يەنە مىدىرلىتىپتىكەن جىن ـ شاياتۇنلار پەيدا بوپتۇ. بۇ قېتىم ئادىل خۇرجۇننى ئالتۇن ـ كۈمۈش بىلەن تولدۇرۇشنى بۇيرۇپتۇ. ئادىلنىڭ تەلىپى ئىجاۋەت بوپتۇ. ئادىل يولدىن ئۆتۈپ كېتىۋاتقان بىر ئادەمدىن ئوردىغا بارىدىغان يولنى سورىۋاپتۇ ۋە ئۇدۇل ئايال پادىشاھ توكىيەنىڭ ئالدىغا كېلىپ، ئۇنىڭغا ئۆزىنىڭ كېلىشتىكى مەقسىتىنى ئۇقتۇرۇپتۇ. ئايال پادىشاھ ئادىلنىڭ مەلىكە

نۇرئويۇن بىلەن توي قىلىش ئۈچۈن كەلگەنلىكىنى بىلىپتۇ. ئۇ يېنىدىكى چوڭ بىر ساندۇقنى كۆرسىتىپ تۇرۇپ:

— سەن ئالدى بىلەن بۇنى ئالتۇن - كۈمۈش، ئۈنچە - مەرۋايىت، زىبۇزىننەتلەر بىلەن لىق تولدۇرۇپ، ئۆزۈڭنىڭ نۇرغۇن مال دۇنياغا ئىگە بىر كاتتا باي ئائىلىنىڭ ئوغلى ئىكەنلىكىڭنى ئىسپاتلىشىڭ لازىم، — دەپتۇ.

ئادىل ئوردىدىن چىقىپتۇ ۋە ئالتۇن - كۈمۈش، ئۈنچە- مەرۋايىتقا لىق تولغان خۇرجۇننى ئېلىپ كىرىپ ساندۇقنى تولدۇرۇپتۇ.

— ئەمدى سەن ئۆزۈڭنىڭ بىر يامان ئادەم ئىكەنلىكىڭنى ئىسپاتلىشىڭ لازىم. سەن شەھەر مەركىزىدىكى مەيدانغا نامرات گادايلاردىن يۈزنى يىغىپ مېنىڭ كۆز ئالدىمدا ئۇلارنى بىر - بىرلەپ ئۆلتۈرىسەن — دەپتۇ ئايال پادىشاھ.

ئادىل بۇ چاغدا تولىمۇ قىيىن ئەھۋالغا چۈشۈپ قاپتۇ. ئۇ قانداق قىلىپ سۆيۈملۈك مەلىكىنىڭ غەزەپ - نەپرىتىنى قوزغىماستىن، ئايال پادىشاھنىڭ تەلىپىنى ئورۇندىيالىسۇن؟ ئادىل ئۇيان ئويلاپ، بۇيان ئويلاپ بېشى تازا قېتىپتۇ، ئايال پادىشاھتىن بىر ئاز مۆھلەت بېرىشنى تەلەپ قىپتۇ. ئاندىن ئوردىدىن چىقىپ، ئاتقا مىنىپتۇ - دە، ئاتنىڭ يايلىنى مىدىرلىتىپ جىن - شاياتۇنلارغا ئۆزىنىڭ ھەققانىيەت ئىلاھەسى بىلەن كۆرۈشۈپ مۇھىم بىر ئىش ئۈستىدە ئۇنىڭدىن مەسلىھەت ئالىدىغانلىقىنى ئېيتىپتۇ. بىر ئاز ئۆتكەندىن كېيىن جىن - شاياتۇنلا ھەققانىيەت ئىلاھەسىنىڭ ئۇنىڭ بىلەن شەھەر سىرتىدا كۆرۈشىدىغانلىقىنى ئېيتىپتۇ. چۈنكى بۇ شەھەر ئادالەتسىز ھۆكۈمرانىنىڭ جاھالەت ئىسكەنجىسىدە بولغاچقا، ھەققانىيەت ئىلاھەسى بۇ شەھەرگە كىرەلمەيدىكەن. ئادىل ئالدىراپ شەھەر سىرتىغا چىقىپتۇ. ھەققانىيەت ئىلاھەسى ئۇنىڭ كۆز ئالدىدا پەيدا بوپتۇ. ئادىل ئايال پادىشاھنىڭ تەلىپىنى ئۇنىڭغا دەپتۇ ۋە قانداق

قىلىش ھەققىدە مەسلىھەت سوراپتۇ. ئىلاھە ھەر قانداق ئەھۋال ئاستىدا ئەسكى ئىشنى قىلماسلىقنى تاپىلاپتۇ! ھەمدە ئادىلدىن بىر ئۇستىلىق ئىشلىتىپ ئايال پادىشاھنىڭ كۆزىنى بوياپ، مەلىكىنىڭ ئاچچىقىنى كەلتۈرمەيدىغان ئەپچىل چارە تېپىشنى ئۈمىد قىپتۇ. بىر پەستىن كېيىنلا بۇ ھەققانىيەت ئىلاھەسى كۆزدىن غايىب بوپتۇ.

ئادىل قوشۇمىسىنى تۈرۈپ، باش قاتۇرۇپ، ئاخىر ئەپچىل بىر چارىنى تېپىپتۇ. ئۇ جىن ـ شاياتۇنلارنى چاقىرىپ يۈز يامان ئادەمنى تۇتقۇزۇپ كەپتۇ. ئۇلارنىڭ بەزىلىرى بۇلاڭچىلىق قىلىپ بېيىغانلار ئىكەن. قالغانلىرى پۇقرالارغا زۇلۇم سېلىپ، ئايال پادىشاھقا ياخشى كۆرۈنگەنلەر ئىكەن. ئادىل جىن ـ شاياتۇنلارغا بۇ يۈز ئەبلەخنىڭ ھەممىسىنى مەيدانغا ئاپىرىپ، ئۇلارغا نامراتلارنىڭ جۇل ـ جۇل كىيىملىرىنى كىيگۈزۈشنى تاپىلاپتۇ. جىن ـ شاياتۇنلار ئادىلنىڭ دېگىنى بويىچە ئىشنى پۈتتۈرۈپتۇ. لېكىن، ئادىل ئۇلارنىڭ ئىچىدە بېشى يوغان، تەقى ـ تۇرقىدىن سۆلەتۋازلىقى چىقىپ تۇرىدىغان بىرسىنى كۆرۈپ قاپتۇ ـ دە، جىن ـ شاياتۇنلارغا ئۇنىڭ ئورنىغا ئورۇق، ئاجىز، كېسەلمەندىن بىرسىنى ئالماشتۇرۇپ قويۇشنى بۇيرۇپتۇ. جىن ـ شاياتۇنلار ئادىلنىڭ دېگىنىدەك قىپتۇ. بۇ ئىشلار تۈگىگەندىن كېيىن، ئادىل ئوردىغا كىرىپ، ئايال پادىشاھ توكىيە بىلەن كۆرۈشۈپتۇ.

نىيىتى قارا ئايال پادىشاھ ئادىلنىڭ نامراتلارنى ئۆلتۈرگىنىنى كۆرۈشكە چاقىرىپ كەلگەنلىكىنى ئاڭلاپ، خۇشاللىقتىن گۈلقەقەلىرى ئېچىلىپ كېتىپتۇ ـ دە، ئوردىدىن چىقىپتۇ ۋە مەپىگە ئولتۇرۇپ مەيدانغا كەپتۇ. چۈنكى ئۇ نامراتلارنىڭ زار ـ زار قاقشاپ، ئازابلىنىدىغان ھالىنى كۆرۈشكە بەك ئامراق ئىكەن. لېكىن، مەلىكە نۇرئويۇن ئاچچىقى كېلىپ قاتتىق يىغلاپتۇ. ئۇ ئۆز تەقدىرىنى ھەرگىزمۇ ئۇچىغا چىققان قانخور جاللاتنىڭ ئىلكىگە بەرمەيمەن، دەپ

قەسەم ئىچىپتۇ.

ئايال پادىشاھ توكىيە مەيدانغا كېلىشى بىلەن تەڭ ئادىل خەنجىرىنى چىقىرىپ، ئوق ـ سولغا ئايلاندۇرۇپ، ئالدىدا تۇرغان ھېلىقى «نامرات» لارنىڭ بىر ـ بىرلەپ كاللىسىنى ئاپتۇ. بۇ چاغدا ئايال پادىشاھ ئادىلغا:

— مەن ئەمدى خاتىرجەم بولدۇم. سەن جەزمەن ياخشىلىقنى يامانلىق بىلەن تىنجىتالايسەن. مەن نۇرئويۇننى ساڭا بېرىشكە رازى بولدۇم، — دەپتۇ.

بىراق مەلىكە ئادىل بىلەن توي قىلىشقا زادى ئۇنىماپتۇ. ئادىل ئامالسىز قاپتۇ. ئاخىرى جىن ـ شاياتۇنلارغا ئۆلتۈرۈلگەن بايلارنىڭ ئەسلى قىياپىتىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈشىنى، ئەمما ئۇلارنى تىرىلدۈرمەسلىكنى بۇيرۇپتۇ. بۇ چاغدا ھېلىقى نىيىتى قارا ئايال پادىشاھ توكىيە ئۆزىنىڭ ئالدانغانلىقىنى بىلىپ قاپتۇ. ئۇ بۇنىڭغا ھېچ چارە قىلالماي جەھلى كېلىپ، شۇ مەيداندىلا جان ئۈزۈپتۇ. نۇرئويۇن ئىشنىڭ تەپسىلاتىنى بىلگەندىن كېيىن ئىنتايىن خۇشال بولۇپ، دەرھال ئادىل بىلەن توي قىلىشقا رازى ئىكەنلىكىنى بىلدۈرۈپتۇ.

شۇنىڭدىن تارتىپ ئادىل بۇ ئارال دۆلىتىنىڭ پادىشاھى بوپتۇ. ئۇ ئارال دۆلىتىدە ھەققانىيەت بىلەن تىنچلىقنى ئەسلىگە كەلتۈرۈپتۇ. پۇقرالار خاتىرجەم، بەختلىك تۇرمۇش كەچۈرۈشكە باشلاپتۇ. بۇ ئارالنىڭ «مېھرىبان ئارال» دېگەن نامى يەنە ئەسلىگە كەپتۇ.

# پادىشاھ ۋە ئۇنىڭ جىمغۇر قىزى

(سەئۇدى ئەرەبىستان)

بۇرۇنقى زاماندا بىر پادىشاھ ئۆتكەنىكەن. ئۇ شانۇ شەۋكەتلىك، ئۆزى پازىلۇ بۇزرۇكۋار، ئىشلىرى كۆڭۈلدىكىدەك ئىكەن. لېكىن، ئۇ بىر ئىشتىن تازا خاتىرجەم ئەمەس ئىكەن: ئۇنىڭ دۇنيالىقتا تىكەندەك يالغۇز بىرلا قىزى بار بولۇپ، جىمغۇر ئىكەن. ئۇ كۈنلەپ - ئايلاپ، ھەتتا يىللاپ بىرەر ئېغىز گەپمۇ قىلمايدىكەن، پەقەت ئالاھىدە سورۇنلاردا بىرەر ئىككى ئېغىز سۆزلەپ قويىدىكەن.

پادىشاھ ھەر خىل ئۇسۇل - چارىلەر بىلەن قىزىنىڭ بۇ مىجەزىنى ئۆزگەرتمەكچى بولۇپ، بىھۇدە ئاۋارە بوپتۇ. مەلىكە يەنىلا بىر ئېغىزمۇ گەپ قىلماي يۈرۈۋېرىپتۇ.

يىللار يورغىلىشىپ ئۆتۈۋېرىپتۇ. ھايت - ھۇيت دېگۈچە مەلىكە بويىغا يېتىپ قاپتۇ. لېكىن، پادىشاھ، بەگ ۋە ئېسىلزادىلەرنىڭ شاھزادىلىرىدىن ھېچقايسىسى كېلىپ مەلىكىگە تەكلىپ قويماپتۇ. ئۇلارنىڭ ھېچقايسىسى گاچىغا ئوخشاش بۇ قىزغا ئۆيلىنىشنى خالىماپتۇ.

پادىشاھ قىزىنىڭ توي ئىشىغا بەكمۇ بېشى قېتىپتۇ. ھەتتا غىزامۇ كېلىدىن ئۆتمەيدىغان ئەھۋالغا چۈشۈپ قاپتۇ. ئاخىر بۇ باش قېتىمچىلىقتىن قۇتۇلۇشنىڭ ئامالىنى ئويلاپ تېپىپتۇ.

پادىشاھ پۇقرالارغا، كىمدە كىم قىزىم بىلەن توي قىلماقچى بولىدىكەن، ئورنى تۆۋەن بولغان تەقدىردىمۇ، پەقەت مەن ئوتتۇرىغا قويغان شەرتنى ئورۇنداپ بېرەلىسىلا قىزىمنى شۇنىڭغا ياتلىق قىلىپ

بېرىمەن، دەپ پەرمان چۈشۈرۈپتۇ. بۇ توي كېچىسى مەلىكىنى گەپ قىلدۇرۇش شەرتى ئىكەن. مۇبادا مەلىكە بىرەر ئېغىز گەپ قىلسا، توي قىلغانغا ھېساب بولىدىكەن، بولمىسا يىگىتنىڭ كاللىسى ئېلىنىدىكەن.

بۇ خەۋەر چاقماق تېزلىكىدە مەملىكەتنىڭ ھەممە يېرىگە تارقىلىپتۇ. لېكىن، خەقلەر بۇ شەرتنىڭ بەكمۇ ئېغىرلىقىنى بىلىپ ھېچكىم پادىشاھنىڭ ئالدىغا بېرىشقا پېتىنالماپتۇ. شۇنداقتىمۇ پايدىنى كۆزلەپ ئەقلىدىن ئازىدىغان بەزى ئادەملەر تەلەي سىناپ باقماقچى بوپتۇ.

تۇنجى بولۇپ بىر چەۋەنداز كەپتۇ. چەۋەنداز توي كېچىسى ھوجرىدا قاتتىق ئويلىنىپ، تۈرلۈك يوللار بىلەن مەلىكىگە ياخشى كۆرۈنمەكچى بوپتۇ. لېكىن، مەلىكە ئاغزىنى چىڭ يۇمۇپ بىر ئېغىزمۇ سۆز قىلماپتۇ. شۇنىڭ بىلەن بىرىنچى بولۇپ چەۋەندازنىڭ كاللىسى ئېلىنىپتۇ.

ئۇنىڭ كەينىدىن ئىككىنچىسى، ئۈچىنچىسى، ئاخىر بېرىپ يىگىرمىنچىسىنىڭ كاللىسى ئېلىنغاندا، ئەمدى مەلىكە بىلەن توي قىلىشنى تەلەپ قىلىشقا ھېچكىم پېتىنالماپتۇ.

تالاي كۈنلەر ئۆتۈپتۇ. بىر ئەقىللىق يىگىت ئوردىغا كىرىپ، پادىشاھقا مەلىكە بىلەن توي قىلىش تەلىپىنى قويۇپتۇ.

— سەن مېنىڭ شەرتىمنى ۋە كېيىنكى ئاقىۋىتىنى بىلەمسەن؟ — دەپ سوراپتۇ پادىشاھ.

— پادىشاھى ئالەم، سىلىنىڭ شەرتلىرىدىن خەۋىرىم بار. مەن سىلىگە كۈيئوغۇل بولۇشقا پېتىنغانىكەنمەن، بەختىمگە قارشى يېڭىلىپ قالسام ھەر قانداق جازاغا تەييارمەن، — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ ھېلىقى يىگىت.

پادىشاھ يىگىتنىڭ كەلگەنلىكىنى قىزغىن قارشى ئاپتۇ ۋە قول

ئاستىدىكىلەرگە ئۆزىنىڭ يىگىرمە بىرىنچى كۈيئوغۇلغا، يەنى يىگىرمە بىرىنچى قۇربانلىققا توي مۇراسىمى ئۆتكۈزۈپ بېرىشكە تەييارلىق قىلىشقا بۇيرۇپتۇ.

كەچقۇرۇن يىگىتنى ھوجرىغا ئەكىرىپ قويۇپتۇ. ئۇ مەلىكىنىڭ بىر بۇلۇڭدا گەپ قىلماي، بېشىنى سىلىپ ئولتۇرغانلىقىنى كۆرۈپتۇ. ھوجرىنىڭ يەنە بىر بۇلۇڭىدا قولىدا خەنجەر تۇتقان بىر زەڭگە قۇل تۇرغۇدەك. ھوجرىنىڭ ئىچىنى بولسا گۆرىستان جىمجىتلىقى باسقانىكەن. يىگىت مەلىكىگە پەرۋامۇ قىلماي ھېلىقى زەڭگىنىڭ ئالدىغا كېلىپ ئۇنىڭغا:

— مېنى نېمىنىڭ كۈتۈپ تۇرغانلىقى ساڭا مەلۇم، ماڭا ئۆلۈمدىن باشقا يول يوق، مېنىڭ ۋاقتىم ئاز قالدى، ئۆلۈمنى ئۇنتۇش ئۈچۈن ئىككىمىز مۇڭدىشايلى، سەن ماڭا چۆچەك ئېيتىپ بەرگىن بولامدۇ؟ — دەپتۇ.

— چۆچەك ئېيتىشنى بىلمەيمەن، — دەپتۇ قۇل.

— ئۇنداق بولسا، مەن ئېيتىپ بېرەي، ناھايىتى قىزىق چۆچەكلەرنى بىلىمەن، — دەپتۇ يىگىت.

قۇل ماقۇل كەپتۇ. يىگىت چۆچەكنى باشلاپتۇ:

— بۇرۇنىنىڭ بۇرۇنىسىدا، بىر ياغاچچى ئۆتكەنىكەن. ئۇ زېرەك، قولى ئەپچىل، ھۈنەر ـ كەسىپتە كامالەتكە يەتكەنىكەن، ھەر خىل ئۆي جاھازلىرىنى ناھايىتى سىپتا، چىرايلىق ياسايدىكەن. بىر كۈنى ئۇنىڭ كاللىسىدا تۇيۇقسىز قىزنىڭ ھەيكىلىنى ياغاچتىن ياساش ئويى پەيدا بوپتۇ. ئۇ ياخشى ياغاچتىن بىرنى تاللاپ، ئۇنى كۆڭۈل قويۇپ ئويۇشقا باشلاپتۇ. ئۇ دەم ئېلىش ۋە ئۇخلاشنىمۇ ئۇنتۇپ، پۈتۈن زېھنىنى ۋە ھۈنىرىنى مۇشۇ ئىشقا سەرپ قىپتۇ. يەتتە كېچە ـ كۈندۈز ئىشلەپ ئاخىر ياغاچ ھەيكەلنى پۈتتۈرۈپتۇ. بۇ ياغاچ قىز شۇنچىلىك كېلىشكەن، خۇددى جان پۈتكەندەك ئويۇلۇپ چىقىپتۇ.

ياغاچچىنىڭ ئۇنىڭغا قارىغانچە زوقى كېلىدىغان بولۇپ قاپتۇ. شۇنىڭ بىلەن ياغاچچى بۇ ياغاچ قىزغا مەپتۇن بولۇپ قاپتۇ.

ياغاچچىنىڭ بىر زەرگەر ئاغىنىسى بار ئىكەن. ئۇ ئاغىنىسىنى ئۆيگە چاقىرىپ كېلىپ ياغاچ قىزنى ئۇنىڭغا كۆرسىتىپتۇ. زەرگەر ياغاچ قىزنىڭ گۈزەللىكىگە قىزىقىپ ئۇنىڭ ياغاچچىلىق ھۈنىرىنى ماختاپ: «دوستۇم سەن دۇنيادا كەم ئۇچرايدىغان قىممەتلىك بۇيۇم ياساپسەن. ئەگەر رازى بولساڭ، مەن ئۇنىڭغا زىبۇزىننەت سوقۇپ بېرەي، ئۇنداقتا ئۇ تېخىمۇ گۈزەللىشىپ كېتىدۇ» دەپتۇ.

ياغاچچى بۇ گەپنى ئاڭلاپ، دەرھال قوشۇلۇپتۇ.

زەرگەر ياغاچ قىزنى ئۆلچىۋېلىپ ياغاچچى بىلەن خوشلىشىپ ئۆيىگە راۋان بوپتۇ.

ئارىدىن بىر نەچچە كۈن ئۆتۈپتۇ. زەرگەر سوققان زىبۇزىننەتلىرىنى ئەكىلىپ ياغاچ قىزغا ئېسىپ قويۇپتۇ. ياغاچ قىز تېخىمۇ گۈزەللىشىپ ئىككىسىنى ھەيران قالدۇرۇپتۇ. ئۇنىڭغا قارىغان ئادەم كۆزىنى ھەرگىز ئۈزگۈسى كەلمەيدىكەن.

ئۇلارنىڭ يەنە خۇداغا چوقۇنىدىغان تەقۋادار بىر دوستى بار ئىكەن. بىر كۈنى ئۇلار دوستىنى بۇ گۈزەل قىزنى كۆرۈپ بېقىشقا تەكلىپ قىپتۇ.

تەقۋادار دوستى ياغاچ قىزنىڭ خۇددى جېنى باردەك تۇرغانلىقىغا ھەيران بولۇپ داڭ قېتىپ قاپتۇ. ئۇ دوستلىرىنىڭ ھۈنەرلىرىگە قايىل قاپتۇ ۋە دوستلىرىغا:

مەن خۇدادىن تىلەي، خۇدا ئۇنىڭغاجان ئاتا قىلسۇن، — دەپتۇ.

دوستلىرى خۇشال بولۇپ قوشۇلۇپتۇ.

تەقۋادار يۈكىنىپ ئولتۇرۇپ، ئاسمانغا قاراپ خۇداغا ئىلتىجا قىلىشقا باشلاپتۇ. خۇدا ئۇنىڭ تەلىپىگە قوشۇلۇپتۇ ۋە ياغاچ قىزغا جان بېرىپتۇ. بىردەمدىن كېيىن، ياغاچ قىزنىڭ كۆزلىرى

مىدىرلاپ، بەدىنى ھەرىكەتكە كەپتۇ. ئۇ خۇددى پەرىشتىدەك يەردە مېڭىشقا باشلاپتۇ. ئۇچەيلەن داڭقېتىپ ئۇنىڭدىن كۆزىنى ئۈزەلمەي قاپتۇ، شۇ چاغدا، ئۇچىسىنىڭلا كۆڭلىدە بۇ گۈزەل قىز بىلەن تۇي قىلىش نىيىتى پەيدا بوپتۇ.

ياغاچچى كۆڭلىدە: «قىز ئەلۋەتتە ماڭا تەئەللۇق بولۇشى كېرەك، چۈنكى مەن ئۇنى ئۆز قولۇم بىلەن ئويغان» دەپ ئويلاپتۇ.

زەرگەر: «بۇ قىزنى مەن خوتۇنلۇققا ئېلىشىم كېرەك، بولمىسا مەن ئۇنىڭغا زىبۇزىننەت تاقىمىغان بولسام، شۇنچىلىك گۈزەل قىز بولالتتىمۇ» دەپتۇ ئىچىدە.

«مەن ياغاچ قىزنىڭ ئېرى بولۇشقا تېگىشلىك، مۇبادا مەن خۇدادىن ئىلتىجا قىلمىغان بولسام، ئۇنىڭغا جان كىرمەيتتى» دەپتۇ تەقۋادار كۆڭلىدە.

يىگىت سۆزلەپ شۇ يەرگە كەلگەندە، قۇلغا قاراپ:

— ئەگەر ئۇلار ساڭا بۇنى ئايرىپ بەر دېسە سەن قىزنى كىمگە تەئەللۇق دەيتتىڭ؟ — دەپ سوراپتۇ.

قۇل بىر پەس ئويلىنىپ شۇنداق دەپتۇ:

— مەن قىزنى كىمگە ئايرىپ بېرىشنى بىلەلمەي قالدىم. قىزنىڭ شۇنداق گۈزەل قىز بولۇشىدا بۇ ئۇچەيلەننىڭ ئوخشاشلا ئەجرى سىڭگەن. بىرسىگە تەئەللۇق دېسەك ھەق بولماس، شۇ ۋەجىدىن بۇنىڭغا ھۆكۈم قىلالمايمەن، — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ.

بۇ چاغدا چۆچەكنى باشتىن ـ ئاخىر دىققەت بىلەن ئاڭلاپ ئولتۇرغان مەلىكە يىگىت بىلەن قۇلغا قاراپ:

— قىز ئەلۋەتتە تەقۋادارنىڭ بولۇشى كېرەك، ئەگەر خۇدادىن ئىلتىجا قىلىپ ئۇنىڭغا جان كىرگۈزمىگەن بولسا، ئۇ بەرىبىر ياغاچ پېتىچە قالاتتى، — دەپتۇ.

قۇل مەلىكىنىڭ سۆزلىگەنلىكىنى كۆرۈپتۇ ـ دە، خەنجىرنى

قىنىغا سېلىپ، چىقىپ كېتىپتۇ. چۈنكى پادىشاھ ئۇنىڭغا: «قىز گەپ قىلسا، سەن ھوجرىدىن قايتىپ چىق» دەپ تاپشۇرغانىكەن.
ئەتىسى ئەتىگەن پادىشاھ ھېلىقى قۇلنى ئالدىغا چاقىرىپ يىگىرمە بىرىنچى ئادەمنىڭ بېشىنى ئېسىپ قويۇشقا بۇيرۇق قىپتۇ.
— پادىشاھ ئالىيلىرى، مەلىكە سۆزلىدى، — دەپتۇ قۇل.
قۇلنىڭ مۇنداق جاۋاب بېرىشىنى پادىشاھ خىيالىغىمۇ كەلتۈرمىگەنىكەن. پادىشاھ قۇلغا لاپپىدە قاراپ قويۇپ:
— سەن ئۇخلاپ قېلىپ، چۈش كۆرمىگەنسەن؟ مەن ئىشەنمەيمەن، ئۇنى يىگىرمە ئادەم گەپ قىلدۇرالمىغان تۇرسا، ئۇ بۇ يىگىتكە گەپ قىلامتى؟ — دەپتۇ.
— مەلىكە راستتىنلا گەپ قىلدى، مەن ئۆز قۇلىقىم بىلەن ئاڭلىدىم، — دەپتۇ قۇل.
— سېنىڭ دېگەنلىرىڭگە ئىشەنگۈم كەلمەيۋاتىدۇ، لېكىن مەن ئۇنى ھازىرچە ئۆلتۈرمەيمەن. بۈگۈن ئاخشام جىيەن ئوغلۇمنى كۆزىتىشكە ئەۋەتىمەن، — دەپتۇ پادىشاھ.
قاراڭغۇ چۈشۈپتۇ. يىگىت يەنە ھوجرىغا كىرىپ مەلىكىنىڭ ئاۋۋالقى جايىدا گەپ قىلماي جىم ئولتۇرغانلىقىنى كۆرۈپتۇ. لېكىن، ھېلىقى قۇل تۇرغان جايدا شاھزادە تۇرغۇدەك. يىگىت تۈنۈگۈن ئولتۇرغان جايغا كېلىپ شاھزادىگە:
— ھۆرمەتلىك شاھزادە، مېنىڭ ئەھۋالىم ناھايىتى يامان. ئاقىۋىتىممۇ ئېچىنىشلىق. ھاياتىمنىڭ پەقەت بىر كېچىلىكىلا قالدى. سىز ماڭا بىر چۆچەك ئېيتىپ بېرىپ، ۋەسۋەسىگە چۈشكەن كۆڭلۈمگە بىر ئاز ئارام بەرگەن بولسىڭىز؟ — دەپتۇ.
— مەن چۆچەك ئېيتالمايمەن. ئەگەر سەن ئېيتالايدىغان بولساڭ ئېيت، مەنمۇ ئاڭلاي! — دەپتۇ شاھزادە.
يىگىت چۆچەكنى باشلاپتۇ:

ئېيتىشلارغا قارىغاندا، قەدىمكى زاماندا بىر ئادەم ئۆتكەنىكەن. بۇ ئادەمنىڭ خوتۇنى بىر ئوغۇل، ئۈچ قىز تۇغۇپتۇ. بەختكە قارشى بۇ ئادەم ياشلا ئالەمدىن ئۆتۈپتۇ. تۆت بالىنى ئانىسى بېقىپ قاتارغا قوشۇپتۇ. قىزلار چوڭ بولۇپ بويىغا يەتكەندە، ئۇلارنىڭ ئۆيىگە قۇدىلىشىشقا ھېچقانداق ئادەم كەلمەپتۇ، ئانىسى بىلەن قىزلار بۇنىڭدىن كۆڭلى يېرىم بوپتۇ. ئۇلار بۇنىڭدىن كېيىنكى كۈنلەرنى قانداق ئۆتكۈزەرمىز، دەپ تولىمۇ ئەنسىرەپتۇ. قىزلارنىڭ ئاكىسىنىڭمۇ بۇ ئىشتا بېشى قېتىپتۇ.

ئاكىسى قانداقلا ئادەم بولسۇن، ئۆيلىنىشنى تەلەپ قىلىپ ئۆيگە كەلسىلا، سىڭلىمنى شۇنىڭغا ياتلىق قىلىمەن، دېگەن ئويغا كەپتۇ.

بىر كۈنى قوملۇقتا يۈرگەن بىر بۆرە ئۇلارنىڭ ئۆيىگە كېلىپ كۈيئوغۇل بولۇشنى تەلەپ قىپتۇ. ئاكىسى ئۇنى قىزغىن كۈتۈۋېلىپ، ئۇنىڭغا چوڭ سىڭلىسىنى بېرىپتۇ ۋە دەرھال توي مۇراسىمى ئۆتكۈزۈپتۇ. بۆرە خوتۇنىنى ئېلىپ قوملۇققا قايتىپتۇ. ئۇلار ئىناق ئۆتۈپتۇ. بۆرە خوتۇنىنىڭ ئامانلىقىنى قوغداش مەقسىتىدە ھايۋانلارنى ئوۋلاپ ئوزۇق قىپتۇ. خوتۇنىمۇ ئۇنىڭ يالغۇزلۇقتىن ئىچى پۇشۇپ قالمىسۇن دەپ يەنە بەزى كىچىك ھايۋانلارنى بېقىش ئۈچۈن تۇتۇپ بېرىپتۇ.

بۇركۈت بىلەن بۆرە ئاغىنە ئىكەن. بۇركۈت بۆرىنىڭ ئۆيلەنگەنلىكىنى، ئەر - خوتۇن ئىككىسىنىڭ ئىناق ئۆتۈۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ ئۇلارغا تولىمۇ ھەۋىسى كەپتۇ. ئۇمۇ بۆرىگە ئوخشاش ئۆيلىنىشنى كۆڭلىگە پۈكۈپتۇ.

بۇركۈت بىر كۈنى بۆرىگە ئۆزىنىڭ ئارزۇسىنى ئېيتىپتۇ.

«خوتۇنۇمنىڭ بىر سىڭلىسى بار، مۇبادا سەن ئۆيلىنىش نىيىتىگە كەلگەن بولساڭ، بېرىپ ئۆز تەلىپىڭنى قېيناغامغا ئېيت. مېنىڭچە ئۇ جەزمەن سېنى قىزغىن قارشى ئېلىپ، سىڭلىسىنى ساڭا

قوشۇپ قويدۇ» دەپتۇ.

ئارىدىن ئۈچ كۈن ئۆتۈپتۇ، بۈركۈت دوستى بۆرىنى ئىزدەپ كېلىپ ئۇنىڭغا: «مەن شۇ نىيەتكە كەلدىم. سەن ئۆيىنى ۋە ئىسىملىرىنى ماڭا ئېيتىپ بەرگىن!» دەپتۇ.

بۈركۈت ئۇلارنىڭ تۇرار جايىنى بىلىۋېلىپ، ئۇدۇل شەھەرگە قاراپ ئۇچۇپتۇ. ئۇ بۆرىنىڭ قېيناغىسىنى ئىزدەپ تېپىپ، ئۆزىنىڭ كېلىشتىكى مەقسىتىنى ئېيتىپتۇ. قىزنىڭ ئاكىسى بۈركۈتنى قىزغىنلىق بىلەن ئۆيگە تەكلىپ قىلىپتۇ. بۈركۈت قىزنىڭ ئاكىسىغا «سىڭلىڭنىڭ كۈنى ناھايىتى ئوبدان ئۆتۈۋاتىدۇ، ئۇلار ماڭا سالامىمىزنى يەتكۈزۈپ قوي، دېگەنىدى» دەپتۇ.

قىزنىڭ ئاكىسى ئىچكىركى ئۆيگە كىرىپ ئالدى بىلەن چوڭ سىڭلىسىنىڭ ئەھۋالىنى ئاپىسى بىلەن قالغان ئىككى سىڭلىسىغا يەتكۈزۈپتۇ. ئاندىن بۈركۈتنىڭ ئۆزلىرىگە كۈيئوغۇل بولۇش مەقسىتىدە كەلگەنلىكىنى ئېيتىپتۇ. ئۇلار بۇ گەپنى ئاڭلاپ تولىمۇ خۇشال بوپتۇ ۋە ئىككىنچى سىڭلىسىنى ئۇنىڭغا بېرىش نىيىتىگە كەپتۇ. شۇنداق قىلىپ، توي مۇراسىمى ئۆتكۈزۈپ بېرىپتۇ. بۈركۈت خوتۇنىنى ئېلىپ تاغقا قايتىپ كېتىپتۇ. بۈركۈت ھەر كۈنى خوتۇنىغا ئەڭ ياخشى نەرسىلەرنى ئەكىلىپ بېرىپ ئۇنىڭغا ياخشى كۆڭۈل بۆلۈپتۇ. ئىككىنچى سىڭلىسى ئېرىنىڭ ئۆزىگە كۆيۈنگەنلىكىدىن بەك مەمنۇن بوپتۇ.

بۈركۈت بەزىدە دېڭىزغا بېرىپ خوتۇنىغا بېلىق تۇتۇپ ئەكىلىپ بېرىدىكەن. بىر كۈنى ئۇ بىر كىتقا ئۇچراپ قاپتۇ. كىت ئۇنىڭغا: «ھەي، بۈركۈت، سەن نېمىشقا ھەر دائىم دېڭىزغا يېمەكلىك ئىزدەپ كېلىسەن؟ سېنىڭ باشقا قۇشلارغا ئوخشىمايدىغان يېرىڭ بار ئوخشىمامدۇ؟ ماڭا دېگىن، ساڭا ياردەملىشىپ بېلىق تۇتۇپ بېرىمەن» دەپتۇ.

« مېنىڭ ئۆيۈم باشقىلارنىڭكىگە ئوخشىمايدۇ، مېنىڭ خوتۇنۇم ئادەمزات، شۇڭا مەن ئۇنىڭغا تۇرلۇك نازۇ نېمەتلەرنى ئاپىرىپ بەرسەم ئۇ ئۆزىنى بەختلىك دەپ بىلىدۇ. » دەپتۇ بۇركۇت.

ئارقىدىنلا ئۆزى بىلەن دوستى بۆرىنىڭ ئادەمزاتنىن خوتۇن ئالغانلىقىنى كىتقا سۆزلەپ بېرىپتۇ. كىت بۇركۇتتىن: «مەنمۇ بىرەر ئادەمزاتنىڭ قىزى بىلەن توي قىلسام بولامدۇ؟ » دەپ سوراپتۇ. بۇركۇت: «خوتۇنۇمنىڭ يەنە بىر سىڭلىسى بار. مۇبادا، ئۆيلىنىشنى خالىساڭ دەرھال ئۇلارنىڭ ئۆيىگە بېرىپ تەكلىپىڭنى ئېيتقىن، كېچىكسەڭ، باشقىلار ئېلىپ كېتىدۇ» دەپتۇ بۇركۇت.

كىت بۇركۇتنىڭ دېگىنى بويىچە ئۇدۇل شەھەرگە قاراپ يول ئاپتو.

كىت ئالدىراپ قىزنىڭ ئۆيىگە بېرىپتۇ. قىزنىڭ ئاكىسىغا ئۆزىنىڭ كېلىشتىكى مەقسىتىنى ئېيتىپتۇ. ئاكىسى ئوخشاشلا ئۇنى قىزغىن قارشى ئېلىپ كۇتۇۋاپتۇ. ئاپىسى بىلەن سىڭلىسىمۇ خۇشال بولۇپ، بۇ ئىشقا رازىمەنلىك بىلدۇرۇپتۇ. . . كىت خوتۇننى ئېلىپ قايتىپتۇ. ئۇ خوتۇنىغا كۇندە بېلىق، قىسقۇچ پاقىلارنى ئەكىلىپ بېرىپتۇ. ئىككىيلەن ناھايىتى ئىناق ئۆتۇپتۇ.

ئۇچ قىزنىڭ ياتلىق بولغىنىغا خېلى ئۇزۇن بوپتۇ. ئاپىسى قىزلىرىنى سېغىنىپ، ئوغلىغا ئۇلارنى يوقلاپ كېلىشنى ئېيتىپتۇ.

ئوغلى ئالدى بىلەن كىتنىڭ ئۆيىگە كەپتۇ. سىڭلىسى تاماقنا تۇتۇنۇپتۇ. ئېرى بېلىق تۇتقىلى چىقىپ كېتىپتۇ. چۇشلۇك تاماق پىشقاندا، كىت بىر ساندۇقنى ئېلىپ قايتىپ كەپتۇ. ئىچىدە نېمە بارلىقىنى ئۆزىمۇ بىلمەيدىكەن. ئۇلار ساندۇق ئەتراپىغا ئولىشىپ چۇشلۇك تامىقنى يېيىشكە باشلاپتۇ. ئاكىسى سىڭلىسىنىڭ ھال كۇنىنىڭ ياخشى ئىكەنلىكىدىن كۆڭلى خاتىرجەم بوپتۇ. تاماقتىن كېيىن خوشلىشىپ قايتماقچى بوپتۇ. بۇ چاغدا كىت قېيناغىسىغا:

«مېنىڭ ساڭا يوللۇق تۇتقۇدەك تۈزۈكرەك نەرسەم يوق، شۇنداقتىمۇ، بۇ ساندۇقنى سوۋغا قىلاي! ئىچىدىكى نەرسىلەرنىڭ ئۇچۇپ كېتىشىدىن پەخەس بول، ئىشىك - دېرىزىلەرنى ھەم تاقاپ ئاندىن ئاچ» دەپتۇ.

ئاكىسى ئۇلارغا رەھمەت ئېيتىپ، خوشلىشىپ ساندۇقنى ئېلىپ قايتىپتۇ.

ئۇ يول بويى ساندۇقتا نېمە باردۇ، دەپ ئويلاپتۇ - دە، ساندۇقنى تەسلىكتە يەرگە قويۇپتۇ، ئاندىن بىر كىچىك تۆشۈك ئېچىپ ئىچىگە قاراپتۇ. لېكىن، ھېچنېمە كۆرۈنمەپتۇ. ئۇ چوڭراق تۆشۈك ئېچىپ قارىغۇدەك بولسا، ئىچىدىن ئادەتتىكىدەك كۆك ئىس پۇرقىراپ ئاسمانغا كۆتۈرۈلۈپتۇ. بۇ چاغدا ئۇ كۈيئوغۇلىنىڭ دېگەن گېپىنى ئەسكە ئېلىپ قاتتىق پۇشايمان قىپتۇ.

ئۇ سىڭلىسىنىڭ ئۆيىگە قايتىپ كېلىپ، كىتتىقا: «دىققەتسىزلىكىمدىن ساندۇق يەرگە چۈشۈپ كېتىپ چېقىلىپ كەتتى. ئىچىدىكى نەرسىمۇ ئۇچۇپ كەتتى. ئۇنى قانداق قىلىپ تۇتقىلى بولار؟» دەپ سوراپتۇ. كىت: «سەن بۆرە بىلەن بۈركۈتنى تېپىپ كەل، بىز بىرلىكتە ئولتۇرۇپ مەسلىھەتلىشىپ باقايلى» دەپتۇ.

ئۇ دەرھال بۆرە بىلەن بۈركۈتنى تېپىپ كەپتۇ. كىت: «ساندۇقتىن قېچىپ كەتكەن نەرسە ناھايىتى قىممەتلىك نەرسە ئىدى. بىز جەزمەن ئۇنى تۇتۇپ كېلەيلى.» دەپتۇ. بۆرە ئوتتۇرىغا چىقىپ قەتئىي ھالدا: «ھېلىقى نەرسە يەر يۈزىدىلا بولسا، تۇتۇپ كېلىمەن» دەپتۇ. بۈركۈت ئارقىدىنلا: «ئەگەر ھېلىقى نەرسە ئاسماندا ئۇچۇپ يۈرگەن بولسا، مەن تۇتۇپ كېلىمەن» دەپتۇ. كىت ئاخىرىدا: «ئەگەر ھېلىقى نەرسە دېڭىز ئاستىدا بولسا، مەن تېپىپ كېلىمەن» دەپتۇ.

ئۇلار تەرەپ ـ تەرەپكە بۆلۈنۈپ ئىزدەشكە باشلاپتۇ، خېلى ۋاقىت ئۆتكەندىن كېيىن، كىت دېڭىزدىن ھېلىقى نەرسىنى تېپىپ كەپتۇ، بۇ ئەسلىدە گۆھەر ئىكەن. شۇنىڭ بىلەن تۆتىسى «گۆھەر كىمنىڭ بولىدۇ؟» دەپ تالاش ـ تارتىش قىپتۇ.

قىزنىڭ ئاكىسى: «كىت ساندۇقنى ماڭا بەرگەن، شۇڭا گۆھەر مېنىڭ بولىدۇ.» دەپتۇ. كىت: «بۇنى باشتا مەن تاپتىم. گۆھەر ئەلۋەتتە مېنىڭ بولۇشى كېرەك.» دەپتۇ. بۆرە: «مۇبادا مەن يەر يۈزىدە چېپىپ يۈرۈپ ئۇنى ئوبدان ئىزدىمىگەن بولسام، ئۇ دېڭىزدىن يەرگە چىقىۋالغان بولاتتى، ئۇنداقتا سەن ئۇنى تۇتالايتتىڭمۇ» دەپتۇ. بۈركۈتمۇ ئۇلاردىن قالماي: «ئەگەر مەن كۆكتە پەرۋاز قىلىپ ئۆتكۈر كۆزلىرىم بىلەن كۆزەتمىگەن بولسام ئۇئاللىقاچانلا يىراقلارغا ئۇچۇپ كەتكەن بولاتتى» دەپتۇ.

ئۇلار تالىشۋېرىپ تېخىمۇ ئەدەپ كېتىپتۇ. ھېچقايسىسى بىر ـ بىرىگە يول قويماپتۇ.

سۆزلەپ شۇ يەرگە كەلگەندە يىگىت شاھزادىگە:

— شاھزادەم! مۇبادا سىزنى مۇشۇ ئىشنى ئادىل بىر ياقلىق قىلىپ بەر دېسە، سىزچە گۆھەر كىمنىڭ بولۇشى كېرەك؟ — دەپ سوراپتۇ.

— ئۇلارنىڭ ھەممىسىنىڭ گېپى يوللۇق، مەن كىمنىڭ بولۇشىنى تازا بىلەلمەي قالدىم، — دەپتۇ شاھزادە.

بۇ چاغدا چۆچەكنى باشتىن ـ ئاياق زەڭ قويۇپ ئاڭلاپ ئولتۇرغان مەلىكە:

— گۆھەر كىتنىڭ بولۇشى كېرەك. چۈنكى گۆھەرنى ئۇ تاپقان. كونىلاردا كىم تېرىسا، شۇ ئورىدۇ، دېگەن گەپ بار ئەمەسمۇ! — دەپتۇ.

شاھزادە مەلىكىنىڭ گەپ قىلغانلىقىنى ئاڭلاپ چىقىپ كېتىپتۇ.

ئەتىسى پادىشاھ جاللاتقا يىگىتنىڭ كاللىسىنى ئېلىشنى بۇيرۇپتۇ، بۇ چاغدا شاھزادە پادىشاھنىڭ ئالدىدا يۈكۈنۈپ تۇرۇپ:
— پادىشاھ ئالىيلىرى، ئالدىرىمىسىلا، مەلىكە تۈنۈگۈن كېچىدە سۆزلىدى، — دەپتۇ.
پادىشاھ بۇنى ئاڭلاپ ھەيران قاپتۇ. يەنىلا بۇنىڭ راستلىقىغا تازا ئىشىنىپ كەتمەپتۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇنىڭ كاللىسىنى ئالماسلىقنى ئېيتىپتۇ - دە، كەچتە ئۆزى بېرىپ ئەھۋالنى بىلمەكچى بوپتۇ.
تۈن پەردىسى ئەتراپنى قاپلاپتۇ. يىگىت يەنە ھوجرىغا كىرىپتۇ. بۇ مەلىكىنىڭ يەنىلا ھېلىقى جايدا خىيال سۈرۈپ جىم ئولتۇرغانلىقىنى، يەنە بىر بۇلۇڭدا پادىشاھنىڭ تۇرغانلىقىنى كۆرۈپتۇ. ھوجرا ئىچى يىگىتكە سۇرلۇك بىلىنىپتۇ.
يىگىت ئالدى بىلەن بۇ جىمجىتلىقنى بۇزۇپ:
— پادىشاھ ئالىيلىرى، سىلىگە مەلۇم، مېنىڭ بىر كىچىككىنە ھاياتىم قالدى. ئۆلۈم ئالدىدىكى ۋاقىتنى ئۆتكۈزۈش بەكمۇ مۇشكۈل بولىدۇ. ئەگەر خالىسىلىرى مەن سىلىگە ۋاقىتنى ئۆتكۈزۈش ئۈچۈن بىر چۆچەك ئېيتىپ بېرەي! — دەپتۇ.
— ئېيتە قېنى! — دەپتۇ پادىشاھ.
يىگىت چۆچەكنى ئېيتىشقا باشلاپتۇ:
— پادىشاھ ئالىيلىرى، بۇرۇنقى زاماندا بىر ئاكا - ئۇكا ئۆتكەنىكەن. ئاكىسىنىڭ ئۈچ ئوغلى، ئۇكىسىنىڭ بىرلا قىزى بار ئىكەن. ئۇزۇن ئۆتمەي ئۇكىسى بىلەن ئايالى ۋاقىتسىز ئالەمدىن ئۆتۈپتۇ. ئاكىسى ئۇكىسىنىڭ قىزىنى بېقىۋاپتۇ.
كۈنلەر بىرىنىڭ كەينىدىن بىرى ئۆتۈۋېرىپتۇ، قىزمۇ بويىغا يېتىپ قاپتۇ. ئۇ ناھايىتى چىرايلىق بولغاچقا، كىشىلەر ئۇنى دۇنيادا گۈزەللەرنىڭ گۈزىلى، دەپ ماختاپتۇ.
ئاكىسىنىڭ ئۈچ ئوغلى تەڭلا بۇ قىزنى ياخشى كۆرۈپ قاپتۇ.

ئۇلار دادىسىغا بىر نەۋرە سىڭلىسىغا ئۆيلىنىش ئارزۇسىنىڭ بارلىقىنى ئىزھار قىلىپتۇ. دادىسى بۇ ئىشتىن بېشى قېتىپ تولىمۇ قىيىن ئەھۋالدا قاپتۇ. ئۇ كېچە ـ كۈندۈز ئويلاپ ئاخىر مۇۋاپىق ئۇسۇلدىن بىرنى تېپىپتۇ.

ئۇ ئوغۇللىرىنى بىر يەرگە يىغىپ ئۇلارغا: «سىلەر بىر نەۋرە سىڭلىڭلار بىلەن توي قىلىش ئارزۇسىدا بولۇۋېتىپسىلەر، مەنمۇ بىرىڭلارغا قوشۇلۇپ بىرىڭلارنى ھەسرەتتە قالدۇرۇشنى خالىمايمەن. مەن ھازىر ھەر قايسىڭلارغا ئازراقتىن پۇل بېرىمەن. سىلەر سەپەرگە چىقىپ كېلىسىلەر، ئاراڭلاردىن كىم نەۋرە سىڭلىسىغا، ئەڭ قىممەتلىك، جاھاندا ئاز ئۇچرايدىغان سوۋغات ئېلىپ كېلەلىسە نەۋرە سىڭلىڭلار شۇنىڭ بولىدۇ» دەپتۇ.

ئۈچ ئوغۇل بۇنىڭغا رازى بولۇپتۇ. دادىسى ئۇلارنىڭ ھەر بىرىگە مىڭ دىنار بېرىپتۇ. ئۇچەيلەن تەييارلىقلىرىنى پۈتتۈرۈپ، ئاتلىرىنى جابدۇشتۇرۇپ سەپەرگە ئاتلىنىپتۇ. ئۇلار شەھەرمۇ شەھەر ئايلىنىپ ئاخىر ھەشەمەتلىك چوڭ بىر شەھەرگە كېلىپ، بىر ئۆينى ئىجارىگە ئاپتۇ ۋە ھاردۇقىنى چىقىرىۋالغاندىن كېيىن، چوڭ ئاكىسى ئاۋۋال بازارغا كەپتۇ. ئۇ بازار ئارىلىغاچ ئاجايىپ نەپىس بۇيۇملارغا كۆز يۈگۈرتۈپ چىقىپتۇ. ئۇ كېتىۋېتىپ ئالدى تەرەپتە بىر كىشىنىڭ: «گىلەم ساتىمەن» دەپ خېرىدار چاقىرىۋاتقانلىقىنى ئاڭلاپتۇ. بۇ گىلەمنىڭ باھاسىمۇ دەل مىڭ دىنار ئىكەن. ئۇ ئالدىراپ ئالدىغا ئۆتۈپ، ھېلىقى گىلەم ئىگىسىدىن: «بۇ گىلەم نېمىشقا مۇنچىلىك قىممەت، ئادەتتىكى گىلەم بىر دىنار ئىدىغۇ؟» دەپ سوراپتۇ. مال ئىگىسى: «بۇ ئادەتتىكى گىلەملەرگە ئوخشىمايدۇ. سەن بىر يەرگە بارماقچى بولساڭ، ئۈستىگە چىقساڭلا كۆزلىگەن يېرىڭگە ئاپىرىپ قويىدۇ» دەپتۇ. يىگىت بىر دەم ئويلاپ، مال ئىگىسىگە: «مەن سېتىۋالاي!» دەپتۇ ـ دە، مىڭ دىنارنى ساناپ بېرىپتۇ. ئۇ گىلەمنى

ئوبدان قاتلاپ قولتۇقلىغان پېتى ئىنىلىرىنىڭ يېنىغا قايتىپ كەپتۇ.

ئەتىسى ئوغۇللارنىڭ ئوتتۇرانچىسى بازارغا كەپتۇ. ئۇ، ئۇياق، بۇياققا قاراپ كېتىۋېتىپ بىر ئادەمنىڭ: «ئەينەك ساتىمەن» دەپ ۋارقىراۋاتقانلىقىنى ئاڭلاپ قاپتۇ. بۇنىڭ باھاسىمۇ مىڭ دىنار ئىكەن. ئۇ ئالدىغا ئۆتۈپ ئەينەكنى كۆرۈپتۇ. بۇ ئەسلى ئادەتتىكى ئەينەك ئىكەن. ئۇ، مال ئىگىسىدىن: «بۇ ئەينەك نىمانچىلار قىممەت؟» دەپ سوراپتۇ. مال ئىگىسى: «سەن كىمنى كۆرۈشنى خالىساڭ، شۇنى كۆرەلەيسەن، بەلكى سەن كۆرمەكچى بولغان ئادەمنى خۇددى ئالدىڭدا تۇرغاندەك ئوچۇق كۆرەلەيسەن، يەنە كېلىپ ئۇنىڭ سۆزىنىمۇ ئاڭلىيالايسەن» دەپتۇ.

ئوتتۇرانچى ئوغۇل بۇ گەپنى ئاڭلاپ تولىمۇ ھەيران بوپتۇ ۋە دەرھال مىڭ دىنارنى چىقىرىپ بېرىپتۇ ـ دە، بىر رەختكە ئەينەكنى ئوراپ چۈشكەن جايىغا قايتىپ كەپتۇ. ئۇ بۇ ئەينەكنىڭ ئاجايىپ خىسلىتىنى ئاكىسى بىلەن ئۇكىسىغا سۆزلەپ بېرىپتۇ.

ئوغۇللارنىڭ كەنجىسى ئاكىلىرىنىڭ قىممەتلىك بۇيۇملارنى سېتىۋالغانلىقىنى كۆرۈپ، ئۇمۇ ئالدىراپ بازارغا بېرىپتۇ. ئۇ ئاكىلىرى سېتىۋالغان نەرسىلەردىنمۇ قىممەتلىكرەك ھەم ئىبسلراق نەرسە سېتىۋېلىش مەقسىتىدە بازارنى ئۇ بېشىدىن بۇ بېشىغىچە ئايلىنىپ چىقىپتۇ.

ئۇ ئايلىنىپ يۈرۈپ يىراق جايدا بىر ئادەمنىڭ: «قەھۋە ئىستاكانى ساتىمەن» دەپ توۋلاۋاتقانلىقىنى ئاڭلاپتۇ. ئۇنىڭ پۇلىمۇ مىڭ دىنار ئىكەن. بىرىپ قارىسا ئادەتتىكى، كۆپ بولغاندا بىر دىنارنىڭ تۆتتىن بىرىگە ئەرزىمەيدىغان ئىستاكانىكەن. ئۇ كۆڭلىدە: «توختاپ تۇر. بۇنىڭدا بىر سىر بولسا كېرەك» دەپ ئويلاپ مال ئىگىسىدىن: بۇ ئىستاكان نىمانچە قىممەت؟» دەپ سوراپتۇ. مال ئىگىسى: «بۇ ئاددىي ئىستاكان ئەمەس، سەن ئۇنىڭ ئىچىگە خالىغان

نەرسىنى سېلىپ بىرەر بىمارغا ئىچكۈزسەڭ، ئۇنىڭ كېسىلى سەللىمازا ساقىيىدۇ» دەپتۇ.

ئۇ دەرھال مىڭ دىنارنى ساناپ، بۇ قىممەتلىك ئىستاكاننى سېتىۋاپتۇ.

ئۈچ ئاكا ـ ئۇكا بىرلىكتە ئولتۇرۇپ ئۆزىنىڭ نەرسىلىرىنى ئەڭ قىممەتلىك دەپ ماختاشقا باشلاپتۇ. ئۇلار تازا دەتالاش ئۇستىدە تۇرغاندا، ئوتتۇرانچىسى: «بولدى، بىز تالاشمايلى، ئالدى بىلەن مېنىڭ ئەينىكىمدىن نەۋرە سىڭلىمىزنىڭ ھۆسنى جامالىنى كۆرۈپ باقايلى» دېگەن تەكلىپنى ئوتتۇرىغا قويۇپتۇ.

ئۇلار ئەينەكتە نەۋرە سىڭلىسىنى كۆرۈپ چۆچۈپ كېتىپتۇ. ئەسلىدە، نەۋرە سىڭلىسى ئاغرىپ قېلىپ سەكراتتا ياتقانىكەن. ئۇلار دەرھال ئۇچار گىلەمگە ئولتۇرۇپتۇ. كۆزىنى يۇمۇپ ـ ئاچقۇچە بولغان ئارىلىقتا ئۇچار گىلەم نەۋرە سىڭلىسىنىڭ كارىۋىتىنىڭ يېنىغا كېلىپ چۈشۈپتۇ. ئوغۇللارنىڭ كەنجىسى ئىستاكاننى ئەكىلىپ ئۇنىڭغا سۈت قۇيۇپتۇ، ئاندىن نەۋرە سىڭلىسىغا ئىچكۈزۈپتۇ. سىڭلىسى سۈتنى ئىچىپ خېلى يېنىكلەپ قاپتۇ ـ دە، دەرھال كارىۋاتتا ئۆرە ئولتۇرۇپتۇ. كېيىن كارىۋاتتىن چۈشۈپ خۇددى تىمەن ئادەمدەك مېڭىشقا باشلاپتۇ. ئۆيدىكىلەر ئۇنىڭ سالامەتلىكىنىڭ ئەسلىگە كەلگەنلىكىنى كۆرۈپ خۇشال بولۇشۇپتۇ.

ئاخىرى نەۋرە سىڭلىسىنى كىم ئېلىش ئۇستىدە تالاش يەنە باشلىنىپتۇ. ئوتتۇرانچى ئوغۇل: «مېنىڭ ئەينىكىم ئەڭ قىممەتلىك، ئۇ بولمىغان بولسا، سىڭلىمىزنىڭ كېسەل ياتقانلىقىنى نەدىن بىلەتتۇق؟» دەپتۇ.

تۇنجى ئوغۇل: «مېنىڭ ئۇچار گىلىمىم ئەڭ قىممەتلىك. گىلىمىم بولمىسا، نەۋرە سىڭلىمىز بىز كەلگۈچە ئۇ دۇنياغا كەتكەن بولاتتى» دەپتۇ. كەنجى ئوغۇل: «مېنىڭ ئىستاكانىم ئەڭ



www.uyghurkitap.com

قىممەتلىك، ئەگەر ئىستاكان بولمىغان بولسا، سىلەر سىڭلىمىزنىڭ كېسەل ئىكەنلىكىنى بىلىپ تۇرۇپ، ۋاقتىدا يېتىپ كەلگىنىڭلاردىمۇ ئۇنىڭ ئۆلۈمىنى كۈتمەكتىن باشقا نىمە قىلالايتتىڭلار؟» دەپتۇ.

سۆزلەپ مۇشۇ يەرگە كەلگەندە، يىگىت تۇيۇقسىز پادىشاھتىن:

— پادىشاھ ئالىيلىرى، ئەگەر سىلىچە بولسا، قىزنى كىم ئالسا بولار؟ — دەپ سوراپتۇ.

بۇ قىزىقارلىق چۆچەك پادىشاھنى ئۆزىگە ئەسىر قىلىۋاپتۇ، ئۇ كۆپ ئويلانغاندىن كېيىن:

— ئۈچ ئاكا ـ ئۇكا قېرىنداشلار نەۋرە سىڭلىسىنى قۇتقۇزۇشتا ئوخشاش كۈچ چىقىرىپتۇ. نەۋرە سىڭلىسىنى كىمنىڭ ئالسا بولىدىغانلىقى ھەققىدە مەن بىر نىمە دېيەلمەيدىغان ئوخشايمەن، — دەپتۇ.

بۇ چاغدا مەلىكە ئېغىز ئېچىپ شۇنداق دەپتۇ:

— ئۇلۇغ شاھ ئاتا، نەۋرە سىڭلىسىنى كەنجى ئۇكىسىغا بېرىش كېرەك. ئەگەر ئۇنىڭ دورىسى بولمىغاندا ئىدى، كېسەل ئادەمنى كۆرۈپ دەرھال ئۇنىڭ يېنىغا كېلىشىنىڭ نىمە پايدىسى؟ — دەپتۇ.

پادىشاھ قىزىنىڭ گېپىنى ئاڭلاپ، دەرھال ئورنىدىن تۇرۇپتۇ ۋە مەسىسىنى كېيىپ، يىگىت بىلەن مەلىكىنى ھوجرىدا قالدۇرۇپ چىقىپ كېتىپتۇ.

پادىشاھ مەلىكىنى تۆۋەن تەبىقىدىن كېلىپ چىققان ئاددىي بىر پۇقراغا بېرىشكە ئىچىدە تازا رازى بولماپتۇ. لېكىن ئۇ، بۇ يىگىت مەلىكىنى ئۈچ قېتىم گەپ قىلدۇردى، بۇ ئۇنىڭ ئەقىللىق ئىكەنلىكىنى چۈشەندۈرىدۇ. مەلىكىمۇ چوقۇم بەختلىك بولىدۇ، ئۇنىڭ ئۈستىگە بەرگەن ۋەدەمگە ئەمەل قىلىشىم لازىم، دەپ ئويلاپتۇـ دە، ئاخىر مەلىكىنى يىگىتكە بېرىش نىيىتىگە كەپتۇ.

ئەتىسى ئەتىگەن بۇ قارام يىگىتنىڭ قانداق ئۆلتۈرۈلىدىغانلىقىنى

كۆرۈش ئۈچۈن كىشىلەر تەرەپ ـ تەرەپتىن كېلىشىپتۇ، پادىشاھنىڭ بۇ يىگىتنى شاھزادە قىلغانلىقىنى ۋە مەلىكىنى ئۇنىڭغا بېرىدىغانلىقىنى جاكارلىغاندا خەقلەر بۇنىڭدىن ھەيران قاپتۇ. ئۇلار تەنتەنە قىلىشىپ، يىگىتنىڭ بەختى ئېچىلغانلىقىغا خۇشال بولۇشۇپتۇ.

ئاخىر پۈتۈن شەھەر بايرام خۇشاللىقىغا چۆمۈپتۇ. پادىشاھ مەلىكە ۋە يىگىتكە كاتتا توي مۇراسىمى ئۆتكۈزۈپ بېرىپتۇ.

يىگىت پادىشاھقا كۈيئوغۇل بوپتۇ. ئۇ ئۆزىنىڭ ئەقىللىقلىقى ۋە قابىلىيىتى بىلەن مەلىكىنىڭ ياخشى كۆرۈشىگە ئېرىشىپتۇ. ئىككىيلەن تويدىن كېيىن، بەختلىك، خاتىرجەم تۇرمۇش كەچۈرۈپتۇ.



www.uyghurkitap.com

# ئاق قۇ پەرىزات

(سەئۇدى ئەرەبىستان)

قۇياش خۇددى يوغان مىس لىنگەندەك كۆتۈرۈلگەن چاغدا ئابدۇللا جاڭگاللىقتا ئوۋ ئوۋلاشقا كەپتۇ. بۈگۈن ئۇنىڭ تەلىيى ئوڭدىن چىقماپتۇ. ئۇ يىرىم كۈن ئاۋارە بولۇپ ھېچنېمە ئوۋلىيالماپتۇ، ئوق يايىنى كۆتۈرۈپ يىراقلارغا بېرىپ باقماقچى بوپتۇ. ئابدۇللا كېتىۋاتسا ئالدى تەرەپتە ياپيېشىللىق كۆرۈنۈپتۇ. ئۇ تېز - تېز مېڭىپ شۇ يەرگە يېتىپ كەپتۇ. بۇ ئەسلى ياپيېشىل ئوتلاق ئىكەن. ئوتلاقنىڭ ئوتتۇرىدا بىر كىچىك كۆل بولۇپ، سۈيىنىڭ سۈزۈكلۈكىدىن كۆلنىڭ تېگى كۆرۈنىدىكەن. بېلىقلار سۇدا ئۈزۈپ يۈرۈپتۇ. ئابدۇللا ئوقدانىنى چۆپنىڭ ئۈستىگە تاشلاپ، يانى دەرەخكە يۆلەپ قويۇپ، ئېڭىشىپ كۆل سۈيىدىن قانغۇچە ئىچىپتۇ. ئاندىن دەرەخ تۈۋىدە ئولتۇرۇپ ساپ ھاۋادىن كۆكسىنى تولدۇرۇپ نەپەس ئاپتۇ. چىققان غۇر - غۇر شامال ئۇنىڭ كۆڭلىگە تازا يېقىپتۇ. بۇ جىمجىتلىق ئۇنىڭ بۈگۈن قۇرۇق قول قايتىشتىكى بىئاراملىقىنى ئۇنتۇلدۇرۇپتۇ. ئۇ بىر ئاز ئۇخلىۋالماقچى بولۇپ يېتىپتۇ.

ئابدۇللا ئەمدى كۆزى ئۇيقۇغا ئىلىنغان چاغدا «قۇ - قۇ» دېگەن ئاۋازنى ئاڭلاپ قاپتۇ - دە، ئويغىنىپ قارىسا، كۆل بويىدا بەش ئاق قۇ تۇرغۇدەك. ئابدۇللا خۇشاللىقىدا ئەتراپقا كۆز سېلىپ ئۆزىگە: «تاپانلىرىم تېشىلگۈدەك قاتراپ تاپالمىغانىدىم. ئەمدى ئۆزى ئالدىمغا كەپتۇ ئەمەسمۇ» دەپتۇ. ئۇ تېزلىك بىلەن ئوقتىن بىرىنى ئېلىپ يا ئۈستىگە قويۇپتۇ ۋە كۈچەپ يانى تارتىپ ئاق قۇدىن بىرىنى

قارىغا ئالماقچى بوپتۇ. بۇ چاغدا بىر كارامەت ئىش يۈز بېرىپتۇ: ئۇلار يۇمران پەيلەك قاناتلىرىنى سىلىۋېتىپ چىرايلىق بەش قىزغا ئايلىنىپتۇ. بۇ ساھىبجامال قىزلار بويۇنلىرىدىكى ئۈنچە - مەرۋايىتلىرىنى ئېلىۋېتىپ، كۆلگە چۈشۈپ يۇيۇنغىلى باشلاپتۇ.

ئابدۇللا ھەيران قېلىپ، ئوق يايىنى قويۇپتۇ - دە، كۆزىنى ئۇۋۇلاۋېتىپ تازا سەپسېلىپ قاراپتۇ. ئۇنى قىزلارنىڭ گۈزەل ھۆسنى جامالى ئەسىر قىلىۋاپتۇ. بۇ چاغدا ئۇنىڭ كۆزى ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى ئەڭ كىچىك قىزغا چۈشۈپتۇ. ئابدۇللا قانداقتۇر بىر سېھىرلىك يىپنىڭ ئۆز قەلبىنى قىزنىڭ قەلبىگە باغلاپ قويغانلىقىنى ھېس قىلغاندەك بوپتۇ. ئۇ ئىچىدە: «ئەگەر مەن ئاۋۇ پەرىزات بىلەن توي قىلسام، قانداق ياخشى بولاتتى - ھە!» دەپ ئويلاپتۇ.

ئابدۇللا ئويلا - ئويلا ئاخىر ئۆز ئارزۇسىغا يېتىشنىڭ ئامالىنى ئويلاپ تېپىپتۇ. ئۇ پەرىزاتلارنىڭ يۇمران پەيلەك قاناتلىرى ۋە ئۈنچە - مەرۋايىتلىرى بار جايغا ئاستا ئۆمىلەپ بېرىپتۇ - دە، ھېلىقى كىچىك پەرىزاتنىڭ يۇمران پەيلەك قانىتىنى، ئۈنچە - مەرۋايىتلىرىنى ئېلىپ ئۆز جايغا قايتىپ كەپتۇ.

پەرىزاتلار يۇيۇنۇپ بولۇپ قىرغاققا چىقىپتۇ ۋە بەدەنلىرىنى سىلكىپ شامالغا ساپتۇ. سۇلار ئېقىپ چۈشۈپ بەدەنلىرى قۇرۇپتۇ. ئۈنچە - مەرۋايىتلىرىنى تاقاپ، يۇمران پەيلەك قاناتلىرىنى كىيىپ ئۇچۇشقا ھازىرلىنىپتۇ. لېكىن كىچىك پەرىزات ئۈنچە - مەرۋايىتلىرى بىلەن يۇمران پەيلەك قانىتىنى زادىلا تاپالماپتۇ، ئۇ تىتىلداپ قورقۇپ كېتىپتۇ. ئاخىر ئۆكسۈپ - ئۆكسۈپ يىغلاشقا باشلاپتۇ. يېشى ئىككى مەڭزىنى بويلاپ تاراملاپ ئېقىپتۇ.

بۇ چاغدا بىر قاغا ئۇچۇپ كېلىپ، ئۇلارنىڭ بېشىدا قاقىلداپتۇ. پەرىزاتلارنىڭ يۈرىكى ئاغقاندەك بوپتۇ، ئۇلار بۇ كېلىشمەسلىكنىڭ بېشارىتى، دېيىشىپ ھودۇققان ھالدا ئۇچۇپ كېتىپتۇ. پەقەت يۇمران

پەيلىك قانىتى بىلەن ئۇنچە ـ مەرۋايىتلىرىنى تاپالمىغان كىچىك پەرىزاتلا يالغۇز قاپتۇ.

كىچىك پەرىزات كۆڭلىدە: «ھېلىقى ئۆلمىگۈر قاغا ئوغرىلاپ كەتكەن بولمىسۇن يەنە» دەپ ئويلاپتۇ.

ئۇ قاغىغا قاراپتۇ. بۇ چاغدا قاغا تۇيۇقسىز ئۇنىڭ ئالدىغا پۇلاڭشىپ چۈشۈپتۇ. كىچىك پەرىزات قورقۇپ كېتىپتۇ ـ دە، قاچاي دەپ تۇرۇشىغا بىرسىنىڭ: «مېنىڭ ئوقۇم تەگدى» دېگەن يېقىملىق ئاۋازى ئاڭلىنىپتۇ.

پەرىزات قولى بىلەن كۆكسىنى توسۇپ، خىجىل بولغان ھالدا ئاۋاز چىققان تەرەپكە قاراپ پەس ئاۋاز بىلەن:

— تېگىپتۇ! دەل ئۇنىڭ يۈرىكىگە تېگىپتۇ، — دەپتۇ ـ دە، ئۆرۈلۈپ ماڭماقچى بوپتۇ، ئابدۇللا ئىككى چامداپ قىزنىڭ ئالدىغا كەپتۇ ۋە مۇلايىملىق بىلەن:

— قىزچاق قورقماڭ، مەن سىزنى ھېچ نەرسە قىلمايمەن. سىز نېمىشقا ھەدىلىرىڭىز بىلەن بىللە ئۇچۇپ كەتمىگەنلىكىڭىزنىڭ سەۋەبىنى ماڭا ئېيتىپ بېرىڭ، — دەپتۇ.

پەرىزات تىترەپ تۇرۇپ جاۋاب بېرىپتۇ:

— ئاچىلىرىم ئۆزلىرىنىڭ يومران پەيلىك قاناتلىرىنى كىيىپ ئۆيگە ئۇچۇپ كەتتى. لېكىن، مەن يومران پەيلىك قانىتىم بىلەن ئۇنچە ـ مەرۋايىتلىرىمنى تاپالماي ئىلاجسىز قېپقالدىم.

— سىزنىڭ ئۆيىڭىز قەيەردە؟ — دەپ سوراپتۇ ئابدۇللا.

— مەن تەڭرى پادىشاھىنىڭ قىزى بولىمەن، بىزنىڭ ئوردىمىز ئابۇقەلى دېگەن جايدا، بۇ يەردىن خېلىلا يىراق، ئۆزىڭىز كىم بولىسىز؟ بىزگە ئوخشاش ئىلاھمۇ؟ — دەپ سوراپتۇ پەرىزات.

— ياق، مەن ئادەمزات، ئىسمىم ئابدۇللا، مۇشۇ يەردە تۇغۇلۇپ ئۆسكەن. مەن كېيىنكى ئۆمرىمنى مۇشۇ يەردە

ئۆتكۈزمەكچىمەن. بۈگۈن غۇنچىنىڭ خۇش پۇراق ھىدى مىنى بۇ يەرگە باشلاپ كەلدى. مەن غۇنچىغا ئورالغان يۇمران يەپلەك كۆيىمگە ئىگە بولدۇم، — دەپتۇ ئابدۇللا كۈلۈپ تۇرۇپ.

— بۇ يەردە ھەپپىدە ئېچىلغان گۈللەر بار. سىزنىڭ دىمىقىڭىزغا بەلكىم شۇلارنىڭ خۇش پۇراق ھىدى ئۇرۇلغاندۇ. چۈنكى غۇنچە ئۈيۈلۈپ تۇگۈلۈۋاتقانلىقتىن ئۇنىڭ خۇش پۇرىقى ئىچىدە قىلىپ سىرتقا تارقالمايدۇ. شۇنداق تۇرۇقلۇق يولۇچىلار قانداق قىلىپ ئۇنى ئۈزسۇن؟ — دەپتۇ پەرىزات قىز.

ئابدۇللا بىر پەس ئويلىنىۋېلىپ يۈرەكلىك ھالدا:

— سىڭلىم، مۇبادا غۇنچىنى بىر كىم سوغارمىسا، ئۇ سولۇشۇپ قۇرۇپ قالىدۇ! — دەپتۇ.

بۇنى ئاڭلىغان پەرىزات قىز خىجىللىقتىن يۈزلىرى شەلپەردەك قىزىرىپتۇ ۋە پەس ئاۋازدا شۇنداق دەپتۇ:

— سىزنىڭ ئۆمۈرلۈك جۆرىڭىز بولسام، ئۆزۈمنى ئاجايىپ بەختلىك ھېس قىلغان بولاتتىم.

ئابدۇللا پەرىزات قىزنىڭ گېپىنى ئاڭلاپ خۇشاللىقتىن يۈرەكلىرى ئويناپ كېتىپتۇ. ئۇ قىزغا ئۆزىنىڭ ساپ ئىشقى-مۇھەببىتىنى ئىزھار قىلىپ، ئۇنى ئۆزى بىلەن بىللە ئۆيىگە كېتىشكە تەكلىپ قىپتۇ.

ئۆيىنىڭ گېپى چىققىش بىلەن تەڭ پەرىزات قىز ئەنسىرەپ ئابدۇللادىن:

— سىلەرنىڭ ئۆيدىكىلەر ۋە باشقا خەقلەر مىنى ئارىغا ئالارمۇ؟ — دەپ سوراپتۇ.

— ئۇلار سىزنى خۇددى مىنى ياخشى كۆرگەندەك ياخشى كۆرىدۇ، — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ ئابدۇللا.

ئابدۇللا بىر نەچچە تال بۇرۇتىنى يۇلۇپ پەرىزات قىزغا

بېرىپتۇ. قىزمۇ بىر نەچچە تال چېچىنى يۇلۇپ ئابدۇللاغا بېرىپتۇ. ئابدۇللا چاچنى ئاۋايلاپ ئوقدانغا سېلىپ قويۇپتۇ. بۇ ئۇلارنىڭ چىن مۇھەببىتىنىڭ يالدامىسى بولۇپ قاپتۇ.

دەل شۇ چاغدا يېنىدىكى گۈللەر ھۇپپىدە ئېچىلىشقا باشلاپتۇ. پەرىزات قىز ئابدۇللاغا ئوتلۇق نەزەردە لەپپىدە قاراپ قويۇپ:

— ئەمدىغۇ مېنىڭ كىيىمىمنى قايتۇرۇپ بېرەرسىز؟ — دەپتۇ ئۇيالغان ھالدا.

ئابدۇللا ئۇندىمەستىن ئاق قۇنىڭ يۇمران پەيلىك قانىتىنى ئەكىلىپ بېرىپتۇ. پەرىزات قىز بوينىغا ئاسىدىغان ئۇنچە - مەرۋايىتلىرىنى تاقاپ، يۇمران پەيلىك قانىتىنى كىيىپ، دەرھال بۇرۇنقى قىياپىتىگە كەپتۇ - دە، ئابدۇللانى ئۇستىگە مىندۇرۇپ، قاناتلىرىنى كېرىپ ئابدۇللانىڭ ئۆيى تەرەپكە قاراپ ئۇچۇپتۇ.

ھايال ئۆتمەي، ئۇلار ئۆز يۇرتىغا قايتىپ كەپتۇ. يېزىغا يېقىنلاشقاندا، ئاق قۇ يۇمران پەيلىك قانىتىنى سېلىۋېتىپ، پەرىزات قىزغا ئايلىنىپتۇ.

ئابدۇللانىڭ ئاكىلىرى ئۇكىسىنىڭ جەننەتنىڭ ھۆرلىرىدەك چىرايلىق بىر قىزنى باشلاپ كەلگەنلىكىنى كۆرۈپ خۇشال بولۇپتۇ ۋە ئۇكىسىنىڭ بەختلىك بولۇشىنى تىلەپتۇ.

لېكىن ئۇنىڭ دادىسى كۆڭلىدە سەل گۇمانلىنىپتۇ. بولۇپمۇ ئوغلىنىڭ قولتۇقىدا ئاققۇنىڭ پەي - قاناتلىرى تۇرغانلىقىنى كۆرۈپ گۇمانى تېخىمۇ كۈچىيىپتۇ. ئۇ ئۆيدىن ئاستا چىقىپ، ئۆزى بىلەن تەڭ دېمەتلىك كىشىلەرنى تېپىپتۇ ۋە بۇ ئىش ئۈستىدە ئۇلارنىڭ مەسلىھەتىنى ئاپتۇ. ئۇلارنىڭ ئىچىدىن ئۆزىنى ئەقىللىق ساناپ كېلىۋاتقان بىرى:

— ئوغلىڭىزنىڭ خوتۇنى چوقۇم جادۇگەر، ئۇنىڭ ھېلىقى قۇش كىيىمى كىشىلەرنىڭ كۆز، قۇلىقىنى باغلاپ قويىدىغان

نىقاب، — دەپتۇ.

دادىسى بەك ئەندىشە ئىچىدە قاپتۇ. ئۇ كېلىننى قوغلىۋېتىش ئۈستىدە باش قاتۇرۇپتۇ، ھەر خىل چارە - ئاماللارنى كۆڭلىدىن ئۆتكۈزۈپتۇ. ئوغلى قىزنى بەكمۇ ياخشى كۆرگەچكە دادىسى ھېچنەرسە قىلالماپتۇ.

شۇ يىلى يازدا كۈن بەك ئىسسىپ كېتىپ ھايۋانلار بىر خىل غەلىتە كېسەلگە مۇپتىلا بوپتۇ. كالا، قوي، تۆگىلەر ئۆلۈپ دۆۋە- دۆۋە بولۇپ كېتىپتۇ. خەقلەرمۇ ئاچلىقتىن جېنى تومشۇقىغا كېلىپ، خۇددى ئوت ئىچىدە قالغاندەك تىپىرلاپ كېتىپتۇ.

ئابدۇللا جامائەت بىلەن بىرلىكتە رەمچىنىڭ ئالدىغا بېرىپ پال سالدۇرۇپتۇ. يەنە نۇرغۇن تۆگە - قويلارنى قان قىلىپ خۇدا يولىدا نەزىر ئۆتكۈزۈپتۇ ۋە خۇدادىن بۇ بالايىئاپەتتىن قۇتۇلدۇرۇشنى تىلەپتۇ. لېكىن، بۇلارنىڭ ھېچقانداق پايدىسى بولماپتۇ.

ئاخىر بىر ئاقساقال چىقىپ:

بۇ ئاپەتنىڭ يىلتىزى ئابدۇللانىڭ خوتۇنىدىن كەلگەن. ئۇ باشلاپ كەلگەن ئالۋاستى بىزنىڭ قوي، كالا، تۆگىلىرىمىزنى زىيانغا ئۇچراتتى، — دەپتۇ. بەزى قېرىلارمۇ:

— بىز كېچىسى تۆگىلىرىمىزگە قاراۋاتقاندا، بىر توپ جىن - ئالۋاستىلار تۆگە - كالىلىرىمىزنى زىيانغا ئۇچراتتى، — دەپ ئېچىتقۇلۇق قىلىپتۇ.

كۆپچىلىك بىردەك، ئەمدى ئالۋاستى كەلسە، ئابدۇللا يىگىتلەرنى ئەگەشتۈرۈپ بىرىپ يوقاتسۇن، دېگەن يەرگە كەپتۇ. بۇنى ئابدۇللادىن باشقا ھېچكىم قىلىشقا جۈرئەت قىلالمايدىكەن. ئابدۇللامۇ ئىلاجىسىز بۇنىڭغا ماقۇل كەپتۇ.

بىر كۈنى كېچىسى، بىرسى ئالۋاستى كەلدى، دەپ خەۋەر ئېلىپ كەپتۇ. بۇنى ئاڭلىغان ئابدۇللا ئوق يالىرىنى ئېلىپ يىگىتلەر

بىلەن يېزىنىڭ سىرتىغا قاراپ مېڭىپتۇ.

ئابدۇللا ئەمدىلا يېزىنىڭ سىرتىغا چىقىشىغا ئۇنىڭ دادىسى ۋە باشقا قېرىلار تەڭلا:

— بۇ ئالۋاستى ئايالنى تېزدىن قوغلىۋېتىڭلار، — دەپ ۋارقىراپتۇ.

پەرىزات قىز ئۆزىنى قوغلىۋەتمەكچى بولۇۋاتقانلىقىنى ئاڭلاپ ئىختىيارسىز يىغلاپ تاشلاپتۇ. قىز قېرىلاردىن ئابدۇللا كەلسە، ئۇنىڭ بىلەن دىدارلىشىپ كېتىشنى تەلەپ قىلىپتۇ. لېكىن، ئۇلار ئۇنىماپتۇ. پەرىزات قىز ئاخىر قېينانىسىغا:

— ئاپا، مېنىڭ يۇمران پەيلىك قانىتىمنى بېرىڭ، مەن سىلەرگە خوشلىشىش ئۇسسۇلى ئويناپ بېرەي، — دەپ يىلىنىپتۇ.

قېينانىسىنىڭ ئىچى ئاغرىپ قىزنىڭ يۇمران پەيلىك قانىتىنى بېرىپتۇ.

پەرىزات قىز يۇمران پەيلىك كىيىمىنى كىيىپ، لەرزان ئۇسسۇلغا چۈشۈپتۇ. ھېچكىم مۇنداق چىرايلىق ئۇسسۇلنى كۆرۈپ باقمىغاچقا، ئۇلارنىڭ يۈرەكلىرى يايراپ كېتىپتۇ. پەرىزات قىز ئۇسسۇل ئويناۋېتىپ، ئاستا - ئاستا ئاق قۇغا ئايلىنىپتۇ - دە، ئاسمانغا چىقىپ ئۇچۇپ كېتىپتۇ.

بىر پەستىن كېيىن، ئابدۇللا قايتىپ كەپتۇ. كىشىلەر ئۇنى ئوتتۇرىغا ئېلىۋېلىپ جادۇگەر قىزنىڭ ئىشىنى سۈرۈشتە قىپتۇ.

— جادۇگەر دېگەن نېمە ئۇ؟ مۇنداق نەرسە ئەسلا بولغان ئەمەس، — دەپتۇ ئابدۇللا ئۆزىنى بېسىۋېلىپ.

ئابدۇللانىڭ ئاكىلىرى كۆزلىرىنى جامەدەك ئېچىپ چوڭلارغا تىكىلىپتۇ. ئابدۇللا خوتۇنىنىڭ قەيەرگە كەتكەنلىكىنى دەرھال سۈرۈشتە قىلىپتۇ. چوڭلار گەپ قىلالماپتۇ. ئاخىر ئۇنىڭ دادىسى دۇدۇقلاپ:

— ئۇ . . . ئۇ ئاق قۇغا ئايلىنىپ ئۇچۇپ كەتتى، — دەپتۇ.

بۇ خەۋەرنى ئاڭلىغان ئابدۇللانىڭ بېشىدا چاقماق چېقىلغاندەك بولۇپ كېتىپتۇ. ئۇ كۆزىنى چەكچەيتىپ، چاچلىرىنى يۇلۇشقا باشلاپتۇ. ئۇنىڭ يۈرىكى خۇددى تېشىغا تېپىپ چىقىدىغاندەك دەھشەت بىلەن سېلىشقا باشلاپتۇ. ئۇ ھېچنېمە دېمەي، ئوق يايىنى ئېلىپ ئاق قۇ ئۇچۇپ كەتكەن تەرەپكە قاراپ قوغلاپ كېتىپتۇ.

ئابدۇلا نەچچە ئۆتەڭدىن ئېشىپ توختىماي قوغلاپتۇ. بەختكە يارىشا، خوتۇنىنىڭ قارىسىمۇ كۆرۈنمەپتۇ. ئۇ توساتتىن خوتۇنى بەرگەن چاچنى ئېسىگە ئاپتۇ - دە، دەرھال ئۇقدانىدىن ئېلىپ كۆيدۇرۇپتۇ. ئۇنىڭدىن كۆپكۆك ئىس چىقىپ ئاسمانغا كۆتۈرۈلۈپتۇ. تۇيۇقسىز بىر كىم ئۇنىڭ ئىسمىنى چاقىرغاندەك بوپتۇ. ئۇ قارىسا بىر كەپتەر تۇرغۇدەك:

— ئابدۇللا، قوغلىما، يول بەك يىراق، ئارىلىقتا ئۆتكىلى بولمايدىغان نۇرغۇنلىغان خەتەرلىك جايلار بار. لېكىن، سەن ئۇنىڭ ئۆيىنى تاپالايسەن، لېكىن سىلەرنىڭ ئۆيدىكىلەر ئۇنىڭغا ئىشەنمىگەندەك، ئۇلارنىڭ ئۆيدىكىلەرمۇ ساڭا ئىشەنمەيدۇ، — دەپتۇ كەپتەر.

— كەپتەر مەن نېيىتىمدىن يانمايمەن. مەن چوقۇم ئۇنى تېپىپ بىللە قايتىپ كېلىمەن، بولمىسا مەن ئۇنىڭ يۇرتىدا ئۆلۈپ كەتسەممۇ رازىمەن، — دەپتۇ ئابدۇللا.

كەپتەر ئابدۇللانىڭ گېپىنى ئاڭلاپ ئۇنىڭغا ھېسداشلىق قىلىپ:

— مەن ساڭا ھەمراھ بولۇپ ئىزدىشىپ بېرەي، — دەپتۇ.

كەپتەر ئاسماندا ئۇچۇپتۇ. ئابدۇللا يەردە يۈگۈرۈپتۇ. ئۇلار شۇنداق مېڭىپ قانچىلىك يول يۈرگەنلىكىنىمۇ بىلمەي قاپتۇ. بىر كۈنى ئابدۇللا دولقۇنلاپ ئېقىۋاتقان بىر دەرياغا دۇچ كېلىپ قاپتۇ. بۇ دەرياغا قاراپ ئۇنىڭ بېشى قېتىپتۇ. بۇ چاغدا كەپتەر قانىتىدىن

بىر تال پەينى يۇلۇپ ئۇنىڭغا بېرىپتۇ. ئابدۇللا پەينى تۇتۇپ دەريادىن ئۆتۈپتۇ. ئۇ كەپتەرگە رەھمەت ئېيتىپ يەنە يولىنى داۋاملاشتۇرۇپتۇ.

بىر كۈنى قاش قارايغاندا، ئابدۇللا يىراقتا تۇرغان بىر دەرەخنى كۆرۈپ قاپتۇ ـ دە، بۈگۈن شۇ دەرەخ تۈۋىدە ئۇخلاي، دەپ ئويلاپتۇ، ئۇ دەرەخ ئاستىغا كېلىپ، دەرەخنىڭ يوغانلىقىغا ھەيران قاپتۇ. قويۇق دەرەخ يوپۇرماقلىرى ئاسماننى توسۇپلا ئاپتۇ. ئۇ بىر شاخقا يامىشىپ چىقىپ، ئارام ئاپتۇ. كەپتەرمۇ باشقا بىر شاخقا قونۇپ ئۇخلاپتۇ.

ئابدۇللا ئەمدىلا ئۇخلاي دەپتۇرۇشىغا تۇيۇقسىز «پالاق ـ پۇلۇق» قىلغان قانات ئاۋازىنى ئاڭلاپ چۆچۈپ كېتىپتۇ. ئۇ دەرھال يوپۇرماقلارنى قايرىپ قارىسا، يوغان ئىككى بۈركۈت تۇرغۇدەك. ئەركەك بۈركۈت جۈپتىگە:

— سەن دېگەن ھېلىقى گۆشى يۇمشاق ئادەمزات قەيەردە، مەن پەقەت بىر كەپتەرنىلا كۆردۇمغۇ؟ — دەپتۇ.

— مەن خاتا كۆرۈپ قالغان ئوخشايمەن، لېكىن كەپتەرنىڭ گۆشىمۇ يۇمشاق بولىدۇ، — دەپتۇ، ئەركەك بۈركۈت كەپتەرنى كاپلا قىلىپ تۇتۇپ پۇتۇنلا يۇتۇپتۇ. ئۇ جۈپتىگە:

— ئەته ئەتىگەن بىز ئابۇقەلىگە بارايلى، ئاڭلىشىمچە تەڭرى پادىشاھى خېلىدىن بېرى يوقىتىپ قويغان قىزلىرىنىڭ قايتىپ كەلگەنلىك شەرىپىگە كاتتا زىياپەت ئۆتكۈزگۈدەك، بىز بۇ پۇرسەتنى غەنىيمەت بىلىپ، ئۇلارنىڭ قوي ـ تۆگىلىرىدىن كۆپرەك يېۋالايلى، — دەپتۇ.

— ماقۇل! — دەپتۇ جۈپتى. شۇنىڭ بىلەن ئۇلار ئۇيقۇغا غەرق بولۇپ كېتىپتۇ.

ئابدۇللا بۇلارنىڭ قىلىشقان گەپلىرىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن، كۆڭلىدە: «مەن نېمىشقا بۇ ئىككىسى بىلەن بىللە بارمايمەن؟ لېكىن

بۇ بەك خەتەرلىك ئىش. مۇبادا ئىش ئوڭغا تارتىپ قالسا، كۆزلىگەن يېرىمگە يېتىۋالىمەن» دەپ ئويلاپتۇ ـ دە، ئاستا بۇركۇتنىڭ يېنىغا يامىشىپ چىقىپ ئۇنىڭ قانىتىنىڭ ئارىسىغا كىرىۋاپتۇ.

ئەتىسى ئىككى بۇركۇت كۈن بىلەن تەڭ يولغا چىقىپتۇ. ئۇلار كۆپلىگەن تاغلاردىن ئېشىپتۇ، تالاي دەريالاردىن ئۇچۇپ ئۆتۇپ ئاخىر ئابۇقەلى دېگەن شەھەرگە يېتىپ كەپتۇ. ئۇلار ئوردىغا يېقىن جايدىكى بىر چوڭ دەرەخكە قونۇپ ئولجىنى قولغا كەلتۇرۇشنىڭ پەيتىنى كۈتۇپ يېتىپتۇ. ئابدۇللا ئېھتىيات بىلەن قانات ئارىسىدىن ئۆمىلەپ چىقىپ، گۈل ـ چېچەكلەر ئېچىلىپ تۇرغان باغنىڭ ئىچىگە چۈشۈپتۇ. ئابدۇللا ئەتراپىغا سەپسېلىپ، بىر توپ زىلۋا قىزلارنىڭ سۇ ئالغىلى كۆل تەرەپكە كېلىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپتۇ ـ دە، ئۇلارنىڭ ئالدىغا بېرىپ مۇلايىملىق بىلەن:

— ئاچىلار سۇنى نېمە قىلىسىلەر؟ — دەپ سوراپتۇ.

— سىز ئاڭلىمىدىڭىزمۇ؟ بىزنىڭ كىچىك پەرىزاتنى ئادەمزاتلار ئالداپ كەتكەنىكەن. ھېلى قايتىپ كەلدى. تەڭرى پادىشاھ كىچىك پەرىزاتنىڭ ئامان ـ ئېسەن قايتىپ كەلگەنلىكىنى قۇتلۇقلاپ كاتتا زىياپەت بەرمەكچى، زىياپەتتىن ئىلگىرى پەرىزات يۇيۇنماقچى ئىدى، — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ قىزلار.

ئابدۇللا «ھە» دەپ قويۇپتۇ، بۇ چاغدا بىر قىزنىڭ بېشىدا سۇ كوزىسىنى ئاران كۆتۇرۇپ ئالدىراش كېلىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ قاپتۇ ۋە ئۇنىڭ سۇ كوزىسىنى يەرگە قويۇشىغا ياردەملەشكەن بولۇپ ئاستا سوراپتۇ:

— سىڭلىم، سىز ھېلىلا قايتىپ كەلگەن مەلىكىگە مېنىڭ سالىمىمنى يەتكۈزۈپ قويۇشقا ياردەم قىلالامسىز؟

— بولىدۇ، ياردەم قىلاي، مەن ئۇنىڭ دېدىكى بولىمەن، — دەپتۇ قىز جاۋابەن.



— سىڭلىم، بۇ مارجاننى پەرىزاتقا سىرلىك - دە، ئۇنىڭغا «يىپىگى گۈل پەقەت سۇ بويىدىلا تۇزىماي ئېچىلىپ تۇرىدۇ» دەڭ، — دەپتۇ ئابدۇللا.

دېدەك قىز بۇ گەپنىڭ تېگىدە گەپ بارلىقىنى بىلىپ، بۇ ناتونۇش يىگىتتىن:

— سىز قەيەردىن كەلدىڭىز؟ — دەپ سوراپتۇ.

— مەن باشقا مەملىكەتتىكى ئۆزۈمنىڭ يۇرتىدىن كەلدىم. مەن سىلەرنىڭ مەلىكەڭلەرنىڭ ئىسمىنى بىلىمەن. سىزنىڭ مېنىڭ ئۇنىڭغا يوللىغان سالىمىمنى يەتكۈزۈپ قويۇشىڭىزنى ئۈمىد قىلىمەن، — دەپتۇ ئابدۇللا.

دېدەك قىز گۇمانلىنىپ، يەنە سۈرۈشتۈرمەكچى بوپتۇ. لېكىن، مەلىكىنىڭ سۇنى ساقلاپ تۇرۇۋاتقانلىقىنى ئېسىگە ئاپتۇ، ئۇنىڭ ئۈستىگە، قىزلارنىڭ ھەممىسى كىرىپ كەتكەچكە، ناتونۇش يىگىت بىلەن خوشلىشىپ ئالدىراپ ئوردىغا مېڭىپتۇ.

دېدەك قىز مەلىكىنىڭ يۇيۇنۇش ئۆيىگە كىرىپتۇ، مەلىكە دېرىزىدىن سىرتقا بويۇنداپ قاراپ بىردەم گۈل شىرنىلىرىنى شوراۋاتقان ھەرىلەرگە سەپسالسا، بىردەم يىراقلارغا كۆز تىكىپ گويا بىر نەرسىگە تەشنا بولغاندەك قاراپ تۇرغۇدەك.

دېدەك قىز كوزىدىكى سۇنى مەلىكىنىڭ بېشىغا قۇيۇپتۇ. شۇ چاغدا ئۇ ئېڭىشىپ سۇ قۇيۇۋاتقاچقا يانچۇقىدىن يىگىت بەرگەن مارجان يەرگە چۈشۈپ كېتىپتۇ. مەلىكە بىر قاراپلا بۇ مارجاننىڭ ئۆزى تۇنجى قېتىم ئابدۇللا بىلەن ئۇچراشقاندا تاقىغان مارجىنىنى ئىكەنلىكىنى تونۇپتۇ - دە، تولىمۇ ھەيران قاپتۇ. لېكىن، بۇ مارجاننىڭ ئۆزىنىڭ ئىكەنلىكىگە تازا ئىشىنىپ كەتمەپتۇ. ئۇ ئۆز ئۆزىگە: «مەن چۈش كۆرۈۋاتمايۋاتقاندىمەن؟» دەپتۇ. ئۇ دېدەكتىن:

— سەن بۇ مارجاننى قەيەردىن ئالدىڭ؟ — دەپ سوراپتۇ.

— مەلىكە، بۇ مارجان سىزنىڭ، — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ دېدەك قىز.

— مەن نېمىشقا ئوتنىلا كۆرۈپ ئوت تۇتاشتۇرۇۋاتقان ئادەمنى كۆرمەيمەن؟ — دەپتۇ مەلىكە.

بۇ چاغدا دېدەك قىز سۇ ئالغىلى چىققاندا بىر ناتونۇش يىگىتنى ئۇچراتقانلىقىنى سۆزلەپ بېرىپتۇ.

مەلىكە بۇ گەپنى ئاڭلاپ كىيىمىنى يېپىنچاقلىغان پېتى يالاڭ ئاياغ ئاتا - ئانىسىنىڭ ئالدىغا كىرىپتۇ ۋە:

— مېنىڭ ئېرىم كەلدى! — دەپتۇ.

ئاتا - ئانىسى بۇنىڭ راستلىقىغا ئىشەنمەپتۇ.

مەلىكە بۇلارنى باغدىكى كۆلنىڭ يېنىغا باشلاپ كەپتۇ. ئۇلار دۇمبىسىگە ئوقيا ئاسقان، قەددى - قامىتى كېلىشكەن، قاۋۇل بىر يىگىتنىڭ كۆزلىرىگە لىققىدە ياش ئالغىنىچە كۆل بويىدا مىدىرلىماي تۇرغانلىقىنى كۆرۈپتۇ.

مەلىكىنىڭ ئاتا - ئانىسى يىگىتنىڭ ئالدىغا بېرىپ، ئۇنىڭدىن هال - ئەھۋال سوراپتۇ ۋە ئۇنىڭ قولىدىن تۇتقىنىچە ئوردىغا باشلاپ مېڭىپتۇ.

ئۇلار ھەشەمەتلىك ئوردىغا كىرىپ، ماموق تۆشەكلەردىن ئورۇن ئاپتۇ ۋە ئابدۇللادىن:

— بۇ يەرگە قانداق كەلدىڭىز؟ — دەپ سوراپتۇ. ئابدۇللا كەپتەرگە ۋە بۈركۈتكە ئۇچرىغان ئەھۋاللىرىنى باشتىن ئاخىر سۆزلەپ بېرىپتۇ.

تەڭرى پادشاھى ئابدۇللانىڭ شۇنچە خىيىم - خەتەرگە قارىماي خوتۇننى ئىزدەپ كەلگەنلىكىنى ئاڭلاپ ئابدۇللانى تازا ماختاپ كېتىپتۇ. ئۆزىنىڭ قىزىنى ئابدۇللانىڭ بىللە ئېلىپ كېتىشىگە رازى بوپتۇ.

ئابدۇللا خوتۇننى ئېلىپ، قېيناتا - قېينانىسى بىلەن خوشلىشىپ يۇرتىغا راۋان بوپتۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تورپىكتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ پېگى ئادرېسى

# قىزىلگۈل مەلىكە

(پەلەستىن)

بۇرۇنقى زاماندا بىر پادىشاھ ئۆتكەنىكەن. ئۇنىڭ جاھاندا تەڭدىشى يوق چىرايلىق بىر قىزى بار ئىكەن. ئۇ، كۆلسە ئاسماندا بۇلۇتلار ئۇزۇشكە باشلايدىكەن؛ ئۇ يىغلىسا يامغۇر يىغىپ، جاھان چىلىق - چىلىق سۇ بولۇپ كېتىدىكەن؛ ئۇ، ئوڭ قولىنى كۆتۈرسە يەر - جاھاننى قىزىلگۈل قاپلاپ كېتىدىكەن؛ ئۇ، سول قولىنى كۆتۈرسە يەر يۈزىدىكى شاپتۇللار ھۆپپىدە ئېچىلىپ كېتىدىكەن. بۇ قىزنىڭ ئىسمى قىزىلگۈل مەلىكە ئىكەن. قوشنا ئەللەردىكى ھەممە خەلق بۇ مەلىكىنى تونۇيدىكەن.

يىراق بىر مەملىكەتتىكى بىر شاھزادە ئۆيلىنىش نىيىتىگە كەپتۇ. ئۇ بىر كۈنى دادىسىغا:

— مەن جەزمەن قىزىلگۈل مەلىكىنى خوتۇنلۇققائالىمەن، — دەپتۇ.

— سەن ئۇنى قانداقمۇ ئالالايسەن؟ ئۇ قىز جاھاننىڭ ئۇ قېتىدىكى مەملىكەتتە تۇرسا، ئۇنىڭ ئۈستىگە، دۇنيادا تەڭدىشى يوق گۈزەل مەلىكە. ئۇنى ئېلىش ئۈچۈن قانچىلىك پۇل كېتىدۇ! — دەپتۇ دادىسى.

لېكىن، بۇ شاھزادە ئەركە چوڭ بولغاچقا، ناھايىتى تەرسا ئىكەن. ئۇ دادىسىغا:

— مەن ئۇنى ئالماي قويمايمەن، بولمىسا، بىر ئۆمۈر بويتاق

ئۆتۈپ كېتسەمەن! — دەپتۇ.

دادىسى ئوغلىنى كۆندۈرەلمەي بار - يوقىنى سەرپ قىلىپ، ئاجايىپ بىر ھەشەمەتلىك كېمە ياسىتىپتۇ. قىزىلگۈل مەلىكىنىڭ مەملىكىتىگە بىر كاتتا ئەلچىخانا سالدۇرۇپتۇ ۋە قىزىلگۈل مەلىكىگە ئەلچى ئەۋەتىپتۇ. قىزىلگۈل مەلىكىنىڭ دادىسى قۇدىلىششقا رازىلىق بىلدۈرۈپتۇ.

ئۇزۇن ئۆتمەي قىزىلگۈل مەلىكىنىڭ ئاپىسى ئۆلۈپ كېتىپتۇ. دادىسى يەنە بىر خوتۇن ئاپتۇ. قىزىلگۈل مەلىكىنىڭ ئۆگەي ئاپىسى پادىشاھقا:

— قىزلىرىنى بۇ ناتونۇش ئادەملەر بىلەن بىر كېمىــــدە ماڭدۇرسىلا قاملاشماسمىكىن، بىز كۆپرەك خىراجەت قىلىپ يەنە بىر كېمە ياسىتايلى، قىزىلگۈل مەلىكىنىڭ ئۇلارنىڭ يىراقتىــكــى مەملىكىتىگە ئامان - ئېسەن بېرىشى ئۈچۈن مەنمۇ قىزىمغا ھەمراھ بولۇپ باراي، — دەپتۇ.

پادىشاھ ئۇنىڭ تەكلىپىنى قوبۇل كۆرۈپتۇ. بۇ خوتۇن بىلەن قولىدىن ئىش كېلىدىغان يەنە بىر ئەمەلدار كېمە ياسىتىشقا ۋە سەپەر تەييارلىقلىرىنى پۈتتۈرۈشكە نازارەتچىلىك قىپتۇ. قىزىلگۈل مەلىكە ئۆگەي ئاپىسى بىلەنبۇ كېمىگە ئولتۇرۇپ يىراق مەنزىلگە قاراپ يول ئاپتۇ.

ئۇلار دېڭىزدا ئون كۈن يۈرگەندىن كېيىن، ئۆگەي ئاپىسى مەلىكىگە تۇزلىغان بېلىق بېرىپتۇ ۋە:

— تۇزلىغان بېلىقلا قاپتۇ. تاتلىق سۇ ۋە باشقا نەرسىلەرنىڭ ھەممىسى تۈگىدى، — دەپتۇ.

قىزىلگۈل مەلىكە بۇنىڭغا ئىشىنىپ، ھەر قېتىملىق تاماقتا تۇزلىغان بېلىق يەپتۇ. شۇنداق قىلىپ مەلىــكە ئۇدا ئۈچ كۈن ئازابلىنىپتۇ. ئۇنىڭ ئۈستىــگە كۈن بەك قىــزىپ كەتكەچكە،

مەلىكىنىڭ ئىغىزلىرى قۇرۇپ، ئۇسسۇزلۇقتىن ئۆلەر ھالەتكە يېتىپتۇ. قارا نىيەت ئۆگەي ئاپىسى بىلەن قېيىنسىڭلىسى مەلىكىنىڭ بۇ ھالى بىلەن كارى بولماي، ئەكسىچە ھەر قېتىملىق تاماقىغا تۇزلىغان بېلىق بېرىۋېرىپتۇ. ئۇلار قىزىلگۈل مەلىكىنى كېيمە ئامبىرىغا نەزەربەنت قىلىپ قويۇپتۇ. قىزىلگۈل مەلىكە بولسا، ئۆكسۈپ يىغلاپ ئۇلارنى تازا قاغاپتۇ.

تۆتىنچى كۈنگە بارغاندا، قىزىلگۈل مەلىكىنىڭ ھاياتى خەۋپ ئىچىدە قاپتۇ. بۇ چاغدا ئۆگەي ئاپىسى كېلىپ:

— سەن بىر كۆزۈڭنى بەرسەڭ، ئاندىن سۇ بېرىمەن! — دەپتۇ.

قىزىلگۈل مەلىكە: «مەن بەربىر ئۆلىدىغان ئوخشايمەن، بىر كۆز بىلەن نەرسىلەرنى كۆرگىلى بولىدىغۇ! ھاياتىمنى ۋاقتىنچە ئۇزارتىش ئۈچۈن بىر كۆزۈمنى بىر قاچا سۇغا ئالماشتۇرۇپ ئىچەي» دەپ ئويلاپتۇ ـ دە، ئۆگەي ئاپىسىغا:

سەن مېنىڭ بىر كۆزۈمنى ئويۇۋالغىن، لېكىن چوقۇم ماڭا سۇ بېرىسەن! — دەپتۇ.

نىيىتى قارا، بۇزۇق ئايال بىر قاچا سۇنى ئېلىپ كەپتۇ. ئاندىن ئۇزۇن تىرنىقى بىلەن قىزىلگۈل مەلىكىنىڭ كۆزىنى ئويۇۋاپتۇ.

ئارىدىن بىر نەچچە كۈن ئۆتۈپتۇ، قىزىلگۈل مەلىكىنىڭ ئۇسسۇزلۇقتىن جېنى تومشۇقىغا كېلىپ قاپتۇ. ئۇ ئۆگەي ئاپىسىدىن يەنە بىر ئاز سۇ بېرىشنى ئۆتۈنۈپتۇ. ئادەم قېلىپىدىن چىققان ئۆگەي ئاپىسى ئۇنىڭغا:

— سەن يەنە بىر كۆزۈڭنى سۇغا تېگىشىپ ئىچكىن، — دەپتۇ.

قىزىلگۈل مەلىكە ئۆگەي ئاپىسىنىڭ تەلىپىنى قوبۇل قىپتۇ ۋە:

— مەيلى بوپتۇ، سەن يەنە بىر كۆزۈمنىمۇ ئويۇۋال! لېكىن

سۆنى تېزرەك ئەكىلىپ بەرگىن! — دەپتۇ.

رەھىمسىز ئۆگەي ئاپىسى مەلىكىنىڭ يەنە بىر كۆزىنى ئويۇۋېلىپ، ئۇنىڭغا ئازراقلا سۇ بېرىپتۇ. دەل بۇ چاغدا كېمىچىلەر قىرغاق كۆرۈندى، دەپ ۋارقىرىشىپ كېتىپتۇ.

قارا نىيەت ئۆگەي ئاپىسى ئۆز قىزىنى ئەگەشتۇرۇپ قىرغاققا چىقىپتۇ. ئۇ قىزىغا قىزىلگۈل مەلىكىنىڭ كىيىملىرىنى كىيگۈزۈپ، ئۇنى قىزىلگۈل مەلىكە سىياقىدا ياساپتۇ. لېكىن، ئۇنىڭ چىرايى ناھايىتى سەت بولۇپ، خۇددى بىر ئالۋاستىغىلا ئوخشايدىكەن! ئۆگەي ئاپىسى كۆزىدىن ئايرىلغان قىزىلگۈل مەلىكىنى كوچىغا تاشلىۋېتىپتۇ، مەلىكە قارىغۇ دىۋانىدەك تەمتىرەپ قاپتۇ. قارا نىيەت خوتۇن ئۆز قىزىنى ئوردىغا ئاپىرىپ شاھزادىگە تاپشۇرۇپ بېرىپتۇ. شاھزادە مەلىكىنىڭ سەت ئىكەنلىكىنى، ئۆزى قىياس قىلغاندەك ئۇنچىۋالا چىرايلىق ئەمەسلىكىنى كۆرۈپ ئەرۋايى قىرىق گەز ئۇچۇپتۇ. ئۇ بۇ توينى بولدى قىلماقچى بوپتۇ. بىراق، ئۇنىڭ دادىسى قەتئىي ھالدا:

— سەن ئىلگىرى ئۇنى ئالىمسام بولمايدۇ، دەپ مېنىڭ گېپىمنى ئاڭلىمىدىڭ، ئەمدى ئۇ كەپتۇ. سەن ئۇنى چوقۇم ئېلىشىڭ كېرەك! بىلەمسەن، مەن سەن ئۈچۈن قانچىلىك پۇل خەجلىدىم؟ — دەپ ئاچچىقلاپتۇ.

شۇنداق قىلىپ شاھزادە بۇ جۇت چىراي مەلىكىنى ئەمرىگە ئاپتۇ. لېكىن، ئۇنىڭغا زادى كۆڭلى چۈشمەپتۇ. بۇ سەت مەلىكە كۈلسە، يىغلىسا ھاۋادا قىلچە ئۆزگىرىش بولماپتۇ. ئوڭ قولىنى كۆتۈرگەندە، يەرگە قىزىلگۈل ياغماپتۇ؛ سول قولىنى كۆتۈرگەندە ھۇپپىدە ئېچىلغان شاپتۇل چېچەكلىرى كۆرۈنمەپتۇ. بۇ ئىشتىن تەلەتى سەت مەلىكىنىڭ كۆڭلى بەكمۇ بىئارام بوپتۇ.

ئەمدى قىزىلگۈل مەلىكىگە كېلەيلى. بىر ئاق كۆڭۈل دېھقان

يولدا قىزىلگۈل مەلىكىنى ئۇچرىتىپ قاپتۇ. ئۇ ئۆيىگە باشلاپ كېلىپ ئۇنىڭغا تاماق بېرىپتۇ. مەلىكە قارىغۇ بولغاچقا كۆزىدىن دائىم ياش ئېقىپ تۇرىدىكەن، شۇڭا ھاۋا ئوچۇق بولسىمۇ يامغۇر يېغىپ تۇرىدىكەن. دېھقان بۇنىڭدىن تولىمۇ ھەيران قاپتۇ. ئۇ قىزنىڭ كۆزىدىن ياش قۇيۇلغاندا، يامغۇر ياغقانلىقىنى بايقاپ قېلىپ قىزدىن دەرھال:

— مەن ياردەم قىلغۇدەك بىرەر ئىشىڭىز بارمۇ؟ — دەپ سوراپتۇ.

ئۇ سول قولىنى كۆتەرگەنىكەن، ھەممە يەردە شاپتۇل چېچەكلىرى ھۇپپىدە ئېچىلىپ كېتىپتۇ، مەلىكە:

— سىز شاپتۇل چېچەكلىرىنى ئوردىنىڭ ئالدىغا ئاپىرىپ: «كۆز قارچۇقىغا شاپتۇل چېچىكى تېگىشمەن» دەپ توۋلاڭ. ئەگەر ئۇلار سىزگە كۆز قارچۇقى بەرسە، ماڭا ئەكىلىپ بېرىڭ! — دەپتۇ.

دېھقان بىر خالتا شاپتۇل چېچەكلىرىنى ئوردىنىڭ ئالدىغا ئاپىرىپ:

— كۆز قارچۇقىغا شاپتۇل چېچىكى تېگىشمەن، — دەپ توۋلاپتۇ.

بۇ چاغدا ھېلىقى سەت مەلىكە ھوجرىسىدا يىغلاپ ئولتۇرغانىكەن. چۈنكى شاھزادە توي قىلغاندىن بۇيان سەت مەلىكىنى بىرەر قېتىم سۆيۈپ قويماپتۇ. ھەتتا ئۇنىڭ چىرايىغا قاراپمۇ سالماپتۇ. ئۇ دېھقاننىڭ ئاۋازىنى ئاڭلاپ يۈگۈرۈپ ئاپىسىنىڭ ئالدىغا كىرىپ:

— شاپتۇل چېچىكى ئالايلى، شاھزادە ئۇنى كۆرۈپ مېنى ياقتۇرۇپ قالسا ئەجەب ئەمەس، — دەپتۇ.

ئاپىسى قولۇپلاقلىق ساندۇقنى ئېچىپتۇ. ئىچىدىن بىر تال كۆز

قارچۇقنى ئېلىپ قىزىغا بېرىپتۇ ۋە:
— سەن بۇنىڭغا شاپتۇل چېچىكى تېگىشىپ كەلگىن! — دەپتۇ.
سەت مەلىكە شاپتۇل چېچىكىنى ئېلىپ ئۇنى بىر خالتىنىڭ ئىچىگە ئوغرىلىقچە تىقىپ قويۇپتۇ. ئاندىن ئېرىنىڭ يېنىغا كىرىپتۇ. ئۇ قەستەن سول قولىنى كۆتۈرگەنىكەن يوشۇرۇپ قويغان ھېلىقى شاپتۇل چېچەكلىرى ئۆينىڭ ئىچىنى بىرلا ئاپتۇ. شاھزادە شاپتۇل چېچەكنى كۆرۈپ خۇشال بوپتۇ. لېكىن، ئۇنىڭ سەت چىرايىغا كۆزى چۈشۈش بىلەن تەڭلا ھېلىقى خۇشاللىق كۆلكىسىمۇ يوقاپتۇ.
— سىز ئوڭ قولىڭىزنى كۆتۈرۈپ بېقىڭ. مەن قىزىلگۈلنى ياخشى كۆرىمەن، — دەپتۇ.
لېكىن، سەت مەلىكە بۇتتەك قېتىپ تۇرۇپلا قاپتۇ. قولىنى كۆتۈرۈشكە پېتىنالماپتۇ.
دېھقان قايتىپ كېلىپ كۆز قارچۇقنى قىزىلگۈل مەلىكىگە بېرىپتۇ. ئۇ بۇنى بىر كۆزىگە سالغانىكەن، دەرھال كۆزى ئەسلى ھالىتىگە كەپتۇ ۋە قايتىدىن يورۇقلۇقنى كۆرۈپ بەكمۇ خۇشال بوپتۇ. بۇ چاغدا بۇلۇتلار ئاسماندا ئۈزۈشكە باشلاپتۇ. قىزىلگۈل مەلىكە ئوڭ قولىنى كۆتۈرگەنىكەن، شۇ ھامان قىزىلگۈل ھەممە يەرنى بىرلا ئاپتۇ. ئۇ مۇلايىملىق بىلەن دېھقانغا:
— سىز بۇ قىزىلگۈللەرنى ئوردىنىڭ ئالدىغا ئاپىرىپ: «كۆز قارچۇقىغا قىزىلگۈل تېگىشىمەن» دەپ توۋلاڭ! — دەپتۇ.
دېھقان بىر سېۋەت قىزىلگۈلنى كۆتۈرۈپ ئوردىنىڭ ئالدىغا كەپتۇ ـ دە:
— كۆز قارچۇقىغا قىزىلگۈل تېگىشىمەن، — دەپ توۋلاپتۇ.
سەت مەلىكە يەنە ھوجرىدا ئولتۇرغانىكەن. ئۇ دېھقانىنىڭ توۋلىغان ئاۋازىنى ئاڭلاپ يۈگۈرۈپ ئاپىسىنىڭ ئالدىغا كىرىپ جىددەل قىلىپتۇ ۋە:

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

— قىزىلگۈل ئالايلى! بەلكىم شاھزادە مېنى ياخشى كۆرۈپ قالار! — دەپتۇ.

ئاپىسى ئاچقۇچنى ئېلىپ ساندۇقنى ئېچىپتۇ-دە، ئىچىدىن يەنە بىر كۆز قارچۇقنى ئېلىپ قىزىغا بېرىپ:

— سەن بۇ كۆز قارچۇقىغا قىزىلگۈل ئالماشتۇرۇپ كىرگىن! — دەپتۇ.

سەت مەلىكە كۆز قارچۇقىغا قىزىلگۈل ئالماشتۇرۇپ كىرىپ، ئۇنى بىر خالتىغا تىقىپ قويۇپتۇ. شۇ ئەسنادا شاھزادە كىرىپتۇ. سەت مەلىكە ئۇنىڭ قولىنى كۆتۈرۈپتىكەن قىزىلگۈل ئۆينى بىرلا ئاپتۇ.

شاھزادە قىزىلگۈلنى كۆرۈپ ئىنتايىن خۇشال بوپتۇ. لېكىن، سەت مەلىكىنىڭ چىرايىغا كۆزى چۈشۈش بىلەن تەڭلا ئۇنىڭ خۇشاللىق كۈلكىسىمۇ شۇ ھامان يوقاپ كېتىپتۇ.

دېھقان كۆز قارچۇقنى ئەكىلىپ قىزىلگۈل مەلىكىگە بېرىپتۇ. ئۇ قارچۇقنى يەنە بىر كۆزىگە سالغانىكەن كۆزى بۇرۇنقى ھالىتىگە كەپتۇ. ئۇنىڭ ئىككىلا كۆزى كۆرەلەيدىغان بوپتۇ. ئۇ خۇشاللىقتىن تېنىگە پاتماي قاپتۇ. بۇ چاغدا ئاسماندا ئاق بولۇت لەرزان ئۈزۈپتۇ.

دەل شۇ چاغدا، شاھزادە ئوۋغا چىقىپ دېھقاننىڭ ئۆيىنىڭ يېنىدىكى يولدا كېتىۋاتقاندا، قىزىلگۈل مەلىكە شاھزادىنى كۆرۈپ قاپتۇ ۋە كۆڭلىدە: «ئۇ نېمە دېگەن ئالىيجاناب، كېلىشكەن يىگىت - ھە! ئۇ چوقۇم مېنىڭ ئېرىم بولۇشقا تېگىشلىك» دەپ ئويلاپ، كۆڭلى يېرىم بولغان مەلىكە يىغلىۋېتىپتۇ. شۇ ھامان ئاق بۇلۇت، قارا بۇلۇتقا ئايلىنىپ بىر پەستىلا يامغۇر شارقىراپ يېغىپ كېتىپتۇ. شاھزادە ئاق بۇلۇتنىڭ تۇيۇقسىز قارا بۇلۇتقا ئايلىنىپ كەتكەنلىكىدىن ھەيران بوپتۇ ۋە دېھقاننىڭ ئۆيىگە كىرىپ يامغۇردىن پاناھلىنىپتۇ. ئۇ دېھقاندىن:

— سىز بۇرۇن ئاق بۇلۇتنىڭ تۇيۇقسىزلا قارا بۇلۇتقا

ئايلانغانلىقىنى كۆرگەنمۇ؟ — دەپ سوراپتۇ. دېھقان مۇلايىملىق بىلەن:

— كۆرگەن، بىر قىز كۆلسە بۇلۇتلار ئاقىرىدىكەن، يىغلىسا ئاق بۇلۇتلار قارا بۇلۇتقا ئايلىنىدىكەن، — دەپتۇ.

شاھزادە بۇ گەپتىن ئەجەبلىنىپتۇ. ئۇ: «مېنىڭ خوتۇنۇم ئەسلى مۇشۇنداق قىلالىشى كېرەك ئىدى، لېكىن ئۇنىڭدا بۇ ئىش زادى كۆرۈلمىدى» دەپ ئويلاپتۇ - دە، قىزىلگۈل مەلىكىنى چاقىرىپ ئۇنىڭدىن:

— سىز سول قولىڭىزنى كۆتۈرۈپ بېقىڭا! — دەپتۇ.

مەلىكە سول قولىنى كۆتۈرگەنىكەن، يەر يۈزىنى شاپتۇل چېچىكى قاپلاپ كېتىپتۇ.

ئۇ يەنە قىزىلگۈل مەلىكىدىن:

— ئوڭ قولىڭىزنى كۆتۈرۈپ بېقىڭا! — دەپتۇ.

مەلىكە ئوڭ قولىنى كۆتۈرگەنىكەن، قىزىلگۈل ھەممە يەرنى بىر ئاپتو. شاھزادە شۇندىلا بۇ قىزنىڭ ھەقىقىي قىزىلگۈل مەلىكە ئىكەنلىكىنى بىلىپتۇ - دە، خۇشاللىقىدىن ئۇنى باغرىغا بېسىپتۇ. ئاندىن مەلىكىنىڭ ئۆگەي ئاپىسى بىلەن سەت مەلىكىنىڭ ئەھۋالىنى سۈرۈشتە قىلىپ ھەممىنى بىلىپتۇ. قىزىلگۈل مەلىكە قارانىيەت ئۆگەي ئاپىسىنىڭ جىنايى قىلمىشلىرىنى بىر - بىرلەپ سۆزلەپ بېرىپتۇ.

شاھزادە ئوردىغا قايتىپ كەلگەندىن كېيىن، قىزىلگۈل مەلىكىنىڭ تاش يۈرەك ئۆگەي ئاپىسى بىلەن ئۇنىڭ سەت قىزىنى ئېسىپ ئۆلتۈرۈشكە بۇيرۇق بېرىپتۇ. ئاندىن ئۇلارنىڭ مېڭىلىرىدە توخۇ بېقىشنى، ئۇستىخانلىرىدا شوتا ياساشنى، تېرىسىنى يەرگە يېيىپ ئادەملەرگە دەسسىتىشنى ئېيتىپتۇ.

شاھزادە قىزىلگۈل مەلىكە بىلەن توي قىپتۇ، مەلىكىگە تېخىمۇ ئاشىقى بىقارار بوپتۇ. شۇنىڭدىن ئېتىبارەن ئىككى ئەلنىڭ پۇقرالىرى تېخىمۇ ئىناق ئۆتۈپتۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com

# بېشىغا كۈن چۈشكەن شاھزادە

(سەئۇدى ئەرەبىستان)

بىر ياش شاھزادە شاھلىق تەختكە ۋارىسلىق قىلىپ، بىر كىچىك پادىشاھلىقنىڭ شاھى بوپتۇ. شاھزادە ئاق كۆڭۈل بولۇپ بىر جەمەتتىكىلىرىنى قەدىرلەيدىكەن، پۇقرالىرىغا ئادىل مۇئامىلە قىلىدىكەن. كىچىك پادىشاھلىقنى ئوبدان باشقۇرىدىكەن. شاھزادىنىڭ بىر نەۋرە ئاكا - ئۇكىلىرى نىيىتىنى بۇزۇپ، شاھزادىنى كۆزدىن يوقىتىپ، شاھلىق ئورنىنى تارتىۋېلىشنىڭ پۇرسىتىنى كۈتۈپ يۈرۈپتۇ. بىر كۈنى تۈن قاراڭغۇسىدا شاھزادىنىڭ بىر نەۋرە ئاكا - ئۇكىلىرى بىر توپ كىشىنى ئەگەشتۈرۈپ ئوردىغا باستۇرۇپ كىرىپتۇ. شاھزادە ئۇلارنىڭ ئاۋازىدىن ئويغىنىپ كېتىپ، دەرھال ئوق يايىنى ئاپتۇ - دە، ئوردىنىڭ ئارقا ئىشىكىدىن چىقىپ قۇملۇققا قېچىپ كېتىپتۇ.

شاھزادە قىيىن ئەھۋالدا قاپتۇ. ئۇ، پايانسىز قۇملۇقتا نىشانسىز تېنەپ يۈرۈپتۇ، ئوۋ قىلىپ كۈننى ئاپتۇ.

بىر كۈنى شاھزادە بىر بۆرىنىڭ بىر بۇغىنى قوغلاپ كېلىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ قاپتۇ. بۆرە ھېرىپ ھالىدىن كېتەي دەپ قالغان بۇغىنى قوغلاپ يېتىۋېلىشقا ئاز قاپتۇ. شاھزادە دەرھال ئوق يايىنى ئېلىپ كىرىچىنى كېرىپ، بۆرىنى ئېتىپتۇ. بۇغا كەينىگە قاراپ قانغا مىلىنىپ ياتقان بۆرىنى كۆرۈپتۇ. ئۇ ئەتراپىغا سەپسېلىپ شاھزادىنى كۆرۈپ قاپتۇ ۋە ئىشىنىڭ تېگىگە يېتىپتۇ. ئۇ شاھزادىگە ھۆرمەت - ئېھتىرام بىلدۈرۈش نەزەرى بىلەن قاراپ قويۇپ

بۇرۇلۇپ كېتىپ قاپتۇ.

شاھزادە نېمە قىلىشىنى بىلمەي قومۇلۇقتا مېڭىۋېرىپتۇ. بىر كۈنى سالاپەتلىك بىر بوۋاي شاھزادىنىڭ ئالدىغا كەپتۇ. شاھزادە بوۋاي بىلەن سالاملىشىپتۇ. بوۋاي شاھزادىدىن:

— سەن ئۆزۈڭ يالغۇز بۇ قومۇلۇقتا نېمە ئىش قىلىپ يۈرسەن؟ — دەپ سوراپتۇ.

شاھزادە ئۆز بېشىدىن ئۆتكەن ئىشلارنى بوۋايغا سۆزلەپ بېرىپتۇ.

— ئىككىمىز ھەمكارلىشىپ بىر ئىش قىلايلى، مەن پۇل چىقىرىپ يول كۆرسىتەي، سەن ھېسابات ئىشلىرىنى باشقۇرۇپ ھالال كۈچۈڭنى سەرپ قىل، بولامدۇ؟ — دەپتۇ ھېلىقى بوۋاي.

شاھزادە بۇنىڭغا قوشۇلۇپتۇ. بوۋاي يەنە شاھزادىگە:

— مېنىڭ يەنە بىر شەرتىم بار. قانداقلىكى ئىش بولسۇن، مېنىڭچە پايدىسىلا بولىدىكەن گېپىمگە كىرگىن. مېنىڭ دېگىنىم بويىچە ئىشلىگىن، ئىككىمىزنىڭ مەقسىتى بىر يەردىن چىقمىسا، ياخشى ئىشنىمۇ بۇزۇپ قويۇپ، ئىككىمىز يېرىم يولدا ئايرىلىپ كېتىشىمىز مۇمكىن، — دەپتۇ.

شاھزادە بوۋاينىڭ شەرتلىرىگە قوشۇلۇپتۇ. بوۋاي شاھزادىگە يەنە:

— ئۇنداق بولسا، سەن مېنى بۇ يەردە ساقلاپ تۇر، مەن تۆگەمنى يېتىلەپ كېلەي، ئۇ بىزنى باغدانتقا ئاپىرىپ قويسۇن، — دەپتۇ.

بىر پەستىن كېيىن، بوۋاي گۈللۈك يوپۇق يېپىلغان چىرايلىق بىر تۆگىنى يېتىلەپ كەپتۇ. تۆگىنىڭ دۈمبىسىگە ئۈچلىق توقۇلغان بولۇپ، بىر خۇرجۇنمۇ ئارتىلغانىكەن. بوۋاي تۆگىنى شاھزادىنىڭ ئالدىغا ئەكىلىپ چۆكتۈرۈپ شاھزادىنى ئالدىغا مىن، دەپتۇ. شاھزادە

بوۋايغا:

— خۇدايىم ساقلىغاي، مەن ئالدىغا مىنەلمەيمەن. سىلى مەندىن چوڭ، سىلى ئالدىغا مىنسىلە، — دەپتۇ.

— مەن دېگەن بويىچە قىل دېگەن ئەمەسمىدىم؟ — دەپتۇ بوۋاي شاھزادىگە.

شاھزادە بوۋاينىڭ شەرتلىرىنى دەرھال ئېسىگە ئېلىپ تۆگىنىڭ ئالدىغا مىنىپتۇ، بوۋاي كەينىگە مىنىپتۇ.

بوۋاي پۇتى بىلەن تۆگىنى دىۋىتكەنىكەن، تۆگە قۇملۇقتا ئويناقشىپ يۇرۇپ كېتىپتۇ. بىر دەمدىن كېيىن، بوۋاي خۇرجۇندىن بىر تال قومۇش ئېلىپ ئۇنى تۆگىنىڭ سول مۇرىسىگە قاداپ قويۇپتۇ. يەنە بىر قومۇشنى ئېلىپ تۆگىنىڭ ئوڭ مۇرىسىگە قاداپ قويۇپتۇ. شۇنىڭ بىلەن ئىككى تال قومۇش ئىككى چوڭ قاناتقا ئايلىنىپتۇ. تۆگە قانىتىنى ھەرىكەتلەندۈرۈپ يەردىن كۆتۈرۈلۈپتۇ ـ دە، ئۇلارنى ئېلىپ باغداتقا قاراپ ئۇچۇپ كېتىپتۇ.

شاھزادە بۇ كارامەتتىن ھەيران بولۇپ، بۇنىڭ سىرىنى بوۋايدىن سورىماقچى بولۇپتۇ. لېكىن، بوۋاينىڭ شەرتلىرى ئېسىگە كېلىشى بىلەن جىم بولۇپتۇ. تۆگە بىر ئازدىن كېيىن باغدات شەھىرىنىڭ سىرتىغا كەپتۇ. تۆگە يەرگە قونۇپ، ئىككىسىنى ئېلىپ شەھەرگە كىرىپتۇ. شەھەردىكى خەقلەر بۇلارغا ھەم تۆگىگە ھەيران بولۇپ ئاغىزلىرى ئېچىلىپ قاپتۇ. لېكىن، بوۋاي بىلەن شاھزادە ئۇلار بىلەن چاتىقى بولماي، خۇددى شەھەر ئالغان باتۇرلاردەك زوق ـ شوققا چۆمۈپ مېڭىۋېرىپتۇ.

تۆگە بوۋاي بىلەن شاھزادىنى ئېلىپ كوچىلارنى ئارىلاپ، ئاخىر بىر ھەيۋەتلىك ئوردا ئالدىغا كېلىپ توختاپتۇ. بوۋاي تۆگىدىن چۈشۈپ ئوردا يېنىدىكى بىر دۇكانغا كىرىپ خوجايىندىن:

— بۇ ئوردا كىمنىڭ؟ بىز ئىجارىگە ئېلىپ تۇرساق

بولامدۇ؟ — دەپ سوراپتۇ.

— خەقلەرنىڭ، ئۇلارنىڭ ئاتا - بوۋىلىرى ياساتقانىكەن. يىقىندىن بۇيان تاشلىۋەتتى، — دەپ گىپىنى داۋام قىلىپتۇ خوجايىن، — بۇرۇن نۇرغۇن ئادەملەر ئىجارىگە ئالغان. كىرىپ قونغانلارنىڭ ئىچىدىن تىرىك چىققىنى يوق. شۇنىڭدىن بىرى ھىچكىم بۇ يەردە قونۇشقا جۇرئەت قىلالمايدىغان بولۇپ قالدى.

— بىز ئىجارىگە ئېلىپ تۇرايلى، بىز خەتەردىن قورقمايمىز، — دەپتۇ بوۋاي.

— مەن سىلەرگە ئىجارىگە ئېلىپ بىرەي، — دەپتۇ خوجايىن ۋە دۇكاننى تاقاپتۇ - دە، ئۇردىنىڭ خوجايىنىنى ئىزدەپ كىتىپتۇ. خوجايىن قايتىپ كىلىپ بوۋايغا:

— سىلەرگە ئىجارىگە بېرىشكە قوشۇلدى، ئىجارە ھەققىمۇ ناھايىتى ئەرزان، — دەپتۇ.

بوۋاي تۆگىنىڭ يېنىغا كىلىپ شاھزادىگە:

— بىز بۇ ئۇردىنى ئىجارىگە ئالدۇق، — دەپتۇ.

— ئۇردىنى ئىجارىگە ئېلىشقا نۇرغۇن پۇل كىتىدۇ، ئۇنىڭغا بىزنىڭ قۇدرىتىمىز يېتەرمۇ؟ ئۇنىڭ ئۇستىگە، بىز ئۇنى ئىشلىتىپمۇ بولالمايمىزغۇ؟ — دەپتۇ شاھزادە.

— ساڭا مەن قىلغان ئىشقا قارشىلىق قىلما، دىگەن ئەمەسمۇ؟ — دەپتۇ بوۋاي.

شاھزادە ئۇندىيەلمەي قاپتۇ. بۇ چاغدا دۇكان خوجايىنى ئاچقۇچ بىلەن ئىجارە توختامىنى ئېلىپ كەپتۇ. ئىجارە ھەققى بەك ئەرزانىكەن. ئۇردا خوجايىنى ئىجارە ھەققىگە تىلخەت بىرىپتۇ. بوۋاي ئىجارە توختامىغا قول قويۇپتۇ. بوۋاي تۆگە بىلەن شاھزادىنى ئېلىپ، ئۇردىغا كىرىپ، تۆگىنى باغقا باغلاپ قويۇپتۇ. كەچ كىرىپتۇ. بوۋاي تۆگىنىڭ ئارغامچىسىنى يېشىۋىتىپتۇ. تۆگە شاھزادە

بىلمەيدىغان بىر يەرگە كېتىپ قاپتۇ.

بوۋاي بىلەن شاھزادە ئوردىدىكى بىر ئۆيدە قونۇپتۇ. بوۋاي شاھزادىگە:

— مەن ساڭا نەسىھەت قىلىپ قوياي، سەن مېنىڭ دېگىنىم بويىچە ئىش كۆرگىن. مۇبادا دېگەنلىرىمنىڭ قايسى بىرىگە خىلاپلىق قىلىدىكەنسەن، ھاياتىڭغا خەۋپ يېتىشتىن سىرت، قۇرغان پىلانلىرىمىزمۇ بىراقلا يوققا چىقىدۇ، — دەپتۇ.

— مەن چوقۇم سىلىنىڭ دېگەنلىرى بويىچە ئىشلەيمەن، ئېيتىۋەرسىلە! — دەپتۇ شاھزادە. بوۋاي شاھزادىگە:

— بىرىنچى نەسىھىتىم، مەن سورىغانلىكى ئادەمگە سېنى ئەرەب يېرىم ئارىلىدىكى بىر شاھزادە دەپ تونۇشتۇرىمەن؛ ئىككىنچى نەسىھىتىم، سەن ئوردىدىكى سۇدىن بىر تېمىممۇ ئىچمەيسەن. ئىچكۈڭ كەلسە، ئوردا سىرتىغا چىقىپ ئىچسەڭ بولىدۇ، — دەپتۇ بوۋاي. شاھزادە بوۋاينىڭ نەسىھىتى بويىچە ئىش قىلىشقا ماقۇللۇق بىلدۈرۈپتۇ.

بوۋاي بىلەن شاھزادە ياتىدىغان ئۆيىنى تازىلاپ، چىراغ يېقىپ يورۇتۇپتۇ. يەنە ئۇلار سۇ ئالىدىغان ئىدىشلارنى تازىلاپ ئىچىگە تازا سۇ تولدۇرۇپتۇ. كېچىسى بىر چوڭ يىلان كېلىپ ئىدىشلاردىن سۇ ئىچىپتۇ. ئىچكەن سۈيىنى يەنە شۇ ئىدىشلارغا ياندۇرۇپتۇ. شۇنىڭ بىلەن، ھەممە ئىدىشتىكى سۇ زەھەرلىنىپتۇ. ۋاقىت ئۆزارغانسېرى سۇدىكى زەھەر تېخىمۇ كۈچىيىپتۇ.

ئەتىسى كېچىسى يىلان يەنە كەپتۇ. ئۇ ئىدىشتىكى سۇلارنى ئادەملەر ئىچىپ بولۇپ بىخى سۇ قاچىلاپ قويىدى، دەپ ئويلاپ تۇنۇگۈنكىگە ئوخشاش سۇدىن ئىچىپ، ئىچكەن سۈيىنى يەنە ئىدىشقا ياندۇرۇپتۇ. شۇنداق قىلىپ ئادەملەرنى زەھەرلەپ ئۆلتۈرەلمەي، ئۆزى زەھەرلىنىپ ئۆلۈپتۇ.



بوۋاي چوڭ يىلاننىڭ زەھەرلىنىپ ئۆلگەنلىكىنى كۆرۈپ، دەرھال شاھزادىنى چاقىرىپ ئۇنىڭغا:

— بۇرۇن بۇ ئوردىدا تۇرغان ئادەملەرنىڭ ھەممىسىنى مۇشۇ يىلان زەھەرلەپ ئۆلتۈرگەنىكەن. ھازىر ئۆزى زەھەرلىنىپ ئۆلدى. ئەمدى ھەرگىزمۇ بىزنى زەھەرلىيەلمەيدۇ. بىز دەرھال ئىدىشلارنى يۇيۇپ - تازىلاپ يېڭىباشتىن سۇ قاچىلايلى، ئاندىن خاتىرجەم ئىچسەك بولۇۋېرىدۇ. بۇ يەردە ئەمدى بىزنىڭ تۇرمۇشىمىزغا ھېچقانداق نەرسە دەخلى يەتكۈزەلمەيدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈنمۇشۇ ئوردىدىن پايدىلىنىپ ئۆز ئىشىمىزنىقىلىۋېرەيلى، — دەپتۇ.

بوۋاي بىلەن شاھزادە ئىدىشلارنى يۇيۇپ - تازىلاپ، پاكىز سۇ قاچىلاپتۇ. ئاندىن ئوردىنىڭ ھەممە يەرلىرىنى ئارىلاپ چىقىپتۇ. ئۇلار ھەر بىر ئۆينى كۆرگەندە ھەيران قاپتۇ. چۈنكى ئوردىنىڭ ياسىلىشى ۋە نەقىشلىرى ئاجايىپ نەپىس ئىكەن. بوۋاي بىلەن شاھزادە ئوردىنىڭ ئۇستۇنكى قەۋەتلىرىنى كۆرۈپ بولغاندىن كېيىن، يەر ئاستى ئۆيلىرىگە كىرىپتۇ. يەر ئاستى ئۆيلىرىدە ئالتۇن - كۈمۈش، ياقۇت، ھېقىق ۋە جاھاندا كەم ئۇچرايدىغان قەدىمىي يادىكارلىقلارمۇ بار ئىكەن. بۇلارنىڭ ئىچىدە ئىنتايىن قىممەتلىك تەسۋىمۇ بار بولۇپ، بۇنىڭدىن دۇنيادا ئىككىسىلا بار ئىكەن. يەنە بىرسىنىڭ قەيەردە ئىكەنلىكىنى ھېچكىم بىلمەيدىكەن. بوۋاي بىلەن شاھزادە تەسۋىنى، ئالتۇنلارنى ئاپتۇ. شۇنىڭدىن باشلاپ ئۇلار پۇلنى سېخىيلىق بىلەن خەجلەشكە باشلاپتۇ. ھېچكىم ئۇلاردەك ھەشەمەتچىلىك قىلالماپتۇ، ئۇلار كىشىلەرنىڭ دىققىتىنى دەرھاللا تارتىپتۇ. نۇرغۇن كىشىلەر ئوردىغا كېلىپ ئۇلارنى زىيارەت قىپتۇ. شاھزادە ئۆزىنى سورىغان ئادەملەرگە ئۆزىنىڭ ئەرەب يېرىم ئارىلىنىڭ شاھزادىسى ئىكەنلىكىنى، باغداتقا ساياھەت قىلىپ كەلگەنلىكىنى ئېيتىپتۇ.

بوۋاي بىلەن شاھزادە باغداتتىكى ئاتاقلىق ئەربابلارغا ئايلىنىپ

قايتۇ. پادىشاھ ئۇلارنىڭ ئىسىل، باي زاتلاردىن ئىكەنلىكىنى ئاڭلاپ، ئۇلارنىڭ باغدانقا نېمە مەقسەتتە كەلگەنلىكىنى بىلىش ئۈچۈن تەخت ۋارىسىنى ئەۋەتىپتۇ. بىرسى بوۋاي بىلەن شاھزادىگە تەخت ۋارىسىنىڭ خەلىپىگە ۋاكالىتەن ئۆزلىرىنى يوقلاپ كېلىدىغانلىقىنى ئالدىن خەۋەر قىلىپ قويۇپتۇ. بوۋاي بىلەن شاھزادە بۇنى ناھايىتى ياخشى پۇرسەت، دەپ بىلىپ بۇنىڭدىن ناھايىتى مەمنۇن بوپتۇ. ئۇلار دەرھال تەييارلىق قىلىپ تەخت ۋارىسىنى قىزغىن كۈتۈۋېلىش نىيىتىگە كەپتۇ.

— تەخت ۋارىسى كەلگەندىن كېيىن، سەن تەسۋىنى چىقارغىن، ئۇ چوقۇم تەسۋىنى ماختاپ قولىدىن چۈشۈرمەيدۇ. ئۇ بىز بىلەن خوشلىشىپ تەسۋىنى ساڭا قايتۇرۇپ بەرگەن چاغدا، سەن ئۇنى سوۋغات سۈپىتىدە ئۇنىڭغا تۇتقىن، — دەپتۇ بوۋاي شاھزادىگە.

شۇ ئەسنادا، تەخت ۋارىسى كېلىپ قاپتۇ. بوۋاي بىلەن شاھزادە ئۇنى قىزغىن قارشى ئاپتۇ ۋە ئوبدان كۈتۈۋېلىپ قىزىق پاراڭلىشىپتۇ. شاھزادە تەسۋىنى قولىغا ئاپتۇ. بوۋاي دېگەندەك تەخت ۋارىسى ئۇنى قولىغا ئېلىپ سىنچىلاپ قاراپ كېتىپتۇ. ئۇ شۇ ھامان بۇ تەسۋىنىڭ دۇنيادا تەڭدىشى يوق قىممەتلىك بۇيۇم ئىكەنلىكىنى بىلىپ ھەيران قاپتۇ ۋە تەسۋىنى ئاغزى ـ ئاغزىغا تەگمەي ماختاپ، قولىدىن زادى چۈشۈرگۈسى كەلمەپتۇ. تەخت ۋارىسى خوشلىشىپ ماڭار چېغىدا تەسۋىنى شاھزادىگە بېرىپتۇ. لېكىن، شاھزادە تەسۋىنى ئالغىلى ئۇنىماي:

— بىزنىڭ سىلىگە بولغان مىننەتدارلىقىمىزنىڭ ھۆرمىتى يۈزىسىدىن بۇ تەسۋىنى سىلىگە سوۋغا قىلدۇق. بىزنىڭ ئۆزلىرىدەك قىممەتلىك مېھمانغا تەقدىم قىلغان بۇ ئەرزىمەس سوۋغىتىمىزنى قوبۇل قىلارلا، — دەپتۇ.

تەخت ۋارىسى تەسۋىنى ئاپتۇ ۋە خۇشال بولۇپ قايتىپ كېتىپتۇ.

تەخت ۋارىسى ئوردىغا قايتىپ كەلگەندىن كېيىن پادىشاھقا بوۋاي بىلەن شاھزادىنىڭ باي، مېھماندوست، ئەدەب - قائىدىلىك ئىكەنلىكىنى ئاغزى - ئاغزىغا تەگمەي ماختاپ بېرىپتۇ. خەلقىمۇ ئۇلارنى ماختاپتۇ. پادىشاھ ئوردىدا كاتتا زىياپەت بېرىپ بوۋاي بىلەن شاھزادىنى كۈتۈۋاپتۇ. بوۋاي بىلەن شاھزادە پادىشاھنىڭ ئۆزلىرىگە بولغان مېھرىبانلىقىغا چىن كۆڭلىدىن رەھمەت ئېيتىپتۇ. شۇنىڭدىن تارتىپ بوۋاي، شاھزادە، پادىشاھ ۋە تەخت ۋارىسى ھېمىشەم باردى - كەلدى قىلىپ تۇرۇپتۇ، مۇناسىۋىتى بارغانسېرى قويۇقلىشىپتۇ.

پادىشاھنىڭ بىر ياش مەلىكىسى بار ئىكەن. ئۇ بىر نەچچە قېتىم ياتلىق بولغان بولسىمۇ نېمىشقىدۇ ئۇزۇن ئۆتمەي ئەرلىرى ئۆلۈپ كەتكەنىكەن. باشتا پادىشاھ كۈيئوغلۇمنىڭ پېشانىسىگە پۈتۈلگىنى شۇ ئوخشايدۇ، دەپ يۈرگەنىكەن. لېكىن، مەلىكە كەينى - كەينىدىن يەتتە قېتىم ياتلىق بوپتۇ. پادىشاھنىڭ يەتتە كۈيئوغلىدىن بىرىمۇ ھايات قالماپتۇ. شۇڭا ھېچكىم مەلىكىگە تەكلىپ قويۇشقا جۈرئەت قىلالمايدىكەن. پادىشاھ نېمە قىلىشىنى بىلمەي قاپتۇ. بۇنىڭدىن مەلىكىنىڭمۇ كۆڭلى بەك يېرىم ئىكەن. ئۇ كۈن بويى مەيۈسلىنىپ، ئۆز تەقدىرىگە ئۆكۈنىدىكەن. شاھزادە پادىشاھنىڭ كۈتكىنىدەك مەلىكىگە تەكلىپ قويۇپتۇ. پادىشاھ، شاھزادە مەلىكىنىڭ بۇرۇن تۇرمۇشلۇق بولغانلىقىدىن خەۋەرسىز ئوخشايدۇ، دەپ ئويلاپ باشقىلاردىن: «پادىشاھ سىلىدەك كۈيئوغۇلغا ئىگە بولۇشنى بەك ئارزۇ قىلاتتى. ئەپسۇس، شاھزادىنىڭ بىكاردىنلا مەلىكىنىڭ يېنىدا ئۆلۈپ قېلىشىغا كۆزى قىيمايدۇ. شۇڭا بۇ توي ئىشىغا قوشۇلمىدى» دەپ گەپ ئېيتىپ بېرىپتۇ. شاھزادىنىڭ كۆڭلىدە سان بار ئىكەن. ئۇ پادىشاھ ئەۋەتكەن ئادەمگە:

— سىلى پادىشاھقا يەتكۈزۈپ قويسىلا، مەن چوقۇم مەلىكە

بىلەن توي قىلىمەن. ھەر ئادەمنىڭ جېنى خۇدانىڭ ئىلكىدە بولىدۇ. لېكىن، مېنىڭ تەقدىرىم ھەرگىز ئۇلارنىڭكىدەك بولمايدۇ، — دەپتۇ.

پادىشاھ شاھزادىنىڭ توي ئىشىغا رازىلىق بېرىپتۇ. ئۇردىدا مەلىكە بىلەن شاھزادىنىڭ توينىڭ تەييارلىقى تېزلا پۈتۈپتۇ.

شاھزادە توي مۇراسىمىغا مېڭىش ۋاقتىدا بوۋاي:

— توي مۇراسىمىدىن كېيىن، سەن مەلىكە بىلەن خالىغانچە ئويناپ كۈلگىن، لېكىن ھەرگىز ئۇنىڭ بىلەن ھوجرىدا بولما، بۇنى قەتئىي ئېسىڭدە ساقلا. مېنىڭ يەنە باشقىچە ئورۇنلاشتۇرۇشۇم بار، — دەپتۇ.

مەلىكە شاھزادىنى كۆرۈپلا ئاشىق بوپتۇ. شاھزادىمۇ مەلىكىنى ياقتۇرۇپ قاپتۇ. ئۇلار توي مۇراسىمىنى خۇشال- خۇرام ئۆتكۈزۈپتۇ. ئەتىسى قىز كۆچۈرگۈچىلەر ھەشەمەت بىلەن شاھزادە ۋە مەلىكىنى شاھزادىلەر تۇرۇۋاتقان ئوردىغا ئاپىرىپ قويۇپتۇ. قاراڭغۇ چۈشكەندە، بوۋاي شاھزادىگە:

— سەن مەلىكىنى مىلىكە قىلىپ تۇر، ئۇنىڭ كەيپىياتى كۆتۈرۈلگەندىن كېيىن، سەن ئۇنى ئالدى بىلەن ھوجرا ئۆيدىن سىرتقا ئېلىپ چىق، — دەپتۇ.

شاھزادە بوۋاينىڭ دېگىنى بويىچە ئىش كۆرۈپتۇ. ئۇ، مەلىكىنى سىرتقا ئېلىپ چىققاندا، بوۋاينىڭ ئۇلارنى قەھرى- غەزىپى تاشقان ھالدا ساقلاپ تۇرغانلىقىنى كۆرۈپتۇ. بوۋاي مەلىكىنىڭ قولىنى تۇتۇپ، غەزەپ بىلەن ئوت دۆۋىسى ئالدىغا سۆرەپ كەپتۇ. ئاندىن ئۇنى كۆتۈرۈپ، ئوتقا تاشلىماقچى بوپتۇ. مەلىكە قورققىنىدىن غال - غال تىترەپ كېتىپتۇ ۋە خۇددى جىنغا يولۇققاندەك قاتتىق چىرقىراپ تاشلاپتۇ. شۇ چاغدا مۇشتۇمدەك چوڭلۇقتىكى قاپقارا بىر نەرسە مەلىكىنىڭ كۆزىنىڭ ئارىلىقىدىن سىيرىلىپ چىقىپ چۈشۈپتۇ - دە،

دومىلىغىنىچە قىچىپ كەتمەكچى بوپتۇ. ھوشيار تۇرغان بوۋاي بىلەن شاھزادە دەرھال كېلىپ ئۇنى دەسسەپ ئۆلتۈرۈپتۇ. ئۇچەيلەن شۇنداق قارىسا، ئۇ بىر چوڭ يىلانىكەن. بوۋاي شاھزادىگە:

بۇ چوڭ يىلان مەلىكىنىڭ قورسىقىدا بولغاچقا، مەلىكە يەتتە قېتىم ياتلىق بولغاندا، يەتتە يىگىتنىڭ جېنىغا زامىن بولغان. ئەمدى ھېچقانداق خەتىرى قالمىدى. سەن مەلىكە بىلەن ئىناق ئەر - خوتۇن بولۇپ، خۇشال - خۇرام ئۆتسەڭ بولىدۇ، — دەپتۇ.

بىر نەچچە كۈندىن كېيىن، كىشىلەر شاھزادىنىڭ ئۆلمىگەنلىكىنى ئاڭلاپ ھەيران قاپتۇ. پادىشاھمۇ بۇنىڭدىن تېخىمۇ خۇشال بوپتۇ.

شاھزادە بىلەن مەلىكە ئىناق ئۆتۈپ بەختلىك تۇرمۇش كەچۈرۈپتۇ. بىر مەزگىل ئۆتكەندىن كېيىن، شاھزادە باغداتتىن زېرىكىپ ئۆز يۇرتىنى سېغىنىپتۇ. ئۇ، پادىشاھقا مەسلىھەت سالغانىكەن، ئۇنىڭ كېتىشىگە قوشۇلماپتۇ. ئۇ قېيىناتىسىغا:

— پادىشاھ ئالىيلىرى، سىلىنىڭ مېنى ئىززەتلىگەنلىرىگە مىڭ مەرتىۋە رەھمەت، مەلىكىنى ماڭا قوشۇپ قويغانلىقلىرىغا ئالەمچە مىننەتدارمەن. سىلىنىڭ قىلغان ياخشىلىقلىرىنى مەڭگۈ ئۇنۇتمايمەن. لېكىن، مەن يۇرتۇمنىڭ پايانسىز قۇملۇقلىرىنى، ئۆتەتەك ئاپتاپ تەپتىنى، كۆچلۈك شامالللىرىنى، چارۋىچى قېرىنداشلىرىمنى سېغىندىم. ماڭا ئىجازەت قىلغايلا، — دەپتۇ.

پادىشاھ ئاخىر شاھزادىنىڭ يۇرتىغا قايتىشىغا قوشۇلۇپتۇ. شۇنداقلا مەلىكىنىڭ تەكلىپىنى يەردە قويماي، ئۇنىڭ شاھزادە بىلەن بىللە بېرىشىغا رازى بوپتۇ. شاھزادە، مەلىكە، بوۋاي بىر قانچە تۆگىلەرگە پادىشاھ ھەدىيە قىلغان ھەر خىل سوۋغىلارنى، ئۆزى تۇرغان ئوردىدىكى ئالتۇن - كۈمۈش ۋە قەدىمكى يادىكارلىقلارنى ئارتىپتۇ. پادىشاھ يەنە بىر بۆلۈك لەشكەرلەرنى ئۇلارنى قوغداپ

مېڭىشقا بەلگىلەپتۇ. شۇنداق قىلىپ، سەپەرگە چىققانلار قوملۇققا كەپتۇ. ئۇلار بىر نەچچە كۈن قوملۇقتا يۈرۈپ، كىچىك دۆلەتنىڭ پايتەختىگە يېتىپ بېرىشقا ئاز قاپتۇ. شاھزادە شەھەرگە شۇنداقلا كىرىشكە بولمايدىغانلىقىنى ئويلاپ پايتەختكە يېقىن ئەتراپتىكى بىر كىچىك قونالغۇدا قونۇش قارارىغا كەپتۇ.

— تۆگە كارۋىنى قونالغۇغا يېقىنلاشقاندا، بوۋاي شاھزادىگە:

— مەن سەن بىلەن ئايرىلىمەن. ئايرىلىش ئالدىدا، خۇدا بىزگە ئاتا قىلغان بايلىقلارنىڭ ھەممىسىنى تەڭمۇ تەڭ بۆلۈشەيلى! — دەپتۇ.

— سىز بۆلۈڭ! — دەپتۇ شاھزادە.

بوۋاي ئالتۇن - كۈمۈش ۋە تۆگىلەرنى تەڭ بۆلۈپتۇ. ئاندىن شاھزادىگە:

— مەلىكىنىمۇ خۇدا بىزگە ئاتا قىلغان. شۇڭا تەڭ ئىككىگە بۆلۈشىمىز كېرەك! — دەپتۇ.

شاھزادە ئىختىيارسىز چۆچۈپ كېتىپتۇ. ئۇ بوۋايغا:

— مەلىكىنى قانداق ئىككىگە بۆلگىلى بولار؟ مۇنداق بىر ئامال قىلىپ باقساق، ئالدى بىلەن مەلىكىنىڭ باھاسىنى توختىتايلى، مەن سىزگە يېرىم پۇلىنى بېرەي، سىز مەلىكىنى ماڭا قالدۇرۇپ قويۇڭ، — دەپتۇ.

— بولمايدۇ، مەن بۇ چارىگە قوشۇلمايمەن، — دەپتۇ بوۋاي.

— ئۇنداق بولسا، مەلىكە ئۆزى تاللىسۇن. سىز بىلەن كېتىشكە رازى بولامدۇ؟ ياكى مەن بىلەن كېتىشكەرازىبولامدۇ؟ — دەپتۇ شاھزادە.

— بۇمۇ بولمايدۇ. بۇ چارىگىمۇ قوشۇلمايمەن، — دەپتۇ بوۋاي.

شاھزادە ئۈچىنچى چارىسىنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، بوۋايغا شۇنداق

دەپتۇ:

— سىز مېنىڭ بارلىق بايلىقلىرىمنى، تۆگىلىرىمنى ئېلىپ مەلىكىنى ماڭا قالدۇرۇپ قويۇڭ.

بوۋاي يەنە قوشۇلماپتۇ. شاھزادە ئامالسىز قېلىپ، بوۋاينىڭ مەلىكىنى ئىككىگە بۆلۈش تەلىپىگە ماقۇل بوپتۇ. شاھزادە مەلىكىنى ئىنتايىن ياخشى كۆرگەچكە يۈرىكى بەك ئازابلىنىپتۇ. ئۇ مەلىكىنىڭ ئۆلۈپ كېتىشىگە چىداپ تۇرالماي تەتۈر قارىۋاپتۇ. بوۋاي شەمشەردەك ئىتتىك خەنجىرىنى ئېگىز كۆتۈرۈپ غەزەپ بىلەن مەلىكىنىڭ بېشىغا ساپتۇ. قورقىنىدىن مەلىكىنىڭ چىرايى تامدەك تاتىرىپ كېتىپتۇ ۋە جان بەرگەندەك قاتتىق ۋارقىراپ، غال - غال تىترىگىنىچە يەرگە يىقىلىپ چۈشۈپتۇ. بۇ چاغدا مەلىكىنىڭ ئاچارىسىدىن چوڭلۇقى چاشقاندەك قاپقارا بىرنەرسە چىقىپتۇ-دە، يەرگە چۈشۈپلا قېچىپتۇ. بوۋاي ئۇنى شۇ زامات چېپىپ تاشلاپتۇ. ئەسلى بۇ بىر يىلان بالىسى ئىكەن. بوۋاي شاھزادە بىلەن مەلىكىگە:

— بۇ ھېلىقى چوڭ يىلاننىڭ بالىسى، بۇمۇ ئادەمگە زىيان يەتكۈزگۈدەك بولۇپ قاپتىكەن. مەلىكىنىڭ قورسىقىدىكى يىلاننى چىقىرىۋەتتىم، ئەمدى غەم قىلمىساڭلارمۇ بولىدۇ، — دەپتۇ بوۋاي سەل تۇرۇۋېلىپ، — مەن سىلەردىن ئايرىلىمەن. ۋاقتىلىق ئايرىلىشتىن ئىلگىرى مەن ئۆزۈمنىڭ كىملىكىمنى ساڭا ئۇقتۇرۇپ قوياي. مەن سەن قۇملۇقتا قۇتقۇزۇپ قويغان ھېلىقى بۇغىنىڭ دادىسى بولىمەن. مەن ۋە ئائىلىمىزدىكىلەرنىڭ ھەممىمىز سەندىن مىننەتدار بولدۇق. بۇ يەردىكى ھەممە بايلىق ۋە تۆگىلەر ساڭا تېگىشلىك، مەن ئالمايمەن. بىر ئاز ۋاقىتتىن كېيىن، مەن سېنىڭ كىچىك دۆلىتىڭگە قايتىپ پادىشاھ بولۇشىڭغا ياردەم قىلىمەن. ھازىرچە سىلەر مۇشۇ ئالدى تەرەپتىكى كىچىك شەھەردە پاناھلىنىپ تۇرۇڭلار! — دەپتۇ.

www.uyghurkitap.com

بوۋاي سۆزىنى تۈگەتكەندىن كېيىن شاھزادە ۋە مەلىكىلەر بىلەن خوشلىشىپ قۇملۇقتا قاراپ يۈرۈپ كېتىپتۇ. شاھزادە بىلەن مەلىكە بوۋايدىن ئايرىلغۇسى كەلمەي، ئۇنىڭ قارىسى كۆرۈنمىگۈچە قاراپ تۇرۇپتۇ.

شاھزادە بىلەن مەلىكە بوۋاينى ئۇزىتىپ قويۇپتۇ، ئاندىن تۆگە كارۋىنىنى يېتىلەپ كىچىك شەھەرگە كىرىپتۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ پېكىن ئادرېسى
www.uyghurkitap.com

# گىلاس دەرىخى

(ئىراق)

ئېفرات دەرياسى بويىدىكى بىر جايدا باراقسان ئۆسكەن بىر گىلاس دەرىخى بار بولۇپ، قىپقىزىل گىلاسلار غۇچچىدە مېۋىلەيدىكەن. بۇرۇن بۇ گىلاس دەرىخىدىكى گىلاسلار ئاپئاق ئىكەن. كېيىن نېمىشقىدۇ قىپقىزىل مېۋىلەيدىغان بولۇپ قاپتۇ. بۇ توغرىدا مۇنداق ھېكايە بار ئىكەن.

بۇرۇن بابىل[1] شەھىرىدىن نېرىراقتىكى بىر جايدا ئىككى ئائىلىلىك ياشايدىكەن. ئۇلار تام قوشنا بولۇپ، بىرسىدە بىر ئىسىملىك ئوغۇل، يەنە بىرسىدە تەجەنبە ئىسىملىك قىز بار ئىكەن. تامنىڭ بىرىسىدىكى ئۆي بىلامنىڭ ھوجرىسى ئىكەن، نېرىسىدىكى ئۆي تەجەنبەنىڭ ھوجرىسى ئىكەن. ئىككى ئائىلىنىڭ ئىشىكى ئالدىدا يوغان بىر سەينا بار ئىكەن. بىلام قاش - كۆزى كېلىشكەن، قامەتلىك بالا بولۇپ، شەھەردە ئۇنىڭغا يېتىدىغىنى يوق ئىكەن. مۇھەببەت ۋە گۈزەللىك پەرىسى تەجەنبەنى گۈزەل، ئەقىللىق، قەلبى پاك قىز قىلىپ ياراتقانىكەن. ئۇلار كىچىكىدىن تارتىپلا دوست بولۇپ ئۆتۈپتۇ. ئۇلار كۈن بويى بىردەممۇ ئايرىلماي بىر - بىرىگە ھەمراھ بولۇپ ئوينايدىكەن. كۈنلەر، يىللار ئۆتۈپتۇ. بىلام قاۋۇل يىگىت بولۇپ ئۆسۈپتۇ. تەجەنبەمۇ تازا ۋايىغا يەتكەن چىرايلىق قىز بولۇپ

[1] بابىل - 19 - ئەسىردىن ئىلگىرى قەدىمكى غەربىي ئاسىيادىكى ئېفرات دەرياسى بىلەن تىگىر دەرياسى ئارىلىقىدىكى يەرلەردە قۇرۇلغان قۇللۇق تۈزۈمىدىكى بابىلون دۆلىتىنىڭ پايتەختى.

چوڭ بوپتۇ. ئۇلار بۇرۇنقى دوستلۇقىدا ئۆزگىرىش بولۇۋاتقانلىقىنى، يۈرەكلىرىدە بىر خىل مۇھەببەت تۇيغۇسىنىڭ ئاستا - ئاستا پەيدا بولۇۋاتقانلىقىنى سېزىپتۇ.

كۈندۈزى بىلام بىلەن تەجەنبە بىر - بىرىدىن ئايرىلمايدىكەن، كەچقۇرۇنلۇقى قاراڭغۇ چۈشۈش بىلەنلا ئۇلار بىر يەرگە بېرىپ مەخپىي ئۇچرىشىدىكەن. تۈن نىسپىي بولغاندا، ئاندىن قايتىپ كېلىدىكەن. ئۇلار تاتلىق ئارزۇ - خىياللار بىلەن كەلگۈسى بەختلىك تۇرمۇشقا تەلپۈنىدىكەن.

بىر كۈنى، بىر ھەسەتخور مەلىكە بابىل شەھىرىدىن ئۆتۈپ كېتىۋېتىپ، ئاشىق - مەشۇقلارنىڭ بىللە تۇرغانلىقىنى كۆرۈپ قاپتۇ-دە، دەرھال كۈندەشلىكى تۇتۇپتۇ. ئۇ بىلام بىلەن تەجەنبەنىڭ ساپ مۇھەببىتىنى كۆرەلمەي، ئۇلارنى ئايرىۋېتىشكە قەسەم قىپتۇ. ئۇ، ئۇلانىيە ئىسىملىك بىر قىز سىياقىغا كىرىپ، دۆڭگە سېلىنغان بىر ئۆيگە كىرىۋاپتۇ ۋە بىلام بىلەن تەجەنبەنىڭ ھەر كۈنى كەچتە ئۇچرىشىدىغان جايىنى كۆزىتىپتۇ. ئۇلارنىڭ قىزغىن سۆيۈشۈشلىرىنى كۆرگەن، پىچىرلاشقانلىقلىرىنى ئاڭلىغان ئۇلانىيەنىڭ ھەسەتخورلۇقى تېخىمۇ ئېشىپتۇ. شۇنىڭ بىلەن ھىيلە - نەيرىڭنى ئىشقا سېلىشقا باشلاپتۇ.

ئۇلانىيە ئۆيمۇ ئۆي يۈرۈپ بىلام بىلەن تەجەنبەنىڭ يوشۇرۇن كۆرۈشكەنلىكىنى ھەممە دوستلىرىغا بىرنى ئىككى قىلىپ يېيىپ تاشلاپتۇ. بۇ قىزلار باشقا قىزلارغا دەپتۇ. شۇنداق قىلىپ، ئۇلانىيەنىڭ تاپقان گېپى ئاخىر بىلام بىلەن تەجەنبەنىڭ ئاتا - ئانىلىرىنىڭ قۇلىقىغا يېتىپتۇ. ئۇلار بۇ گەپنى ئاڭلاپ چۆچۈپ كېتىپتۇ. چۈنكى بابىل شەھىرىدىكى ئوغۇل - قىزلار ئادەتتە كۆرۈشمەيدىكەن، مۇھەببەتلىشىشكە ئەسلا يول قويۇلمايدىكەن. ئىبادەتخانا سەيلىسى كۈنىلا پۇرسەت تېپىپ ئۆزىگە لايىق تېپىشقا

بولىدىكەن.

ئىككىنچىسىنىڭ ئاتىسى بىلام بىلەن تەجەنبە بابىلونلۇقلارنىڭ ئادىتىنى بۇزدى، ئۇلارنىڭ ئەخلاقىغا داغ تەگكۈزدى، دەپ قاتتىق ئار-نومۇس ئىچىدە قاپتۇ.

ئىككىلەننىڭ ئاتىسى ئۇلار ئۇچرىشىدىغان جايغا كەپتۇ ۋە ئۇلارنىڭ قۇچاقلىشىپ سۆيۈشۈۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ، ئاچچىقىدىن يېرىلغۇدەك بولۇپ كېتىپتۇ. ئۇلارنىڭ ساپ مۇھەببىتىنى ئۆرپ-ئادەتنى بۇزغانلىق، دەپ قاراپتۇ. تەجەنبەنىڭ دادىسى ئېتىلىپ كېلىپ قىزىنىڭ چېچىدىن تۇتۇپ، ئۆيگە سۆرەپ مېڭىپتۇ. بىلامنىڭ ئاتىسى كېلىپ ئۇنى بىرلا تېپىپ يەرگە تىك موللاق چۈشۈرۈپتۇ. بىلام ئورنىدىن تۇراي دېگەندە دادىسى يەنە بىرنى تېپىپ ئۇنى يەرگە ياتقۇزۇپ قويۇپتۇ...

باغرى تاش بۇ ئىككى ئاتا غەزەپلىنىپ، بىلام بىلەن تەجەنبەنى كۆرۈشتۈرمەپتۇ. تەجەنبە بىلامغا تېگىمەن دەپ يىغلىنىپ يالۋۇرۇپتۇ. لېكىن يۈرىكى تاش ئاتىسى ئۇنى تېخىمۇ ئۇرۇپ ۋە قىيناپتۇ. ئۇنىڭ يالۋۇرۇشلىرىغا، كۆز ياشلىرىغا قىلچە پەسەنت قىلماپتۇ. تەجەنبەنىڭ ئاپىسى ۋە ئاچا-سىڭىللىرىنىڭ تەلەپ قىلىپ يىلىنىشلىرىمۇ باغرى تاش ئاتىنىڭ كۆڭلىنى يۇمشىتالماپتۇ. تەجەنبە ئاتىسىنىڭ ئالدىدا قانداق ياشاشىنى بىلەلمەي قاپتۇ.

بىلاممۇ ئۆيدە تەجەنبەگە ئوخشاش پېشكەللىكلەرگە ئۇچراپتۇ. ھېچكىم ئۇنىڭ مۇھەببىتىگە ھېسداشلىق قىلماپتۇ. ئۇ ئۆزىنىڭ سۆيگەن قىز بىلەن توي قىلىمەن، دەپ تۇرۇۋاپتۇ. لېكىن ئۆيدىكىلەرنىڭ ھېچقايسىسى ئۇنىڭغا ئىچ ئاغرىتماپتۇ.

بۇ ئاشىق-مەشۇقلار باشلىرىغا كەلگەن پېشكەللىكلەرگە باش ئەگمەپتۇ. مۇھەببەت ئۇلارنى باغرى تاش ئاتىلىرىنىڭ نازارىتىدىن قېچىپ، باشقىدىن ئۇچرىشىشنىڭ ئامالىنى قىلىشقا ئىلھام بېرىپتۇ.



www.uyghurkitap.com

بىلام بىلەن تەجەنبەنىڭ كۆڭلىدىن مۇنداق بىر ئوي تەڭلا كېچىپتۇ: ئۇلارنىڭ ھوجرىسىنى بىرلا نېپىز تام ئايرىپ تۇرىدىكەن! بىلام بۇ تەرەپتىن، تەجەنبە ئۇ تەرەپتىن كولاپ كىشىلەر ئاسان بىلمەيدىغان بىر كىچىك تۆشۈك تېشىپتۇ. بۇ يەر ئۇلارنىڭ مۇھەببەت ئىزھار قىلىشىدىكى كۆۋرۈكى بولۇپ، ئاشىق - مەشۇقلارنى يېڭىباشتىن ئۇچراشتۇرۇپتۇ. شۇنىڭدىن باشلاپ بىلام بىلەن تەجەنبە ئۆزلىرىنى ئايرىپ تۇرغان تامنىڭ تۆشۈكى ئارقىلىق كېچچە مۇھەببەتلىشىدىغان، ئىچىدىكىلىرىنى تۆكۈشىدىغان، تاڭ ئاتاي دېگەندە سۆيۈشۈپ تەسلىكتە ئايرىلىدىغان ۋە كېيىنكى قېتىم كۆرۈشۈشنى ئىنتىزارلىق بىلەن كۈتىدىغان بوپتۇ.

بىر مەزگىل ئۆتكەندىن كېيىن، بىلام بىلەن تەجەنبە بۇ تۆشۈكنىڭ ۋاستىسى بىلەن ئۇچرىشىشنىڭ تازا كۆڭۈلدىكىدەك بولمايۋاتقانلىقىنى ھېس قىلىپتۇ. چۈنكى كىچىك تۆشۈك ئۇلارنىڭ سۆيگۈ ۋە سېغىنىش ئازابىنى ھەقىقەتەن قاندۇرالماپتۇ. ئۇلار ئۇچرىشىشنىڭ يېڭى ئۇسۇلىنى ئاخىر ئويلاپ تېپىپتۇ. ئۇلار كېچىسى ئۆيدىكىلەر دىققەت قىلمىغاندا، ئۆيدىن ئاستا چىقىپ، شەھەر دەرۋازىسىدا قاراۋۇللۇقتا تۇرغان لەشكەرلەرنى ئالداپ قويۇپ شەھەر سىرتىغا چىقىشنى ۋە قۇملۇقتا بېرىپ پادىشاھ نىنوس[1] نىڭ قەبرىستانلىقىدا كۆرۈشۈشنى مەسلىھەت قىلىشىپتۇ.

تۈن نىسپى بولغاندا، تەجەنبە ئاستا كارىۋىتىدىن تۇرۇپ، بىلام بەرگەن ئاق رومالنى بېشىغا ساپتۇ، ئۇ، تامنى سىلاشتۇرۇپ يۇرۇپ دەرۋازا يېنىغا كەپتۇ. دەرۋازىدىن چىققاندا ئۇنىڭ كۆڭلى يورۇپ كېتىپتۇ - دە، ئىتتىك يۈگۈرۈپ سېپىل قوۋۇقىنىڭ ئالدىغا يېتىپ كەپتۇ. تەجەنبە شەھەر دەرۋازىسىنى ساقلاۋاتقان لەشكەرلەرنى

① نىنوس قەدىمكى ئاسىيادىكى ئاسۇرىيە ئىمپېرىيىسىنىڭ بىر پادىشاھى. ئاسۇرىيىنىڭ پايتەختى نىنوۋىي شەھىرىنىڭ قورغۇچىسى.

كۆرۈپ، شەھەردىن قانداق قىلىپ چىقىپ كېتەرمەن، دەپ تۇرۇپ قاپتۇ. بۇ چاغدا مۇھەببەت ۋە گۈزەللىك ئىلاھىسى ئاسماندا تۇرۇپ، ئۇنىڭ يامان ئەھۋالدا قالغانلىقىنى كۆرۈپقاپتۇ-دە، بىر پەرىنى ئۇنىڭغا ياردەمگە ئەۋەتىپتۇ. پەرى لەشكەرنىڭ يېنىغا كېلىپ، ئۇلارغا نەي چېلىپ، ناخشا ئېيتىپ بېرىپتۇ. لەشكەرلەر پەرىنىڭ گۈزەللىكى بىلەن ئۇنىڭ قابىلىيىتىگە مەپتۇن بولۇپ قاپتۇ ۋە شەھەر دەرۋازىسىنى ساقلاۋاتقانلىقىنى ئېسىدىن چىقىرىپ قويۇپتۇ. تەجەنبە بۇ پۇرسەتنى غەنىيمەت بىلىپ، خۇددى كېچىدە تۈننى يېرىپ ئۆتكەن نۇردەك ئاستا مېڭىپ شەھەر دەرۋازىسىدىن چىقىۋاپتۇ.

تەجەنبە ئېھتىياتچانلىق بىلەن ئالدىغا قاراپ مېڭىپتۇ. ئۇنىڭ يۈركى دۈپۈلدەپ سوقۇشقا باشلاپتۇ. مۇھەببەت ئۇنىڭغا كۈچ ئاتا قىپتۇ، قاراڭغۇدىن قورقماي بىلام بىلەن ئۇچرىشىدىغان جايغا بېرىشقا ئىلھام بېرىپتۇ.

پادىشاھ نىنۇسنىڭ قەبرىسى يېنىدا ئورمانلىق بار ئىكەن، قەبرە ئۈستىدە بىر تۈپ گىلاس دەرىخى بولۇپ، ناھايىتى كۆپ مېۋىلەيدىكەن. مېۋىسى خۇددى ئېچىلغان پاختىدەك ئاقىرىپ كۆرۈنۈپ تۇرىدىكەن. گىلاس تۈۋىدە بىر سۈزۈك بۇلاق بار ئىكەن. بۇلاق سۈيى خۇددى ھەسەلدەك تاتلىق ئىكەن.

تەجەنبە بۇلاققا يېقىن كېلىپ، يۈز - كۆزىنى يۇيۇپتۇ. يەنە سۇدىن ئۇچۇملاپ ئېلىپ ئىچىپتۇ - دە، ئۇسسۇزلۇقىنى قاندۇرۇپتۇ. ئاندىن گىلاس ئاستىدا بىلامنىڭ كېلىشىنى تاقەتسىزلىك ئىچىدە كۈتۈپ ئولتۇرۇپتۇ. ئۇ ئەمدىلا ئولتۇرۇپ تۇرۇشىغا ئورمانلىقتىن شىرنىڭ قورقۇنچلۇق ھۆركىرىگەن ئاۋازى ئاڭلىنىپتۇ. تەجەنبە قورققانلىقتىن بەزگەكتەك تىترەپ، ھودۇققان پېتى ئۇدۇل كەلگەن تەرەپتىكى بىر ئورمانلىققا قېچىپ كىرىپ، بىر قاراڭغۇلۇققا يوشۇرۇنۇپتۇ. ئۇ شۇ چاغدىلا ئاق شايى ياغلىقىنىڭ قېچىش ۋاقتىدا

چۈشۈپ قالغانلىقىنى بىلىپتۇ.

بىر چىشى شىر ئورمانلىقتىن چىقىپ گىلاس تۈۋىدىكى بۇلاققا قاراپ كېلىشكە باشلاپتۇ. بۇ شىر ھېلىلا بىر قوتازنى يېگەچكە ئۇسساپ كەتكەنىكەن. ئۇ ئۇسسۇزلۇقنى قاندۇرۇپ ئورمانلىققا قايتىپ كېتىۋاتقاندا تەجەنبە قۇملۇققا چۈشۈرۈپ قويغان ئاق شايى ياغلىقنى ئۇچرىتىپ قاپتۇ. ئۇ ھۆركىرىگىنىچە ئېتىلىپ كېلىپ، قوتازنىڭ قانلىرى بىلەن بويالغان پۇتى ۋە ئۆتكۈر چىشلىرى بىلەن ھېلىقى ئاق شايى ياغلىقنى پارە - پارە قىلىۋېتىپتۇ. شايى ياغلىقتا قوتازنىڭ قان داغلىرى قاپتۇ.

شىر ئورمانلىققا كىرىپ كەتكەندىن كېيىن، بىلام ئاشىقى بىلەن كۆرۈشۈش ئىستىكىدە پادىشاھ نىنوسنىڭ قەبرىسىگە كەپتۇ. ئۇ، ئۇياق - بۇياققا قاراپتۇ. ئەتراپنى ئىزدەپ كۆرۈپتۇ. لېكىـــن، تەجەنبەنىڭ سايىسىنىمۇ ئۇچرىتالماپتۇ. بىلام قۇملۇقتا پارچىلىنىپ ياتقان ئاق شايى ياغلىقنى كۆرۈپ قاپتۇ - دە، ياغلىقنى شۇ زامات تونۇپتۇ. بۇ، ئۆزى تەجەنبەگە بەرگەن ياغلىق بولۇپ، پارچە - پارچە قىلىۋېتىلگەن ھەم قانغا مىلەنگەنىكەن. بىلام ساراڭ بولۇپ قالغاندەك ۋارقىراپ كېتىپتۇ. ئۇ تەجەنبەنى ياۋايـــى ھايۋانلار يەپ بوپتۇ. ھېچنېمىسى قالماپتۇ، پەقەت پارە - پارە بولۇپ كەتكەن ئاق شايى ياغلىقلا قاپتۇ، دەپ ئويلاپتۇ.

بىلام مەيدىسى ۋە بېشىغا مۇشتلاپ تۇرۇپ:

— ھەي، زۇلمەتلىــك كېچە. سەن مېنىـــڭ سۆيۈملۈك مەشۇقىمنىڭ ئۆلگەنلىكىنى ئۆز كۆزۈڭ بىلەن كۆردۇڭ، ئەمدى سەن ئۇنىڭ بىچارە ئاشىقىنىڭ ئۆلگەنلىكىنى كۆرگىـــن. ھەي زاۋال تاپمايدىغان كېچە. تەجەنبە بۇ جاھاندا ياشىشى كېرەك ئىدىغۇ. لېكىن، سەن، تەقدىر ئىلاھىي بىلەن ئەزرائىل ھەممىڭلار قەبىھ ھايۋان. سىلەر قىزنىڭ جېنىغا زامىن بولۇشتا ئۇنىڭ پاك مۇھەببەتلىك

يۈرىكىگە ئىچ ئاغرىتمىدىڭلار! سۆيۈملۈك ئامرىقىم تەجەنبە، سىنى ئۆلار ئۆلتۈرمىدى. مەن زىيانكەشلىككە ئۇچراتتىم، مەن سىنى ئىسسىق ئۆيدىن ئايرىپ، بۇ قورقۇنچلۇق جايغا كەلتۈرۈپتىمەن. مەن نىمىشقا بالدۇر كەلمىگەندىمەن؟ تەجەنبە مەن بۇرۇن كەلگەن بولسام، سىنى هايۋانلار يەپ كەتمىگەن بولاتتى، هەي ئادەم قىنىغا تويمايدىغان ۋەھشى هايۋانلار سىلەر قەيەردە؟ كىلىپ مىنىڭ تىنىمنى پارە - پارە قىلىۋېتىڭلار. مەن تەجەنبەگە زىيانكەشلىك قىلدىم. يىرتقۇچ هايۋانلار مىنى يەڭلار! تەجەنبە كۆز يۇمدى. مەن ئەمدى چىداپ تۇرالمايمەن، مەنمۇ ئۆلىمەن. يۈرىكىم پارىسى سۆيۈملۈك تەجەنبە بولمىسا، مەن بىر پەسمۇ ياشيالمايمەن. ئەزرائىل كەل، مەن باتۇر ئادەم. مەن تەجەنبە بارغان جايغا بارىمەن! — دەپ ۋارقىراپتۇ.

بىلام قانغا مىلەنگەن ئاق شايى ياغلىقنى ئىلىپ، گىلاس ئاستىغا كەپتۇ. ئۇ شايى ياغلىقنى سۆيۈپ تۇرۇپ يىغلاپتۇ، ئۇنىڭ كۆز يىشى شايى ياغلىققا تۆكۈلۈپتۇ، ئۆتكۈر خەنجىرىنى چىقىرىپ ئۆز كۆكرىكىگە ئۇرۇپتۇ. ئاندىن خەنجەرنى تارتىپ چىقىرىپ، بىر ياققا تاشلىۋېتىپتۇ - دە، سەنتىرەكلەپ كىلىپ گىلاسقا يۆلىنىۋاپتۇ. بىلامنىڭ كۆكسىدىن ئوقچۇپ چىقىۋاتقان قىپقىزىل قان گىلاسنىڭ تۈۋىگە سىڭىپ كىتىپتۇ. گىلاس يىلتىزى قاننى سۈمۈرۈۋاپتۇ. ئۇنىڭ ئاقۇش مىۋىسى دەرهال رەڭگىنى ئۆزگەرتىپ قاندەك قىزىرىشقا باشلاپتۇ.

قىپقىزىل ساپ قان بىلامنىڭ كۆكرىكىدىن توختىماي ئىقىشقا باشلاپتۇ. ئۇ، ئاق شايى ياغلىقنى كۆكرىكىگە چىڭ بىسىپ تۇتۇپ تۇرۇپتۇ. بىلام جان ئۈزەيلا دەپ قاپتۇ. تەجەنبە دەرەخزارلىق ئىچىدە تۇرغاچقا، ئۇياقتا بولغان ئىشلاردىن خەۋەردار بولالماپتۇ. ئۇ، شىرنىڭ يىراقلاپ كەتكەنلىكىگە كۆزى يەتكەندىن كىيىن، ئاشىقى بىلەن ئۇچرىششقا ئالدىراپ يۈگۈرۈپتۇ. لىكىن ئۇ كىچىكىپ قاپتۇ.

ئۇ يۈگۈرۈپ كېلىۋېتىپ گىلاسنى ئىزدەپتۇ. تەجەنبەنىڭ كۆزى ئاۋۋال گىلاسقا چۈشۈشى بىلەنلا: «ئەجەب ئىش! مەن بۇ يەردىن كەتكىلى ئۇزۇن بولمىغانىدى، ئاقۇش گىلاس قانداق قىلىپ شۇنچە تېز قاندەك قىزىرىپ كەتتىكىن؟ باشقا جايغا كېلىپ قالدىممۇ-يا! — دەپ ئويلىنىپ قاپتۇ، — ياق! توغرا بۇ نىنوسنىڭ قەبرىسى، مەن گىلاس تۈۋىدىكى بۇلاقتا يۈزۈمنى يۇغان... دەرەخ تۈۋىدە قىمىر قىلماي ياتقان قانداق ئەرسىكەن - ھە؟» تەجەنبە يېقىنلاپ كېلىپ داڭقېتىپ تۇرۇپلا قاپتۇ.

— ئاھ، بىلامكەنغۇ، قەدىرلىكىم، بىلام! — دەپتۇ تەجەنبە ۋە ساراڭ بولۇپ قالغاندەك ئۆزىنى بىلامنىڭ ئۈستىگە تاشلاپ، ئۇنى قۇچاقلاپ سۆيۈشكە باشلاپتۇ. كۆز يېشى ئۇنىڭ قېنىغا قوشۇلۇپ كېتىپتۇ. تەجەنبە ئېچىنىشلىق ھالدا:

— بىلام، بىلام، قەدىرلىكىم بىلام! مەن سېنىڭ تەجەنبەيىڭ، جاۋاب قىلغىن! بېشىڭنى كۆتۈرۈپ، كۆزۈڭنى ئېچىپ ماڭا قارىغىن، ئالدىڭغا كىم كەلدى! — دەپ ۋارقىراپتۇ.

ئىسسىق كۆز يېشى بىلامنىڭ ئۈستىگە قۇيۇلۇپتۇ. بىلام سەل قىمىرلاپ كۆزىنى ئېچىپ، مۇھەببەتلىك نەزەرى بىلەن تەجەنبەگە لەپپىدە قاراپتۇ - دە، يەنە كۆزىنى يۇمۇپتۇ.

تەجەنبە يەرگە دۈم يېتىۋېلىپ ئۆكسۈپ يىغلاپتۇ. ئۇ، بىلامنى تىرىلىپ قالارمىكىن، دەپ بىلامنىڭ قېتىپ قالغان گەۋدىسىنى ئۆرۈپ - چۆرۈپ بېقىپتۇ. تەجەنبەنىڭ قولى بىلامنىڭ قانغا مىلەنگەن ئاق شايى ياغلىقىنى چىڭ سىقىمداپ تۇرغان قولىغا تېگىپ كېتىپتۇ.

تەجەنبە بىلام تاشلىۋەتكەن خەنجەرنى كۆرۈپ، ھەممە نەرسىنىڭ تېگىگە يېتىپتۇ. ئۇ خۇددى ساراڭدەك:

— بىلام مەن ساڭا زىيان يەتكۈزۈپتىمەن. مېنىڭ شايى ياغلىقىم ساڭا زىيان ساپتۇ! بىلام مەن جىنايەتكار! سەن مۇھەببەت

ئۈچۈن خەنجىرىڭنى ئۆز كۆكسۈڭگە سايسەن. مۇھەببەت ماڭىمۇ ئوخشاشلا كۈچ - قۇۋۋەت بېغىشلايدۇ. قەدىرلىكىم، مەن سېنى قوغلاپ يېتىۋالاي، سەن ساقلاپ تۇرغىن! ئاتا، قەدىرلىكىم بىلامىنىڭ ئاتىسى، بالىلىرىڭلار سىلەردىن شۇنى تەلەپ قىلىدۇكى، بىزنى ئۆلگەندىن كېيىن، بىزنى ئايرىۋەتمەڭلار. ئىككىمىزنى بىر يەرگە قويۇڭلار. تىرىكلىكىمىزدە بىللە بولالمىدۇق، ئۆلگەندىن كېيىن بولسىمۇ بىللە بولايلى! بىچارە گىلاس دەرىخى، سەن مېنىڭ ئاشىقىمنىڭ ئۆلۈمىنى ئۆز كۆزۈڭ بىلەن كۆردۈڭ، ئەمدى مېنىڭ ئۆلۈمۈمنى كۆرىسەن. بىز ئاشىق - مەشۇقلارنىڭ ساپ قېنى سېنىڭ مېۋەڭنى مەڭگۈ قىزارتسۇن، — شۇنداق دەپ خەنجەرنى يەردىن ئېلىپ ئۆز كۆكسىگە سايتۇ. ساپ قان ئېتىلىپ چىقىپ بىلامىنىڭ ئۈستىگە ئېقىپ چۈشۈپتۇ.

شامال ئىلاھى بۇ ئاشىق - مەشۇقلار ئۈچۈن كۆز يېشى قىلىپتۇ. ئۇ تەجەنبەنىڭ نىداسى بىلەن ئارزۇ - تەلىپىنى ئىلاھلارنىڭ ۋە ئىككىيلەننىڭ ئاتىلىرىنىڭ قۇلىقىغا يەتكۈزۈپتۇ. ئىلاھلار تەجەنبە بىلەن بىلامىنىڭ تەقدىرىگە ئىچ ئاغرىتىپتۇ. ئۇلارنىڭ روھىنى ئۇچراشتۇرۇپ جەننەتكە كىرگۈزۈپتۇ...

ئىككى ئاتا بۇنىڭدىن قاتتىق قايغۇرۇپتۇ. ئۇلار ئىككى مۇردىنى كۆيدۈرۈپ كۈلىنى بىر قۇتىغا قاچىلاپ، بىر يەرگە كۆمۈپتۇ، شۇنداقلا قەبرە ئەتراپىغا گۈل تىرىپ قويۇپتۇ.

بىلام بىلەن تەجەنبە ئۆلگەن كۈندىن باشلاپ گىلاس دەرىخى ئاقۇش مېۋىلىمەپتۇ، بەلكى ئۇلارنىڭ ساپ قېنىدەك قىپقىزىل رەڭگە كىرىپتۇ.

# يالماۋۇز ۋە سۇتچى قىز

( پەلەستىن )

بۇرۇنقى زاماندا دەمەشىق شەھىرىدە بىر قىزبار ئىكەن. ئۇ ناھايىتى چىرايلىق بولغان بىلەن ئائىلىسى بەكمۇ نامرات ئىكەن. ئۇ، كۇندە شەھەر سىرتىدىن سۇت ئەكىلىپ شەھەردە ساتىدىكەن. ئۇ ماڭغاچ: «قېتىق ساتىمەن! تاتلىق ھەم پۇراقلىق قېتىق!» دەپ توۋلايدىكەن. قىز ئالغان پايدىسىغا ئۆينىڭ ئىجارىسىنى تۆلەيدىكەن ۋەيەيدىغان نەرسە- كېرەك سېتىۋالىدىكەن. ئادەتتىكى ئەھۋال ئاستىدا يەنە بىر ئاز گۆش ۋە نان سېتىۋېلىپ ئۆيگە ئەكىلىدىكەن.

بىر كۇنى ئۇ ئېلىپ كەلگەن سۇتنى قاينىتىپ سوۋۇتۇش ئۇچۇن بىر ئىدىشقا قۇيۇپتۇ، ئاندىن ئالدىنقى كۇنى ئېشىپ قالغان قېتىقنى سۇتكە ئارىلاشتۇرۇۋېتىپتۇ، شۇنداق قىلسا يېڭى سۇت ئاسانلا ئۇيۇپ قېتىق بولىدىكەن. ئاندىن ئۇ ئىدىش تۇۋىدە ئولتۇرۇپتۇ ۋە ئۆز كۆڭلىنى خۇش قىلىپ ناخشا ئېيتىپ، يالماۋۇزنىڭ كېلىپ سۇتنى بۇزۇۋەتمەسلىكىنى ئۆتۈنۈپتۇ. ئۇچ سائەت ئۆتۇپتۇ، سۇت سۇيۇق پېتى تۇرۇپتۇ، ئالتە سائەت ئۆتۇپتۇ، سۇتتە يەنىلا قىلچە ئۆزگىرىش كۆرۇنمەپتۇ. سەككىز سائەت ئۆتۇپتۇ سۇت بۇرۇنقى پېتى تۇرۇۋېرىپتۇ. بۇ چاغدا مەشرىق تەرەپ ئاقىرىپ، تاڭ سۇزۇلۇپ قاپتۇ.

تۇيۇقسىز قەيەردىندۇر خورازنىڭ چىللىغان ئاۋازى ئاڭلىنىپتۇ. شۇنىڭ بىلەن سۇت شۇ زامات ئۇيۇپ قېتىق بوپتۇ. قىز ئىچىدە: «غەلىتە ئىش! مەن بىر ئىدىش سۇتنىڭ بىراقلا ئۇيۇپ قېتىق

بولغانلىقىنى كۆرۈپ باقماپتىكەنمەن! »دەپ ئويلاپتۇ.
قىز قېتىقنى سوغۇق سۇ بار ئىدىشقا تۆكۈپتۇ ۋە سۇ سۈت رەڭگىگە كىرگۈچە ساپلىق بىلەن ئارىلاشتۇرۇپتۇ. تېتىپ باققانىكەن ئاچچىق ـ چۈچۈك بوپتۇ. لېكىن، چۈچۈك تەمنىڭ بىر پىرى قىرتاقتەك بىلىنىپتۇ. ئۇ ئەزەلدىن ئۇنداق غەلىتە تەمنى تېتىپ باقمىغانىكەن. ئۇ گۇمانلىنىپ يەنە تېتىپ كۆرۈپتۇ، يەنە شۇ تەم تېتىپتۇ. ئۇ بىر نەچچە يۇتۇم ئىچىپ باقسىمۇ يەنە شۇ تەم تېتىپتۇ. ئۇ ئۆز ـ ئۆزىگە: «ھېلىقى چىلىلىغان خورازدا گەپ بار. قېتىقىمنى بەتتام قىلىپ قويغان جەزمەن شۇنىڭ كاساپىتى» دەپتۇ.
بۇ قىزنىڭ ئىسمى زەينەپ ئىكەن. ئۇ ھېلىقى غەلىتە خورازنى تاپماقچى بولۇپتۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇ گۈللۈككە كېلىپ، ئانچە ئۆتمەيلا خورازنى تېپىۋاپتۇ. بۇ خورازنىڭ تاجىسى قىپقىزىل ئىكەن. ئالتۇندەك رەڭدار قاناتلىرىدا بىر قەۋەت چىرايلىق ئالا بالداق سىزىقلار بار ئىكەن. ئۇ، خورازنى تۇتماقچى بولۇپ قوغلاپتىكەن، خوراز بىر ئۆڭكۈرگە كىرىپ كېتىپتۇ. زەينەپمۇ ئۇنىڭ ئارقىسىدىن ئۆڭكۈرگە كىرىپتۇ ۋە كاۋاپ، پاقلان گۆشى، بېلىقلارنىڭ تۇرغانلىقىنى كۆرۈپتۇ. ئۇنىڭدىن باشقا خىلمۇ خىل مېۋىلەر ۋە داڭلىق مەي ـ شارابلارمۇ بار ئىكەن. زەينەپنىڭ قورسىقى ئاچ بولغاچقا جوزىدا ئولتۇرۇپ تويغىچە يەپتۇ. بۇ چاغدا ئۇ دالان تەرەپتىن كېلىۋاتقان ئاياغ تىۋىشىنى ئاڭلاپ قاپتۇ ـ دە، قورققىنىدىن بەدىنىگە تىترەك ئولىشىپ، جوزا ئاستىغا كىرىۋاپتۇ. شۇ ئەسنادا بىر ئەركەك كىرىپ كەپتۇ. لېكىن، زەينەپ ئۇنىڭ چىرايىنى كۆرەلمەپتۇ.
ھېلىقى ئەر جوزىغا قاراپ يېمەكلىكلەرنىڭ ئازلاپ قالغانلىقىنى كۆرۈپ:
— ئەگەر سەن يىگىت بولساڭ ئۇكام قىلىۋالاي؛ ئەگەر سەن قىز بولساڭ سىڭلىم قاتارىدا كۆرەي؛ ئەگەر سەن موماي بولساڭ

هامما ئاچا قىلىۋالاي؛ ئەگەر سەن بوۋاي بولساڭ ئۆزۈمگە تاغا قىلىۋالاي؛ سەن قورقما، دەرھال چىقىپ مەن بىلەن بىللە تاماق يېگىن! — دەپ ۋارقىراپتۇ.

زەينەپ ئادەمگەرچىلىككە ياتىدىغان بۇ گەپلەرنى ئاڭلاپ جوزا ئاستىدىن چىقىپتۇ - دە، ئالدىدا سالاپەتلىك، كېلىشكەن يىگىتنى كۆرۈپ بەك ھەيران قاپتۇ. بۇ يىگىت ئوچۇق - يورۇق، بەستلىك، قاش - كۆزى جايىدا ئىكەن. ئۇنىڭ بېشىدا گۆھەر قويۇلغان خۇددى خورازنىڭ تاجىسىدەك قىپقىزىل تارغاق تۇرغۇدەك. زەينەپ شۇ ھامان:

— سەن كىم بولىسەن، ئىسمىڭ نېمە ؟ — دەپ سوراپتۇ.

يىگىت:

— سەن مېنىڭ ئىسمىمنى سورىما، مەن ساڭا دەپ بېرەلەيمەن. سەن مېنىڭ تەكتىمنى سورىما. مەن ساڭا ئېيتىپ بېرەلەيمەن! لېكىن مەن ساڭا شۇنى ئوچۇق ئېيتىپ قوياييكى، مەن بىر يالماۋۇز، سەن مېنىڭ ئاشىق بولغان قىزىم! — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ.

شۇنىڭ بىلەن زەينەپ جوزىغا كېلىپ ئولتۇرۇپ يالماۋۇز بىلەن بىللە غىزالىنىپتۇ. بىر پەستىن كېيىن يالماۋۇز زەينەپنى خوتۇنلۇققا ئاپتۇ.

يالماۋۇز زەينەپكە ئالتۇن، گۆھەر ھەم چىرايلىق كىيىم - كېچەك بېرىپتۇ ۋە:

مۇبادا كۆڭلۈڭ خالىسا ئۆڭكۈردىن چىقىپ، شەھەرگە بېرىپ ئويناپ كەلگىن، نەدە تۇرۇۋاتقانلىقىڭنى، ئېرىڭنىڭ كىم ئىكەنلىكىنى ھېچكىمگە دېگۈچى بولما، بولمىسا چوڭ بالا - قازا تۇغۇلىدۇ! — دەپتۇ.

زەينەپ يالماۋۇزنىڭ دېگەنلىرىنى قۇلىقىدا تۇتۇپتۇ. ئۇ،

يالماۋۇزنى ياخشى كۆرۈپ قاپتۇ، يالماۋۇزمۇ ئۇنى ياقتۇرۇپ قاپتۇ.

بىر كۈنى زەينەپ تۇرۇپلا شەھەردىكى دوستلىرىنى يوقلاپ كەلمەكچى بولۇپ ئېرىگە كۆڭلىدىكى گېپىنى ئېيتىپتۇ. يالماۋۇز رازى بوپتۇ ۋە:

— بارغۇڭ بولسا بېرىپ كەل! لېكىن مەن سېنى بەك ياخشى كۆرىمەن. سەندىن بىر پەسمۇ ئايرىلغۇم كەلمەيدۇ. شۇڭا مەن بىر تارغاقتا ئايلىنىپ چېچىڭغا قىستۇرۇلۇۋالاي، — دەپتۇ.

يالماۋۇز شۇ گەپنى ئېيتىپلا ئۇستىگە گۆھەر كۆزلەر قويۇلغان قىپقىزىل بىر تارغاققا ئايلىنىپتۇ. زەينەپ تارغاقنى ئېلىپ چېچىغا قىستۇۋاپتۇ. بۇ تارغاق غەلىتە بولۇپ خۇددى خورازنىڭ تاجىسىغا ئوخشايدىكەن.

زەينەپ بېشىغا ھېلىقى تارغاقنى قىستۇرۇپ، چىرايلىق كىيىنىپ، ئېسىل ئۇنچە - مەرۋايىتلارنى ئېسىپ شەھەرگە كىرىپتۇ. دوستلىرى ئۇنى كۆرۈپ ھەيران بولۇپ چۇقۇرۇشۇپ كېتىپتۇ. ئۇلار زەينەپتىن:

ۋاي - ۋۇي، سەن يېقىنقى كۈنلەردىن بۇيان نەگە كەتتىڭ، سېنى ھېچ كۆرگىلى بولمايدىغۇ؟ — دەپ سوراپتۇ.

زەينەپ ئۇلارنىڭ سورىغانلىرىغا جاۋاب بەرمەپتۇ. چۈنكى ھېلىقى تارغاق ئۇنىڭ بېشىغا تېگىپ ئاگاھلاندۇرۇپ تۇرىدىكەن. ئارقىدىن يەنە بىرسى سوراپتۇ:

— ھەي زەينەپ، سەن بۇ ئېسىل كىيىملەرنى نەدىن ئالدىڭ؟

زەينەپ يەنىلا ئۇلارنىڭ سوئاللىرىغا جاۋاب بەرمەپتۇ. كېيىن بىر موماي تۇيۇقسىز:

— ھە راست، مەن بېشىڭدىكى تارغاققا ئوخشايدىغان بىر تارغاقنىڭ خورازنىڭ بېشىدا تۇرغانلىقىنى كۆرگەنىدىم، — دەپتۇ.

— شۇنداقمۇ؟ مەنمۇ تۇنجى قېتىم بىر خورازنىڭ بېشىدا كۆرگەنىدىم! — دەپتۇ زەينەپ.

بۇ چاغدا كۆپچىلىك چۆچۈپ كېتىپتۇ. ئۇنىڭ گېپى تۈگەش بىلەن تەڭلا ھېلىقى تارغاق قىزنىڭ بېشىدىن يەرگە چۈشۈپ كېتىپتۇ. زەينەپ قورققىنىدىن ۋارقىراپ تاشلاپتۇ ۋە:

— سىلەر ئېھتىيات قىلىڭلار. بۇ تارغاق مېنىڭ ئېرىم بولىدۇ! — دەپتۇ.

زەينەپ شۇ گەپنى دېيىشىگىلا تارغاق ئىز - دېرەكسىز يوقاپ كېتىپتۇ. زەينەپ ئېچىنىپ يىغلاپتۇ. ئۇ يەنە بۆرۇنقى ئۆڭكۈرگە كەپتۇ. لېكىن، بۇ يەرگە خۇددى كىشى ئاياغ باسمىغاندەك، نە ئۆڭكۈر، نە ئۆي كۆرۈنمەپتۇ.

زەينەپ ئېرىنى يىتتۈرۈپ قويغاندىن كېيىن، بەك ئازابلىنىپ كۆپ بويى يىغلاپتۇ. كېيىن ئۇ ياقۇتنى سېتىپ بىر قەھۋەخانا ئېچىپتۇ. زەينەپ ئەر - ئايال، قېرى - ياش بولۇشىدىن قەتئىينەزەر ئۆزىگە بىر ھېكايە سۆزلەپ بەرسە، شۇنىڭغا بىر ۋاخلىق تاماق بېرىپتۇ. ئۇ: «مەندىنمۇ بەتتەررەك ئېچىنارلىق ئىشلارنى بېشىدىن كەچۈرگەنلەرنىڭ ھېكايىسىنى ئاڭلاشنى خالايمەن. شۇنداق قىلسام مېنىڭ كۆز يېشىم قۇرۇيدۇ» دەپتۇ. ئەرلەر، ئاياللار، قېرىلار ۋە باللار ئۇنىڭغا ئېچىنىشلىق ھېكايىلەرنى سۆزلەپ بېرىپتۇ. لېكىن، زەينەپ ھەر قېتىم ئاڭلاپ بولۇپ:

— سىلەرنىڭ سۆزلىگەن ھېكايەڭلەر مەن تارتقان دەردلەردەك ئېچىنىشلىق ئەمەسكەن! — دەپتۇ.

بىر كۈنى تۇيۇقسىز بىر موماي كەپتۇ ۋە:

— ماڭا بىر ۋاخلىق تاماق بەرگىن، لېكىن مەندە ساڭا سۆزلەپ بەرگۇدەك ئېچىنىشلىق ھېكايە يوق. شۇنداقتىمۇ بىر غەلىتە ئىشنى سۆزلەپ بېرىمەن، — دەپتۇ.

www.uyghurkitap.com

زەينەپ ئۇنىڭغا تاماق بېرىپتۇ ۋە:

— قېنى سۆزلىسىلە! — دەپتۇ.

موماي سۆزلەشكە باشلاپتۇ:

— مەن باياتىن گۈللۈكتە بىر قۇشنىڭ ئېچىنىشلىق يىغلاۋاتقانلىقىنى كۆردۈم. قىزىق، ئۇ قۇش، مېنى تارغاقتا ئايلاندۇرۇپ قويۇپ، يەرگە چۈشۈرۈۋەتكەن قىز نەگە كەتتى، دېگەن گەپنىلا قىلىۋاتىدۇ.

سىلى مېنى شۇ قۇشنىڭ يېنىغا باشلاپ ئاپارسىلا، — دەپتۇ زەينەپ.

زەينەپ موماي بىلەن شەھەردىن چىقىپ گۈللۈككە كەپتۇ. ئۇلار ھېلىقى قۇشنى ئىزدەپ تېپىپتۇ. ئۇ، موماي دېگەندەك: «مېنى تارغاقتا ئايلاندۇرۇپ قويۇپ، يەرگە چۈشۈرۈۋەتكەن قىز نەگە كەتتى؟» دەپ يىغلاپ تۇرغۇدەك.

ھېلىقى قۇش زەينەپنىڭ كەلگەنلىكىنى كۆرۈپ يىغىدىن توختاپ:

— ۋاي زەينەپ، مېنىڭ يۈرەك باغرىم، مەن سېنى بىر قۇشقا ئايلاندۇرۇپ قوياي، شۇنداق قىلسام ماڭا ئۆمۈرلۈك جۆرە بولىسەن، سەن ئادەم پېتى تۇرساڭ كۆڭلۈم خاتىرجەم بولمايدىكەن، — دەپتۇ.

شۇنداق قىلىپ، ھېلىقى قۇش سېھرى ئىشلىتىپ زەينەپنى بىر چىشى قۇشقا ئايلاندۇرۇپ قويۇپتۇ. ئاندىن ئۇلار ئورمانلىققا ئۇچۇپ كېتىپتۇ. شۇنىڭدىن تارتىپ ئەركەك قۇشنىڭ بېشىدا چىرايلىق تاجا پەيدا بولۇپ قاپتۇ.

# يالغان سۆز

(ئىراق)

بىر پادىشاھ ئويۇن ـ تاماشا بولسۇن ئۈچۈن بارلىق ۋەزىر ـ ۋۇزرالىرىنى يىغىپ:

— سىلەر ھەر بىرىڭلار بىردىن يالغان سۆز قىلىڭلار، ئەگەر كىمنىڭ سۆزلىگىنىنىڭ يالغان ئىكەنلىكىگە ئىشەنمىسەم، شۇ كىشىنى دەرياغا تاشلايمەن. سۆزلىگىنىنىڭ يالغان ئىكەنلىكىگە ئىشەنسەم، شۇ كىشىگە مىڭ دىنار تىللا مۇكاپات بېرىمەن، — دەپ پەرمان چۈشۈرۈپتۇ.

پادىشاھنىڭ گېپى تۈگىشى بىلەن بىر ۋەزىر ئۇنىڭ ئالدىغا كېلىپتۇ ۋە خۇشامەت قىلىپ:

— بىزنىڭ ھۆرمەتلىك پادىشاھىمىز! مەن تۈنۈگۈن بىر باغقا كىرىپ مېۋە يەي دەپ تۇرسام يەردە بىر تاۋۇز تۇرۇپتۇ. مەن ئۇ تاۋۇزدىن بىر تىلىمنى كېسىۋالدىم، مەن ئەمدى يەي دەپ تۇرۇشۇمغا ھەميانىم يانچۇقۇمدىن ھېلىقى تاۋۇزنىڭ كېسىلگەن يېرىدىن تاۋۇزنىڭ ئىچىگە چۈشۈپ كەتتى. مەن قولۇمنى تاۋۇزنىڭ ئىچىگە سىلىپ ھەميانىمنى تېپىۋالماقچى بولدۇم، لېكىن شۇنچە ئاختۇرساممۇ ھەميانىم قولۇمغا ئۇرۇلمىدى. شۇنىڭ بىلەن ھېلىقى كېسىلگەن جايىنى پىچاق بىلەن چوڭايتىپ، بېشىمنى تىقىپ قاراپمۇ ھەميانىمنى كۆرەلمىدىم. ئاخىرى تاۋۇزنىڭ ھېلىقى كېسىلگەن يېرىنى تېخىمۇ چوڭايتىپ، بېلىمگىچە كىرىپ قارىغۇدەك بولسام ھەميانىمنىڭ قارىسىمۇ كۆزۈمگە چېلىقمىدى. ئەمدى بولمىدى

دېدىم ـ دە، ئىختىيارسىز تاۋۇزنىڭ ئىچىگە كىردىم. ئۇنىڭ ئىچى قاپقاراڭغۇ بولغاچقا ئاۋايلاپ مېڭىپ ھەميانىمنى ئىزدىدىم، كېتىۋېتىپ دىققەتسىزلىكىمدىن يىقىلىپ چۈشتۈم، ئورنۇمدىن ئەمدىلا تۇرۇشۇمغا يەنە يىقىلىپ چۈشتۈم، شۇنداق قىلىپ يىقىلىپ تۆۋەنگە چۈشۈپ كەتتىم. . . — دەپتۇ:

بۇ چاغدا پادىشاھ شۇنداق دەپتۇ.

— سېنىڭ بۇ دېگەنلىرىڭگە ئىشىنىمەن. چۈنكى تاۋۇز تېپىلغاق كېلىدۇ. شۇڭا كىشىلەر يىقىلغاندا، يۇقىرىغا كۆتۈرۈلمەي تۆۋەنگە يىقىلىپ چۈشىدۇ.

— ھەي پادىشاھىم! مەن تېخى سۆزلەپ بولمىدىم! مەن يىقىلىپ چۈشە، چۈشە. . . بېرىپ بىر كۆلچەككە چۈشتۈم. مېنىڭ ھېچ يېرىم زەخىملەنمەپتۇ. مەن بىر نەرسىگە ھەيران بولدۇم. چۈنكى كۆلچەكتىكى سۇ بىر پالۋاننىڭ قېشىدىن چۈشكەن بىر تامچە سۇ ئىكەن. ئۇ پالۋان ئۇخلاۋېتىپتىكەن. ئۇنىڭ خورەك ئاۋازىدىن كۆتۈرۈلگەن شىددەتلىك شامال مېنى ئۇنىڭ چاچلىرى ئارىسىغا كىرگۈزۈۋەتتى. مەن گاڭگىراپ قېلىپ، بىر ئورمانلىققا كىرىپ قالدىم. ئۇ يەردە يوغانلىقى ئاتتەك كېلىدىغان بۆرگىنى كۆردۈم. مەن بۇ بۆرگىنى مىنىۋالدىم. ئۇ مېنى ئورمانلىقتا ئۇچقاندەك ئېلىپ ماڭدى. بىر پەستىلا ئورمانلىقتىن چىقىپ بىر قۇملۇققا كېلىپ قالدۇق. قۇملۇقتىكى بىر قورغاندا بىر قىز قاماقلىق ئىكەن. ئۇ، مېنى قاچۇرۇۋەت، دەپ تولىدى، — دەپتۇ ھېلىقى ۋەزىر.

— مەن سەن دېگەنلەرنىڭ ھەممىسىگە ئىشىنىمەن. چۈنكى قاملىپ قالغان قىز ئادەتتە ئۆزىنى قويۇۋېتىشنى تەلەپ قىلىدۇ، — دەپتۇ پادىشاھ. لېكىن، ھېلىقى ۋەزىر شۇنداق دەپتۇ:

— مەن تېخى سۆزلەپ بولمىدىم! چۈنكى مەن قورغانغا بارىدىغان يولنى تاپالمىدىم، مەن ئورمانلىققا قايتىپ كېلىپ،



www.uyghurkitap.com

چېچىمنى چۈشۈرۈپ بۆرگىلەرگە خورما دەرىخىدەك ئۇزۇن چاچلارنى تۇتۇشتۇم. چۈنكى ھېلىقى قورغاننىڭ ئېگىزلىكى مىڭ خورما دەرىخىنىڭ ئېگىزلىكىدەك ئېگىز ئىكەن.

— دېگەنلىرىڭنىڭ ھەممىسىگە ئىشىنىمەن. چۈنكى بۇ چاچلارنىڭ ئۇزۇنلۇقى ھېلىقى قورغاننىڭ ئېگىزلىكىگە تەڭ بولغاچقا، سەن بۇ قورغاننىڭ ئۈستىگە چىقالايسەن، — دەپتۇ پادىشاھ.

لېكىن ھېلىقى ۋەزىر:

— ھەي پادىشاھى ئالەم! مەن تېخى سۆزلەپ بولمىدىم! مەن ھېلىقى قورغانغا چىقتىم، قىز مەندىن تىنچلىق - ئامانلىق سورىدى. مەن پىچىقىمنى ئېلىپ قورغاننىڭ ئاستىغا چۈشتۇم. ئۇ يەردە يوغانلىقى ئادەتتىكى شىرلاردىن مىڭ ھەسسە چوڭلۇقتىكى بىر شىرنى ئۇلۇقتۇردۇم. ئۇ يىغلاۋېتىپتۇ. بىر تۆگە ئۇنىڭ بىر كۆزىگە چۈشۈپ كەتكەنىكەن. شىر مەندىن كۆزىدىكى تۆگىنى ئېلىۋېتىشنى سورىدى. مەن ئۇنىڭ تەلىپىنى ئورۇنلىدىم. شىر ماڭا ئاجايىپ مىننەتدارلىق بىلدۈردى ۋە مېنى تاماققا تەكلىپ قىلدى. پىلنى كاۋاپ قىلىپ يېدۇق. پىلنىڭ قورسىقىدىن يوغان بىر كالا چىقتى. ئۇنىڭ قورسىقىدا بىر قوي بار ئىكەن، قوينىڭ قورسىقىدا بىر چۈجە بار ئىكەن. چۈجىنىڭ قورسىقىدىن مەن يىتتۈرۈپ قويغان ھېلىقى ھەميانىمنى تېپىۋالدىم، — دەپتۇ.

— مەن سېنىڭ دېگەنلىرىڭگە ئىشىنىمەن. سەن ھەميانىڭنى ئىزدىگەن ئەمەسمۇ؟ شۇڭا سېنىڭ سۆزلىگەن ھېكايەڭ دەرھەقىقەت، ئىشىنىشكە بولىدۇ. شۇڭا سېنى دەرياغا تاشلاش كېرەك، — دەپتۇ پادىشاھ.

گەپ تۈگىشىگە ئادەملەر يۈگۈرۈشۈپ كېلىپ بۇ ۋەزىرنى دەرياغا ئىتتىرىپ چۈشۈرۈۋېتىپتۇ. ئۇ، ۋەزىرلىك ئېسىل كىيىملىرى سېسىق پاتقاققا مىلەنگەن ھالدا دەريادىن چىقىپتۇ.

باشقا ۋەزىرلەر:

— ئۇنىڭ ئادەمنى يىرگەندۈرىدىغان قىياپىتىگە قاراپ بېقىڭلار! — دەپ ئۇنى مەسخىرە قىلىپتۇ. لېكىن، يەنە بىر قىسىم كىشىلەر:

— بىزمۇ مۇشۇنداق ئاقىۋەتكە ئۇچرىشىمىز مۇمكىن! پادىشاھنىڭ غەلىتە يالغان سۆزلەرگە ئىشىنىدىغانلىقى تۇرغانلا گەپ، — دېيىشىپ يىغلىشىپتۇ.

ئۇنىڭ ئارقىدىن يەنە بىر ۋەزىر ئورنىدىن تۇرۇپ يالغان سۆزلەشكە باشلاپتۇ:

— پادىشاھىم! مەن تۈنۈگۈن بازارغا باردىم. يېقىندا بىر پىياستر[1] بار ئىدى. مەن بازاردا گۈزەللىكتە تەڭداشسىز بىر چۆرە قىزنى ئۇچرىتىپ قالدىم. ئۇ تاۋار - دۇردۇن ۋە زەركىمخابتىن تىكىلگەن كىيىم كىيگەن بولۇپ، بويىنىغا ئالتۇن، مەرۋايىتتىن ئىشلەنگەن زىبۇزىننەتلەرنى تاقاپتۇ. مەن ئۇنىڭ ئىگىسىدىن: «بۇ چۆرە قىز ئۈستى - بېشى بىلەن نەچچە پۇل» دەپ سورىدىم. ئۇ: «بىرىم پىياستر» دېدى. مەن ئۇنىڭغا بىر پىياستر بەردىم. لېكىن، ئۇ پۇلنى ماڭا قايتۇرۇپ بېرىۋېتىپ: «مەن بۇنى ساڭا سوۋغا سۈپىتىدە تەقدىم قىلاي، چۈنكى مەندە پارچە پۇل يوق» دېدى.

— بۇنىڭغا ئىشىنىمەن. چۈنكى ئادەتتىكى ئەھۋالدا سودىگەرلەر ناھايىتى نۇرغۇن پۈتۈن پۇل ساقلايدۇ، پارچە پۇلى بولمايدۇ، — دەپتۇ پادىشاھ.

لېكىن، ھېلىقى ۋەزىر ئارقىدىنلا يەنە سۆزىنى داۋام قىپتۇ:

— پادىشاھ ئالىيلىرى! مەن تېخى سۆزلەپ بولمىدىم! مەن ساھىبجامال چۆرە قىزنى چىرايلىق ئۆيگە ئاپىرىپ قويۇشنى ئويلىدىم. شۇنىڭ بىلەن، توختىماي يول ماڭدىم. بىر پەستە

[1] پىياستر — سۇدان قاتارلىق دۆلەتلەرنىڭ پۇل بىرلىكى.

چىرايلىق باغقا سېلىنغان ئۆينىڭ ئالدىغا كېلىپ قاپتىمەن. مەن ئۆيگە كىرىپ ئىگىسى بىلەن سالاملاشتىم ۋە: «سىز بۇ ئۆينى نەچچىگە ساتىسىز؟» دەپ سورىدىم.

ھېلىقى ئۆي ئىگىسى: «مەن سېتىشنى ئويلاپ يۈرەتتىم. ئۆيۈمنىڭ تاملىرى مەرمەردىن، پوللىرى كۈمۈشتىن ياسالغان. تورۇسلىرىغا ئالتۇن، مەرۋايىتتىن نەقىش قويۇلغان. ساندۇقلىرىم ئالماس، ياقۇت، قاشتېشى، كەھرىۋا بىلەن تولغان. شۇنىڭ ئۈچۈن ماڭا بۇ ئۆيدىن ياخشىراق بىر جاي كېرەك. مەن بۇ ئۆيۈمنى شۇنچە سېتىۋېتەي دېسەممۇ، ئېپىدىراق بىر خېرىدار تاپالمايۋاتىمەن. مەن سىنىڭ دېگىنىڭگە بېرەي. يېرىم پىياست بولسىمۇ بولىدۇ» دېدى.

— بۇلارنىڭ ھەممىسىگە ئىشىنىشكە بولىدۇ. چۈنكى خېرىدار بولمىغاندا، باھا تۆۋەنلەيدىغان گەپ، — دەپتۇ پادىشاھ.

لېكىن ھېلىقى ۋەزىر:

— پادىشاھ، مېنىڭ سۆزۈم تېخى تۈگىمىدى! مەن بىر پىياستنى ئۆي ئىگىسىگە بەردىم ۋە ئۇنىڭغا: «مەندە پارچە پۇل يوق، ئېشىپ قالغان يېرىم پىياست پۇلغا خالىغىنىڭىزنى سېتىپ بېرىڭ» دېدى. ئۇ ماڭا كېلىشكەن ئەر چاكاردىن مىڭنى، چىرايلىق چۆرە قىزدىن مىڭنى، مىڭ ئات، مىڭ تاغار لەھەڭ مۇشكى، بىر ھارۋا شاپتۇل، لىق بىر كېمە ئۆرۈك، مىڭ دانە قوي، بىر كېمىدە ياڭاق بەردى. ئۇ يەنە: «بۇ نەرسىلەرنىڭ باھاسى ئاشقان پۇلۇڭغا يەنە كەملەيدۇ. ئەمدى ئۈچامدىكى تونۇمنى بەرسەم ئاندىن بىر - بىرىمىزدە قەرزىمىز قالمايدۇ» دېدى. مەن ئۇنىڭ دېگىنىگە قوشۇلدۇم. ئۇ، ماڭا ئېسىل تونىنى سېلىپ بەردى. مەن ئۇ تونىنى كىيدىم - دە، تىكىشىدە مەن بەرگەن بىر پىياستنىڭ تۇرغانلىقىنى بايقاپ قالدىم، — دەپتۇ.

— مەن بۇنىڭغا پۈتۈنلەي ئىشەندىم. چۈنكى سەن ئۇنىڭغا بىر

پىياست بەرگەن، ئۇ پۇلنى يانچۇقىغا سالغان. بۇ پۇل بىردەمدىن كېيىن تۆۋەنگە چۈشكەن. شۇنداق قىلىپ، ئۇ پۇل ئۇنىڭ تونىنىڭ تىكىشىگە بېرىپ توختاپ قالغان. شۇنىڭ ئۈچۈن بۇ ھېكايە راست. كېلىڭلار! بۇنى دەرياغا ئىتتىرىۋېتىڭلار! — دەپتۇ پادىشاھ.

ئۇلار بۇ ۋەزىرنى كۆتۈرۈپ دەرياغا تاشلاپتۇ. ئۇ ئالدىنقى ۋەزىردىنمۇ بەتتەر ھالغا چۈشۈپ قاپتۇ.

ئۇنىڭدىن كېيىن يەنە بىر ۋەزىر ئورنىدىن تۇرۇپ، پادىشاھقا ئېھتىرام بىلدۈرۈپتۇ ۋە:

— ئەي پادىشاھىم! ئەمدى سىز مېنىڭ ھېكايەمگە قۇلاق سېلىڭ. مەن سىزگە ھەقىقىي يۈز بەرگەن بىر ئىشنى سۆزلەپ بېرىمەن. بۇ يالغان ئەمەس، تۈنۈگۈن كېچە مەن ئۆز كارىۋىتىمدا ئۇخلىدىم! — دەپتۇ.

— مەن بۇنىڭغا تامامەن ئىشىنىمەن، — دەپتۇ پادىشاھ.

— مەن بىر سائەت ئۇخلىغاندىن كېيىن، ئويغاندىم، — دەپ سۆزىنى داۋاملاشتۇرۇپتۇ ھېلىقى ۋەزىر، — قارىسام بىر ئۆلگەن ئادەمنىڭ كۆلەڭگىسى كارىۋىتىمنىڭ يېنىدا تۇرغۇدەك. مەن بۇنىڭدىن بەك ھەيران بولدۇم. شۇ چاغدىلا بىلدىمكى، ئۇ ئەسلىدە ئالىيجانابلاردىن، يەنى سىزنىڭ دادىڭىز ئىكەن. خۇدايىم ئۇنىڭغا مەغپىرەت قىلغاي، ئۇ ماڭا: «سەن مېنىڭ ئوغلۇمنى تېپىپ، ئۇنىڭدىن يۈز مىڭ دىنار ئالغىن، چۈنكى سەن دۇنيادا مەشھۇر زاتسەن. بۇ مېنىڭ ساڭا قىلغان بۇيرۇقۇم» دېدى.

پادىشاھ بىر ئاز ئويلانغاندىن كېيىن:

— سەن ئالجىپسەن! بۇنىڭغا ئىشەنمەيمەن! بولدى. سەن مىڭ دىنارنى ئالغىن! ھازىردىن باشلاپ مېنىڭ ئەپۇ قىلىشىمغا ئېرىشتىڭ، مەن سېنى دەرياغا تاشلاتقۇزمايمەن، — دەپتۇ.

# ناخشا ئېيتالايدىغان شاراب

(پەلەستىن)

بۇرۇنقى زاماندا باغداتتا بىر سودىگەر ئۆتكەن بولۇپ، ئۇنىڭ نۇرغۇن ئۆي - جايلىرى، دۇكانلىرى، يەرلىرى ۋە باغلىرى بار ئىكەن. ئۇنىڭ ئۆيى دەمەشىق، موسۇللاردىن ئەكەلگەن ئويما زىننەت بۇيۇملىرى، تاۋار - دۇردۇن، ئېسىل بۇيۇملار ۋە ئالتۇن - كۈمۈش، قاچا - قۇچىلار بىلەن لىق تولغانىكەن. لېكىن، ئۇ بۇ نەرسىلىرى بىلەن پەخىرلەنمەيدىكەن. ئۇنىڭ ئەڭ قىممەتلىك نەرسىسى شاراب ئىكەن. ئۇ بېغىدىكى ئوبدان ئۈزۈملەردىن ئۆز قولى بىلەن ياسىغان پۇراقلىق شارابنى ياخشى كۆرىدىكەن. ئۇ گەپ ئارىسىدا: «پۈتۈن سۈرىيىدە مېنىڭ شارابىمغا يېتىدىغان شاراب يوق!» دەپ ماختىنىدىكەن. ئاغىنىلىرى يوقلاپ كەلسە، بىر قەدەھتىنلا شاراب تۇتىدىكەن. قائىدىنى ھەرگىز بۇزمايدىكەن. ئۇ، شاراب تۇتقاندا پەخىرلىنىپ: «مېھمانلار ئوبدان تېتىپ كۆرۈڭلار، چۈچۈك تەمى ئۆزگىچە، ئۇنىڭ ناخشىسىنىڭ دۇنيادا تەڭدىشى يوق» دەيدىكەن. سودىگەرلەر، بايلار ھەتتا پادىشاھمۇ جىق پۇل بېرىپ ئۇنىڭ شارابىدىن سېتىۋالماقچى بوپتۇ. لېكىن، ئۇ بۇلارنىڭ ھەممىسىنى رەت قىلىپتۇ.

بىر كۈنى ئابۇناۋاس بۇ چوڭ سودىگەرنى يوقلاپ كەپتۇ ۋە ئۇنىڭ قولىدىن بىر قەدەھ شارابنى ئېلىپ تازا تېتىپ كۆرۈپتۇ. تەمىگە ھەقىقەتەن گەپ سىغمايدىكەن. ئۇ كۆڭلىدە: «بىر خۇمرا شاراب ئالمىسام بولمايدۇ» دەپ ئويلاپتۇ - دە، سودىگەردىن شارابىنىڭ

باھاسىنى ئالتۇننىڭ نەرخىدە سۆزلىشىپتۇ. لېكىن سودىگەر:

— شارابىم خۇش پۇراقلىق ئېسىل شاراب، ناخشىسى ياڭراق، دۇنيادا كەم ئۇچرايدىغان تۇرسا مەن ئۇنى قانداقمۇ ساتاي؟ — دەپتۇ. ئابۇناۋاس ئامالسىز قايتىپ كېتىپتۇ. ئۇ: «ئۇنىڭ تەمىنى تېتىپ كۆردۇم، ناخشىسىنى نېمىشقا ئاڭلىمىغاندىمەن؟» دەپ ئويلاپتۇ.

ئەتىسى كەچقۇرۇن سودىگەر دۇكاندىن چىقىپ تىلاۋەت قىلغىلى ئۆيىگە كېلىۋاتقاندا يولدا چاكارلىرىغا ئۇچراپ قاپتۇ. ئۇلار يىغلامسىراپ تۇرۇپ:

— شارابلىرىنى بىر كىم ئوغرىلاپ كېتىپتۇ! — دەپتۇ. سودىگەر ئالدىراپ ئۆيىگە كېلىپ قارىسا، دېگەندەك شاراب تۈگى يوق تۇرغۇدەك. ئۇ چاكارلىرىنى تىللاپتۇ. ئۇلار:

— بىز ئۆز ئىشىمىز بىلەن ئالدىراپ بىرسىنىڭ كەلگەنلىكىنى كۆرمەي قاپتۇق، — دەپ ئۆزلىرىنى ئاقلاشقا باشلاپتۇ.

سودىگەر قازىخانىغا بېرىپ يىتكەن شاراب تۈگىنى تېپىپ بېرىشنى تەلەپ قىلىپتۇ. قازى ئۇنىڭ تەلىپىنى ماقۇل كۆرۈپتۇ. شۇنىڭ بىلەن سودىگەر ۋە ئەمەلدارلار پۈتۈن شەھەرنى ئاختۇرۇشقا باشلاپتۇ. لېكىن، ئەمەلدارلار، بۇ ئىشنى باشقا ئېلىپ چىققىلى بولمايدۇ، دەپ قاراپتۇ.

— بىز ھەممە كوچا - كويلىغا بېرىپ شارابىنىڭ ناخشىسىنى ئاڭلاپ باقايلى. شۇنداق قىلساق، يىتىپ كەتكەن ياغاچ تۈگىنى تاپالايمىز! — دەپتۇ سودىگەر.

ئەمەلدارلار، سودىگەر ئاچچىقىدا ئېلىشىپ قالغان ئوخشايدۇ، دەپ ئويلاپتۇ. ئۇلار بىر ئاز مېڭىپ قۇلاق سالغۇدەك بولسا راستىنلا يىراق بىر يەردە ناخشىنىڭ ئاۋازى ئاڭلىنىپتۇ.

— ئۇ مېنىڭ شارابىمنىڭ ناخشىسى، — دەپتۇ سودىگەر

ئالدىراپ.

ئۇلار توختىماي مېڭىپتۇ. ناخشا ئاۋازى بارغانسېرى ئېنىق ئاڭلىنىشقا باشلاپتۇ. سودىگەر يەنە:

— بۇ شارابنىڭ ناخشىسى ئەمەس، — دەپتۇ.

ئۇلار يەنە توختىماي مېڭىپتۇ. بۇ چاغدا ئۇلار تۇيۇقسىز شەھەردە ئېيتىلىۋاتقان ناخشىلارنى بېسىپ چۈشىدىغان ياڭراق ناخشا ئاۋازىنى ئاڭلاپ قاپتۇ.

سودىگەر خۇشال بولۇپ:

— راستىنلا مېنىڭ شارابىمنىڭ ناخشىسى، — دەپتۇ.

ئۇلار ناخشا ئاۋازى كەلگەن تەرەپكە قاراپ مېڭىپتۇ. شۇ ماڭغىنىچە بىر ئۆينىڭ ئىشىكى ئالدىغا كېلىپ توختاپتۇ. سودىگەر ئەمەلدارلارغا كىرىپ ئوغرىنى تۇتۇشنى ئىلتىماس قىلىپتۇ. لېكىن ئۇلار:

بۇ پادىشاھنىڭ دوستى ئابۇناۋاسنىڭ ئۆيى، بۇ يەردە ئوغرى نېمىش قىلىدۇ؟ — دەپتۇ.

سودىگەر ئۇلارنى كىرىشكە زورلاپتۇ ۋە:

— بۇ گەپچە مەن شارابىمنىڭ ئاۋازىنى تونىماي قاپتىمەن-دە! دەپتۇ.

بىر ئەمەلدار ئىشىكنى قىيا ئېچىپ شۇنداق قارىسا، ئابۇناۋاس چوڭ بىر ياغاچ تۇڭنىڭ ئۈستىدە ئولتۇرۇپ قەدەھلەپ شاراب ئىچىۋاتقۇدەك. شاراب كەيپىدىن كۆزلىرى يۇمۇلۇپ، پۈتۈن ئىشتىياقى بىلەن ناخشا ئېيتىۋاتقۇدەك. شۇنىڭ بىلەن، قالغان ئەمەلدارلار ئۆيگە كىرسە ئابۇناۋاس سودىگەر دېگەن ياغاچ تۇڭ تۈۋىدە ئولتۇرغۇدەك. ئۇلار ئابۇناۋاسقا قاراپ:

— سەن ئوغرى، بىز سېنى زىندانغا تاشلايمىز. بىز بىلەن بىرگە ماڭ! — دەپتۇ.

ئەمەلدارلار ئابۇناۋاسنىڭ پۇتىغا ئىشكەل سېلىپ قازىنىڭ ئالدىغا ئېلىپ بېرىپتۇ. ئۇلار يەنە ئابۇناۋاسنىڭ ئىشنىڭ ياققۇچىلىرىنى ۋە ھېلىقى شاراب تۆكىنى قازىنىڭ ئالدىغا ئەكىلىپ ئۇنىڭ راستىنلا ئوغرى ئىكەنلىكىگە گۇۋاھلىق بېرىپتۇ.

— مېنىڭ ئابۇناۋاس ئۈستىدىن ئەرزىم بار. ئۇ ئوغرى، مانا گۇۋاھچى، ئۇ ئوغرىلىغان نەرسىلەر، — دەپتۇ سودىگەر.

ئابۇناۋاس باياتىن ناخشا ئېيتىپ تۇرغان بولسىمۇ، ئەمدى گەپ قىلماي تۇرۇۋاپتۇ.

— ئابۇناۋاس، سېنى سوراق قىلىشقا قۇدرىتىم يەتمەيدۇ. چۈنكى سەن پادىشاھنىڭ يېقىن ئادىمى، لېكىن مەن سېنى سولاپ قويىمەن. پادىشاھ ئۆزى كېلىپ سوراق قىلسۇن، — دەپتۇ قازى.

ئەمەلدارلار ئابۇناۋاسنى پادىشاھنىڭ ئالدىغا يالاپ ئېلىپ كەپتۇ. سودىگەر پادىشاھنىڭ ئالدىغا كېلىپ ئابۇناۋاس ئۈستىدىن ئەرز قىلىپتۇ. ھېلىقى ياغاچ تۆكىنىمۇ ئەكىلىپ ئىسپات قىلىپتۇ.

— بىز كوچىدا ناخشا ئاۋازىنى ئاڭلاپ قالدۇق، — دەپ گەپ باشلاپتۇ ئەمەلدارلار، — شۇنىڭ بىلەن ناخشا ئاۋازى چىققان تەرەپكە قاراپ مېڭىۋېدۇق، بىر پەستىن كېيىنلا ئابۇناۋاسنىڭ ياغاچ تۆك ئۈستىدە ئولتۇرۇپ ناخشا ئېيتىۋاتقانلىقىنى كۆردۇق.

سودىگەر ئەمەلدارلارنىڭ گېپىنىڭ توغرىلىقىنى ماقۇللاپتۇ ۋە:

— مەن شارابىمنىڭ ناخشا ئاۋازىنى ئاڭلىدىم. ئۇ شاراب تۆكىنىڭ ئۈستىدە ئولتۇرۇپتىكەن، مەن ئۇنىڭغا ئۆلۈم جازاسى بېرىشنى تەلەپ قىلىمەن، — دەپتۇ.

پادىشاھ ئابۇناۋاسقا ئاچچىقلىنىپ، ئۇنى تىللاپتۇ ۋە:

— ئەگەر سەن راستىنلا شاراب تۆكىنى ئوغرىلىغان بولساڭ، مەن سېنىڭ كاللاڭنى ئالىمەن! — دەپتۇ.

بۇ چاغدا مەستلىكتىن يېشىلگەن ئابۇناۋاس سودىگەرگە:

— سىنىڭ شارابىڭ مېنىڭ ئاۋازىمدا ناخشا ئېيتتىمۇ ياكى باشقىلارنىڭ ئاۋازى بىلەن ئېيتتىمۇ؟ — دەپتۇ.

ئۇ سىنىڭ ئاۋازىڭ بىلەن ئېيتقان، باشقىلارنىڭ ئاۋازىدا ئېيتمىغان، — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ سودىگەر.

ئابۇناۋاس پادىشاھ تەرەپكە قاراپ:

— خوش، شاراب مېنىڭ ئاۋازىم بىلەن ناخشا ئېيتىپتۇ، دېمەك بۇ شارابنىڭ مېنىڭ ئاۋازىمنى ۋە سەزگۇ ئەزالىرىمنى ئوغرىلىغانلىقىنى بىلدۇرمەمدۇ؟ شۇڭا ھەقىقىي ئوغرى شاراب بولىدۇ. مەندە گۇناھ يوق، ئەلۋەتتە شارابنى جازالاش كېرەك. مەن بۇنى ئۆز قولۇم بىلەن بىر تەرەپ قىلىشنى تەلەپ قىلىمەن! — دەپتۇ.

پادىشاھ قوشۇمىسىنى تۈرۈپ:

— ھەي، ئابۇناۋاس، ئېيتقىنىڭ توغرا، ئوغرىنىڭ نەق ئۆزى شاراب، مېنىڭچە گۇناھ ئۇنىڭدا، ئەمدى ئۇنىڭ بىلەن كارىڭ بولمىسۇن، شاراب تۇڭىنى ئۆزۈم بىر تەرەپ قىلىمەن، — دەپتۇ.

پادىشاھ بارلىق ۋەزىرلىرىنى يىغىپ، جاللاتقا ياغاچ تۇڭنى ئاچقۇزۇپ قەددەھلەرگە شاراب تولدۇرۇپتۇ. بۇ چاغدا شارابنىڭ ناخشىسىنىڭ ئاۋازى ئوردىنىڭ ئىچى - تېشىنى بىرلا ئاپتۇ. سودىگەر يىغلاپ تۇرۇپ:

— بۇ شارابىمنىڭ ئەمەس ئاخىرقى ناخشىسىنىڭ ئاۋازى! — دەپتۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ پىگى ئادرېسى

# دېھقان بىلەن خانىش

(سەئۇدى ئەرەبىستان)

ئەمگەكچان، ئاق كۆڭۈل بىر دېھقان بىلەن ئۇنىڭ ئاپىسى بىللە كۈن كەچۈرىدىكەن. بىر يىلى ھەج قىلىدىغان ۋاقىتقا ئاز قالغاندا، ئاپىسى ئۇزۇن يىللاردىن بېرى يىغقان ئۈچ مىڭ لىيار پۇلىنى ئوغلىغا مەككىدە ھەج قىلغاچ بىر ئاز مال ئېلىپ كېلىشكە بېرىپتۇ. ئۇ ئوغلىغا:

— سەن بۇ قېتىم مەككىگە بارغاندا مۇنداق ئۈچ ئىشنى ئورۇنداپ كەلگىن: بىرىنچى، مۇسۇلمانلارنىڭ ھەجىنى ئادا قىلغىن؛ ئىككىنچى، يوللاردا ئۇچرىغان موللا - ئالىم كىشىلەردىن تەلىم ئالغىن؛ ئۈچىنچى، ياخشىراق تىرىكچىلىك قىلىشىمىز ئۈچۈن ئازراق مال ئالغاچ كەلگىن، — دەپتۇ.

بالا پۇلنى ئېلىپ، ئاپىسىغا رەھمەت ئېيتىپ، ھەجگە ماڭغان جامائەت بىلەن بىللە مەككىگە قاراپ يول ئاپتۇ.

ئارىدىن بىر نەچچە كۈن ئۆتكەندىن كېيىن، مومايىنىڭ ئوغلى مەككىگە يېتىپ بېرىپتۇ. ئۇ، ھەج قىلىپ بولغاندىن كېيىن، بازارغا بېرىپ كۆڭلىدىكىدەك مال ئىزدەپتۇ. ئۇ تازا مال تاللاۋاتقاندا بىرسىنىڭ:

— كىم ھېكمەتلىك سۆز سېتىۋالىدۇ، بىر جۈملىسى مىڭ لىيار، — دەپ توۋلاۋاتقانلىقىنى ئاڭلاپ قاپتۇ.

بۇ گەپ دېھقانغا غەلىتە ئاڭلىنىپتۇ، ئۇ دەرھال ئۇنىڭ ئالدىغا كېلىپ:

— قانداق ھېكمەتلىك سۆزكەن ئـۇ؟ نېمانچىلا قىممەت؟ — دەپ سوراپتۇ.

— ئالدى بىلەن پۇل تۆلە، ئاندىن ساڭا دەپ بېرىمەن، ھاياتىڭدا ساڭا ئۇنىڭ پايدىسى تېگىدۇ، — دەپتۇ ئۇ كىشى.

دېھقان مىڭ لىيارنى چىقىرىپ بېرىپتۇ. ھېلىقى ئادەم:

— ئاللا بەتنىيەت ئادەملەرنىڭ جاجىسىنى بەرسۇن! — دەپتۇ.

دېھقان بۇ گەپلەرنى پىششىق يادقا ئېلىۋاپتۇ.

ئەتىسى ئۇ يەنە بازارغا كېلىپ بىرسىنىڭ قاتتىق ئاۋازدا:

— ھېكمەتلىك سۆز ساتىمەن، بىر جۈملىسى مىڭ لىيار، — دەپ توۋلاۋاتقانلىقىنى ئاڭلاپتۇ.

دېھقان يەنە مىڭ لىيارنى بېرىپتۇ، ئۇ ئادەم:

— سەن قايسىنى ياخشى كۆرسەڭ، شۇ چىرايلىقبولىدۇ، — دەپتۇ.

دېھقان ئۇنىمۇ ئوبدان ئېسىگە سىڭدۈۋاپتۇ.

ئۈچىنچى كۈنى دېھقان ئەڭ ئاخىرقى مىڭ لىيارنى خەجلەپ «ياخشىلىققا ئۈچرىساڭ قولدىن بەرمە» دېگەن بىر جۈملە ھېكمەتلىك سۆزنى سېتىۋاپتۇ. ھەجمۇ ئاياغلىشىپتۇ. دېھقان ھەج قىلغىلى كەلگەنلەر بىلەن قۇرۇق قول يۇرتىغا قايتىپ كەپتۇ.

ئاپىسى ئوغلىنىڭ ئالدىغا چىقىپتۇ. ئۇ، ئوغلىنىڭ ساق ـ سالامەت قايتىپ كەلگەنلىكىنى كۆرۈپ خۇشاللىقىدا كۆزىگە ئىسسىق ياش ئاپتۇ.

ئاپىسى ئوغلىنىڭ مەڭزىگە سۆيۈپ قويغاندىن كېيىن، ئوغلىغا:

— سېتىۋالغان نەرسىلىرىڭ قېنى؟ — دەپ سوراپتۇ.

— مەن ئۈچ جۈملە ھېكمەتلىك سۆز سېتىۋالدىم، ئۇنى بىلىۋالغانىڭ پايدىسى كۆپ، — دەپتۇ ئوغلى. ئاندىن ھېكمەتلىك سۆزلەرنى قانداق سېتىۋالغانلىقىنى ئاپىسىغا سۆزلەپ بېرىپتۇ.

ئاپىسى ئوغلىنىڭ گېپىنى ئاڭلاپ ھەيران قېلىپ، ئاغزىنى ئېچىپ تۇرۇپلا قاپتۇ ـ دە، بىردىنلا بىر سىقىم توپىنى ئېلىپ ئوغلىنىڭ يۈزىگە غەزەپ بىلەن چېچىپتۇ ۋە:

— ھەي دۆت، كۆڭلى قارا، مەن ئۆمۈر بويى جاپا تارتىپ يىغقان پۇلۇمنى خۇددى توپىدەك سورۇۋېتىپسەن. ھەي، قولىدىن ئىش كەلمەيدىغان لەقۋا! — دەپ تىللاشقا باشلاپتۇ.

ئاپىسىنىڭ غەزەپلىك ھاقارەتلەشلىرىدىن ئۇنىڭ كۆڭلى ئاغرىپتۇ ۋە بېشىنى ئېلىپ كېتىش قارارىغا كەپتۇ.

ئۇ دوستلىرىنىڭ ئۆيىدە بىر نەچچە كۈن تۇرۇپتۇ. كېيىن مىسىرغا بارىدىغان بىر سودىگەرنى ئۇقۇشۇپ شۇ سودا كارۋىنى بىلەن بىللە يولغا چىقىپتۇ.

ئۇ، مىسىرنىڭ پايتەختىگە بارغاندىن كېيىن، بىر مەزگىل ئىش تاپالماي، نائىلاج بىر قاقاسلىقتا كەپتۇ. ئۇ قەبرىستانلىقتا بىر ئەسكى ئۆينىڭ تۇرغانلىقىنى كۆرۈپ، دەرھال بۇ ئۆينى سۈپۈرۈپ تازىلاپ شۇ يەردە تۇرۇپتۇ، بىكارچىلىقتا قەبرىلەرنى سۈپۈرۈپ، ئىتلارنى قوغلاپ، مېيىت ئۇزاتقىلى كەلگەنلەرنى كۈتۈۋاپتۇ. ۋاقىتنىڭ ئۆتۈشى بىلەن كىشىلەر ئۇنى بۇ يەرنىڭ شەيخى ئوخشايدۇ، دەپ تونۇپ، ئۇنىڭغا ھەق تۆلەپ تۇرۇپتۇ. شۇنىڭدىن باشلاپ ئۇ ھەق يىغىدىغان بوپتۇ. بىر مېيىتنى دەپنە قىلسا، بىر لىيار ئالىدىكەن. كۈنلەر، ئايلار ئۆتكەنسېرى ئۇنىڭغا ھەق بېرىش بىر قائىدىگە ئايلىنىپ قاپتۇ.

بىر كۈنى مېيىت ئۇزاتقۇچىلارنىڭ ھەيۋەتلىك توپى كەپتۇ. كەلگەنلەرنىڭ ھەممىسى دىڭگۇدەك داڭدار كىشىلەر ئىكەن. دېھقان ئۇلاردىن ئوخشاشلا ھەق تەلەپ قىلىپتۇ، ھېلىقى كىشىلەر:

— سەن پادىشاھ بىلەن ئويناشما، ئۇزىتىلغان مېيىت ئۇنىڭ قىزى بولىدۇ، — دەپ تىللاپتۇ. دېھقان ئۇنىمای تۇرۇۋاپتۇ.

ھېلىقى كىشىلەر ئاخىرى بىر لىيار بېرىپتۇ.

پادىشاھنىڭ قىزىنى يەرلىكىدە قويۇپ قايتىپ كەلگەنلەر بۇ ئىشنى پادىشاھقا مەلۇم قىپتۇ. پادىشاھ قول ئاستىدىكىلىرىگە ھېلىقى دېھقاننى دەرھال ئېلىپ كېلىشنى بۇيرۇپتۇ.

دېھقان ھايت ـ ھۇيت دېگۈچە پادىشاھنىڭ ھوزۇرىغا كەلتۈرۈلۈپتۇ، پادىشاھ ئاچچىقلىنىپ:

— كىم ساڭا ھەق ئال دېدى؟ — دەپ سوراق قىپتۇ.

— پادىشاھ ئالىيلىرى، ئاچچىقلىرىغا هاي بەرسىلە، مېنىڭ ھەق ئېلىشىمدا ئىككى سەۋەب بار: بىرى، مەن ھالال مېھنەت قىلىمەن، ھەر كۈنى قەبرىلەرنى سۈپۈرۈپ تازىلايمەن؛ ئىككىنچى، ئالغان پۇلنى ئۆزۈم خىراجەت قىلمايمەن. مەن بۇ پۇلنى مۇشۇ قەبرىستانلىقنىڭ شەيخىگە بەرمەكچىمەن، — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ دېھقان.

پادىشاھ ئۇنىڭ گەپلىرىنى يوللۇق، دەپ قاراپتۇ ۋە قول ئاستىدىكىلەرگە، ئۇ ھەق ئالغاندىن بىرى ياسالغان قەبرىلەرنى ساناپ چىقىشنى، ئاندىن ئۇ يىغقان پۇلنى ئېنىقلاپ بېقىشنى بۇيرۇپتۇ. ئېنىقلاش جەريانىدا پۇل بىلەن قەبرىنىڭ سانى ئوخشاش چىقىپتۇ.

پادىشاھ بۇ دېھقاننىڭ پاكلىقىنى ماختاپتۇ، پادىشاھ دېھقانغا:

— قەبرىستانلىقتىكى ئىشنى باشقا بىرسى قىلسۇن. سەن مېنىڭ ئوردامدا نەۋكەر بول! — دەپتۇ.

دېھقان خۇشاللىقىدىن رازى بوپتۇ. ئۇ مۇنداق ئامەتكە ئېرىشىدىغانلىقىنى چۈشىدىمۇ ئويلاپ باقماپتىكەن.

كۈنلەر تېز ئۆتۈپتۇ. پادىشاھنىڭ ئۇنىڭغا بولغان ئىشەنچىسى بارغانسېرى ئېشىپتۇ. ئۇنىڭ ئورنىمۇ كۆتۈرۈلۈپتۇ. دېھقان ساداقەت ۋە ئاق نىيەت بولغاچقا پادىشاھ تۆت يىلدىن كېيىن، ئۇنى ئۆزى ياخشى كۆرىدىغان خانىشقا ھەمراھ بولۇپ مەككىگە ھەجگە بېرىپ كېلىشكە

بۇيرۇپتۇ.

ئۇلار يولغا چىقىپ بىر مەنزىلدىن يەنە بىر مەنزىلگە كەپتۇ. بىر كۈنى ئۇلار سۇيى، ئوتى بار بىر جايغا چېدىر تىكىپتۇ.

تۈن نىسپىدە بىرسى تۇيۇقسىز دېھقانغا خانىشنىڭ بىر كىلىپ كېتىشىنى ئېيتقانلىقىنى يەتكۈزۈپتۇ.

دېھقان دەرھال ئورنىدىن تۇرۇپ، خانىشنىڭ چېدىرىغا كىرىپتۇ. شۇ زامات ئارقىغا ئۆرۈلۈپ يېنىپ چىقىپتۇ. چۈنكى خانىش ئەمدىلا بويىنى سۇغا سېلىپ بولۇپ، ئىپپىتىنى ساقلاش ئۈچۈن، يېپىنىشقا ئۈلگۈرەلمىگەنىكەن. خانىش ئۇنى تونۇپ، چاقىرتىپتۇ - دە، ئۇنىڭغا:

— يىگىت، خېلى ۋاقىتلاردىن بېرى قابىلىيىتىڭگە ۋە ئۆزۈڭنى تەمكىن تۇتۇشۇڭغا خۇشتار بولۇپ يۈرەتتىم. بۈگۈن ئارزۇيۇم ئەمەلگە ئاشىدىغان بولدى، — دەپتۇ.

دېھقان بۇ گەپلەرنى ئاڭلاپ ھەيران بولۇپ، گەپ قىلالماي قاپتۇ. ئۇ: «ئاللا بەتنىيەت ئادەملەرنىڭ جاجىسىنى بەرسۇن» دېگەن ھېكمەتلىك سۆزنى ئەسلەپ، كۆڭلىدە ئۇنداق ئىشنى قەتئىي قىلماسلىق قارارىغا كەپتۇ. ئۇ، خانىشقا:

— ھۆرمەتلىك خوجايىن، سىز ئالىيجاناب خانىش. مەن بولسام بىر چاكار، بىزنىڭ ئوتتۇرىمىزدا ئاسمان - زېمىن پەرق بار! يەنە پادىشاھ ئالىيلىرى ماڭا ئىشىنىپ، سىزنى قوغداش ۋەزىپىسىنى ماڭا تاپشۇرغان تۇرسا، مەن قانداقمۇ ئۇنىڭغا يۈز كېلەلمەيدىغان ئىشنى قىلىمەن؛ مۇھىمى، مەن مىڭ لىيارغا سېتىۋالغان «ئاللا بەتنىيەت ئادەملەرنىڭ جاجىسىنى بەرسۇن» دېگەن بىر جۈملە ھېكمەتلىك سۆزگە ھۆرمەت قىلىمەن. شۇڭ ۋەجىدىن، مەن سىزنىڭ تەلىپىڭىزنى قاندۇرالمايمەن، — دەپتۇ.

— سېنىڭ كۆرسەتكەن سەۋەبلىرىڭ ئاقمايدۇ، چۈنكى پادىشاھنىڭ بىلىپ قېلىشى مۇمكىن ئەمەس، ئىككىمىزلا بىلسەك

بولىدۇ، سەن مىلىڭ لىيار تۆلەپ بىر ھېكمەتلىك سۆز سېتىۋالغان بولساڭ، مەن ساڭا ئۇنىڭدىن نەچچە ھەسسە، ھەتتا ئون نەچچە ھەسسە ئاشۇرۇپ پۇل تۆلەپ بېرەي، — دەپتۇ خانىش.

دېھقان زادى ئۇنىماي شۇنداق دەپتۇ:

— خانىش، مۇشۇنىڭدىن باشقا، قانداقلىكى تەلىپىڭىز بولسا، مەن ئورۇنداشقا رازى. لېكىن، بۇ تەلەپكە مەن كۆنمەيمەن، بۇ يولدا ئۆلسەممۇ مەيلى! — دەپتۇ.

خانىش دېھقاننىڭ چىڭ تۇرۇۋالغانلىقىنى كۆرۈپ:

— بولدى چىقىپ كەت! سەن بۇ ئىشنى ھېچكىمگە تىنغۇچى بولما، ئىككىمىزلا بىلەيلى، — دەپ تاپىلاپتۇ.

خاتىرجەم بولۇڭ، خۇددى ھېچ ئىش بولمىغاندەك مەخپىي ساقلايمەن، — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ دېھقان.

لېكىن، خانىش بۇنىڭدىن تازا خاتىرجەم بولالماپتۇ. ئۇ، دېھقاننىڭ گەپ تارقىتىۋېتىشىدىن ئەنسىرەپ، ئۇنى كۆزدىن يوقاتماقچى بوپتۇ. خانىش بىر قانچە ئۇسۇللارنى ئويلاپ بىر قارارغا كېلەلمەپتۇ. ئاخىرى ئۇ بىر زەھەرلىك توزاق قۇرۇپتۇ ۋە بىر نەچچە چاكارلىرىنى چاقىرىپ كېلىپ ئۇلارغا:

— قۇدۇق بار جايغا كەلگەندە قونايلى، مەن سىلەرنى سۇ تارتىپ كېلىشكە بۇيرۇيمەن، سىلەر ئۇ چاغدا. . . — دەپتۇ ۋە دېھقاننى ئۇجۇقتۇرۇۋېتىشنىڭ ئۇسۇل ـ چارىسىنى چاكارلارغا ئېيتىپ بېرىپتۇ.

بىر كۈنى ئۇلار قۇدۇق بار جايغا كېلىپ قونماقچى بوپتۇ. خانىش بىر نەچچە چاكىرىغا:

— سۇ ئەكىلىڭلار! — دەپتۇ.

ھېلىقى چاكارلار بىز قورقىمىز دەپتۇ. شۇنداق قىلىپ قالغانلىرىمۇ قورقىمىز دېيىشىپتۇ. خانىش دېھقانغا قاراپ:

— قارىغاندا بۇ ئىشنى سەن قىلمىساڭ بولمايدىغان ئوخشايدۇ، — دەپتۇ.

دېهقان شۇ هامان ماقۇل كەپتۇ. ئۇ يەڭلىرىنى تۈرۈپ، قۇدۇققا ئاستا چۈشۈشكە باشلاپتۇ.

ئۇ، قۇدۇققا خېلى چوڭقۇر چۈشۈپتۇ. لېكىن، سۇ بارجايىغا يېتىپ بارالماپتۇ. تۇيۇقسىز قاراڭغۇلۇقتا تۇرغان بىر ئالۋاستىنى كۆرۈپ قاپتۇ. ئۇنىڭ ئالدىدا ئىككى قىز تۇرغۇدەك. بىرى ناهايىتى گۈزەل بولۇپ، خۇددى تولۇن ئايغىلا ئوخشايدىكەن، يەنە بىرى ناهايىتى سەت بولۇپ، خۇددى جىنغىلا ئوخشايدىكەن. ئالۋاستى ئىككى قىزنى كۆرسىتىپ تۇرۇپ دېهقاندىن:

— بۇ ئىككى قىزدىن قايسىسى چىرايلىق؟ — دەپ سوراپتۇ.

ئالۋاستى ئۇنىڭ جاۋاب بېرىشىنى كۈتۈپ تۇرۇپتۇ.

دېهقان باشتا نېمە دېيىشىنى بىلمەي قاپتۇ: «ئالۋاستىنىڭ ئۆزى سەت، ئاۋۇ قىزمۇ سەت ئىكەن. سەت ـ سەتنىڭ قاياشى بولالايدۇ. هەممە نەرسە ئۆز خېلى بىلەن ئەمەسمۇ، — ئويلاپ شۇ يەرگە كەلگەندە، — مۇبادا ئالۋاستى بۇ چىرايلىق قىزنى ياخشى كۆرىدىغان بولۇپ قالسا، مېنىڭ جاۋابىم ئۇنىڭ كۈتكەن يېرىدىن چىقماي قالىدۇ، ئۇنداقتا ئۇنىڭ ماڭا زىيانكەشلىك قىلىشى تۇرغان گەپ، شۇڭا زىخمۇ كۆيمەيدىغان، كاۋاپمۇ كۆيمەيدىغانراق مەزمۇندا گەپ قىلغىنىم تۈزۈكتەك تۇرىدۇ» دېگەن ئوي كۆڭلىدىن لىپپىدە كېچىپتۇ. بۇ چاغدا تۇيۇقسىز ئۇنىڭ كاللىسىغا مىڭ لىيارغا سېتىۋالغان يەنە بىر هېكمەتلىك سۆز كەپتۇ ـ دە، شۇ هامان ئالۋاستىغا:

— سەن قايسىسىنى ياخشى كۆرسەڭ، شۇ چىرايلىق، — دەپتۇ.

ئالۋاستى دېهقاننىڭ گېپىنى ئاڭلاپ قاقاقلاپ كۈلۈپ كېتىپ،



www.uyghurkitap.com

شۇنداق دەپتۇ:

— سىنىڭ جاۋابىڭ جىنىڭنى ساقلاپ قالدى. ئەگەر سەن سەتنى چىرايلىق دىگەن بولساڭ مىنى ئالدىغان بولاتتىڭ - دە، كاللاڭ كىتەتتى، مۇبادا سەن بۇ چىرايلىق قىزنى چىرايلىق دىگەن بولساڭ يەنىلا سىنىڭ جىنىڭنى ئالاتتىم، چۈنكى مەن سەت قىزنى ياخشى كۆرىمەن. بولدى ماڭ، ھەمراھلىرىڭغا سۇ ئەپچىقىپ بەر!

دىھقان سۇ ئىلىپ يۇقىرىغا چىققاندا، قالغانلار بۇنىڭدىن ھەيران بوپتۇ. چۈنكى ئۇلار قۇدۇققا بۇرۇن چۈشكەنلەرنىڭ بىرىنىڭمۇ تىرىك چىقمىغانلىقىنى ئاڭلىغانىكەن. خانىشنىڭ بىرىنچى سۇيىقەستى ئەنە شۇنداق مەغلۇپ بوپتۇ. دىھقانىنىڭ ئامان قالغانلىقىدىن خانىشنىڭ كۆڭلى تىنماي ئىككىنچى سۇيىقەستىنى كۆڭلىگە پۈكۈپتۇ. لىكىن، ھەج - تاۋاپ قىلىدىغان جايغا بىرىشقا ئاز قالغاچقا، ۋاقتىنچە بۇنى قويۇپ تۇرۇپ، ھەجدىن قايتقاندا ئاندىن دىھقانغا سۇيىقەست قىلماقچى بوپتۇ.

ئۇلار مەككىگە يىتىپ بارغاندىن كىيىن، ھەج تاۋاپ ئىشلىرىنى ناھايىتى تىزلا ئاياغلاشتۇرۇپ قايتىپتۇ. خانىش يول بويى دىھقانغا سۇيىقەست قىلىشنى ئويلاپ مىڭىپتۇ. ئۇ، شەھەردىن خىلى يىراقلىغاندىن كىيىن، كۆڭلىگە شۇنداق بىر شۇملۇق كىچىپتۇ. خانىش پادىشاھقا مەكتۇپ يىزىپتۇ، مەكتۇپتە: «مەكتۇپ ئىلىپ بارغان ئادەمنىڭ نىيىتى قارا، ئۇنىڭ كاللىسى ئىلىنسۇن، بارغاندىن كىيىن تەپسىلىي ئەھۋالنى ئۆزلىرىگە مەلۇم قىلىمەن» دەپ يىزىپتۇ. ئاندىن كىيىن دىھقاننى ئالدىغا چاقىرىپ ئۇنىڭغا:

— مەن پادىشاھقا ئۆزۈمنىڭ پايتەختىگە پات ئارىدا يىتىپ بارىدىغانلىقىم ھەققىدە مەكتۇپ يازغانىدىم، مەن پەقەت سىنىلا بۇ خۇش خەۋەرنى پادىشاھقا يەتكۈزۈپ بىرىشكە لايىق تاپتىم، — دەپتۇ.

ئۇ، گىپىنى تۈگىتىپ پىچەتلەنگەن ھىلىقى خەتنى دىھقانغا

بېرىپتۇ. دېھقان خەتنى ئېلىپ ناھايىتى تېزلىك بىلەن پايتەختكە قاراپ يۈرۈپ كېتىپتۇ. ئۇ ھېرىپ - چارچىغانلىقىغا، قورسىقىنىڭ ئاچقانلىقىغا قارىماي يول يۈرۈپتۇ. قارىغۇدەك بولسا، يول بويىدا بىر يېزا كۆرۈنۈپتۇ. ئۇ بىر ئاز ھاردۇق ئېلىۋېلىش ۋە قورسىقىنى چىڭدىۋېلىشنى ئويلاپ يېزىغا كىرىپتۇ. بۇ يېزىدا بىر جۈپ ياشنىڭ توي مۇراسىمى ئۆتكۈزۈلۈۋاتقانىكەن، نازۇنېمەتلەر داستىخانلاردا تىزىپ قويۇلغانىكەن، بۇ يېزىدىكى خەقلەر ناھايىتى ئاق كۆڭۈل، مېھماندوست بولغاچقا، دېھقاننى ناھايىتى قىزغىن قارشى ئاپتۇ ۋە ئۇنىڭ بۇ توي مەرىكىگە قاتنىشىپ بېرىشىنى، نازۇنېمەتلەرگە ئېغىز تېگىشىنى ئۆتۈنۈپتۇ. دېھقان كۆپچىلىكنىڭ ياخشى نىيىتىگە تەشەككۈر بىلدۈرۈپتۇ ۋە:

— مەن ناھايىتى مۇھىم ئىش بىلەن كېتىۋاتاتتىم، بۇ خەتنى پادىشاھ ئالىيلىرىغا ۋاقتىدا يەتكۈزۈپ بېرىشىم كېرەك. كېچىكتۈرۈشكە بولمايدۇ، — دەپ تەۋەززۇ بىلەن ئۆزرە ئېيتىپتۇ.

— بۇ ئانچىكىم ئىشكەنغۇ، بولدى، بىز بىر قاۋۇل يىگىتنى بەلگىلەيلى، ئۇ سىزنىڭ ئورنىڭىزدا مەكتۇپنى پادىشاھقا يەتكۈزۈپ بەرسۇن، ئۇ چوقۇم سەندىن تېزراق يەتكۈزۈپ بېرىدۇ، — دەپتۇ يېزىدىكىلەر.

كۆپچىلىكنىڭ تەكلىپىدىن باش تارتىش دېھقانغا تەس كەپتۇ. بۇ چاغدا دېھقان ئەڭ ئاخىرى سېتىۋالغان «ياخشىلىققا ئۇچرىساڭ قولدىن بەرمە» دېگەن ھېكمەتلىك سۆزنى ئېسىگە ئاپتۇ. ئۇ، ئاخىرى مەكتۇپنى ئۆز ئورنىدا باشقا بىرسىنىڭ يەتكۈزۈپ بېرىشىگە ماقۇل كەپتۇ. دېھقان يېزىدا بىر كېچە قونۇپ يەنە يولغا راۋان بوپتۇ. پادىشاھ مەكتۇپ ئېلىپ كەلگەن ئادەمنىڭ كاللىسىنى دەرھال ئاپتۇ. شۇنداق قىلىپ، دېھقان يەنە بىر قېتىم خانىشنىڭ زىيانكەشلىكىدىن قۇتۇلۇپ قاپتۇ.

خانىش ئوردىغا قايتىپ كەپتۇ، پادىشاھ ۋە ۋەزىر- ۋۇزرالار قىزغىن قارشى ئاپتۇ. ھېلىقى دېھقانمۇ قارشى ئالغانلار قاتارىدا بار ئىكەن. خانىش بۇنىڭدىن ھەيران بوپتۇ. ئۇ، دېھقان مەكتۇپنى ئوغرىلىقچە كۆرۈپ يىرتىۋېتىپ، باشقا مەكتۇپ يېزىپ ئېلىپ بارغان ئوخشايدۇ، دەپ گۇمانلىنىپتۇ.

قارشى ئېلىش ئاياغلاشقاندىن كېيىن، خانىش بىلەن پادىشاھ ئايرىم بىر ئۆيگە كىرىپتۇ، خانىش ھېلىقى مەكتۇپنى سورىغاندا پادىشاھ:

— مەكتۇپنى تاپشۇرۇۋېلىپ، ئېلىپ كەلگەن ئادەمنى ئۆلتۈردۇم. مەن بولغان ئىشنىڭ تەپسىلاتىنى سۆزلەپ بېرىشىڭنى كۈتۈپ تۇراتتىم! — دەپتۇ.

— بۇ ئىشنىڭ ئاساسىي جىنايەتكارى ھېلىقى دېھقان ئىدى! ئۇ يەنىلا تىرىك يۈرۈيدىغۇ؟ — دەپتۇ خانىش پادىشاھنىڭ سۆزىنى ئاڭلاپ بولۇپ.

— مەكتۇپنى ئۇ دېھقان ئېلىپ كەلمىدى، مەن سېنىڭ مەكتۇپتە يازغان تەلىپىڭ بويىچە كەلگەن ئادەمنىڭ كاللىسىنى شۇ ھامان ئالدىم، — دەپتۇ پادىشاھ.

— بۇ قانداق ئىش، مېنىڭمۇ كاللام ئايلىنىپ قالدى. مەن ھازىر ئۆزلىرىدىن ئاشۇ دېھقاننىڭ كاللىسىنى تېنىدىن جۇدا قىلىشلىرىنى ئۆتۈنىمەن. ئۇ ماڭا كۆڭلى قارىلىق قىلغان، — دەپتۇ خانىش.

پادىشاھ خوتۇنىنىڭ تەلىپىگە قوشۇلۇپتۇ. لېكىن كۆڭلىدە: «مەن ئۇنى يۈزمۇ - يۈز تۇرۇپ سوراق قىلىپ بېقىپ ئاندىن ئۆلتۈرمەيمەنمۇ؟» دەپ ئويلاپ، بىر ئۆيگە كىرىپتۇ - دە، دېھقاننى چاقىرىپ كېلىشكە بۇيرۇق چۈشۈرۈپتۇ.

دېھقان بىرەر چاتاق چىققىنىنى خەۋپسىرەپ، دەككە - دۈككە

ئىچىدە پادىشاھنىڭ ئالدىغا كىرىپتۇ.

ـــ سىنى مۇھىم ئىشقا قويسام، ماڭا شۇنچىلىق قارا يۈزلۈك قىلامسەن؟ ـــ دەپ سوراپتۇ پادىشاھ ئاچچىقىدىن ئۆزىنى ئارانلا بېسىپ.

ـــ پادىشاھ ئالىيلىرى، مەن سىلىگە سەممىي- سادىق بولۇپ كەلدىم. كۈچۈمنى ئايىماي سىلىگە خىزمەت قىلدىم. سىلىنىڭ مېھرىبانلىقلىرى ھەر قاچان مېنى تەسىرلەندۈرىدۇ، ـــ دەپ جاۋاب بېرىپتۇ دېھقان.

ـــ خوتۇنۇمنىڭ دېيىشىچە، سەن ئۇنىڭغا ھۆرمەتسىزلىك قىلىپ، ئۇنىڭ قاتتىق قارشىلىقىغا ئۇچراپسەن، شۇنداق قىلىپ، سەن مەقسىتىڭگە يېتەلمەپسەن؟ ـــ دەپتۇ پادىشاھ.

ـــ پادىشاھ ئالىيلىرى، پېقىرنىڭ سۆزلىشىگە ئىجازەت بەرسىلە، ئىشنى ئېنىقلاپ بولغاندىن كېيىن، قانداق جازا بەرسىلە ئۆز ئىختىيارلىرى! ـــ دەپتۇ دېھقان.

ـــ قېنى سۆزلە! ـــ دەپتۇ پادىشاھ.

دېھقان ئۈچ جۈملە ھېكمەتلىك سۆزنى سېتىۋالغاندىن باشلاپ خانىشنىڭ قائىدە- يوسۇننى بۇزغانلىقى، ئۆزىنى ئۆلتۈرۈش ئۈچۈن قانداق سۇيىقەست قىلغانلىقىنى، سېتىۋالغان ئۈچ جۈملە ھېكمەتلىك سۆز ئۆزىنى قانداق قۇتۇلدۇرۇپ قالغانلىقىنى باشتىن- ئاخىر سۆزلەپ بېرىپتۇ. پادىشاھ دېھقاننىڭ سۆزلىگەنلىرىنى زەن قويۇپ ئاڭلاپتۇ ۋە دېھقانغا:

ـــ سەن ئۆز سۆزۈڭنىڭ توغرىلىقىنى، خوتۇنۇمنىڭ تۆھمەت قىلغانلىقىنى قانداق ئىسپاتلايسەن؟ ـــ دەپتۇ.

ـــ بۇ ئاسان. ئۆزلىرى سىلىگە سادىق بىرسىنى خانىشنىڭ مېھمانخانىسىدىكى بىر ساندۇققا يوشۇرۇپ قويسىلا. ئاندىن مەن خانىشنى ئىزدەپ كىرىپ، ئۇنىڭ نېمىشقا ماڭا زىيانكەشلىك قىلماقچى

بولغانلىقىنى سورايمەن. شۇ چاغدا ئىشەنچلىك ئادەملىرى ئۇنىڭ بەرگەن جاۋابىنى ئاڭلايدۇ، — دەپتۇ دېھقان.

پادىشاھ شۇنداق قىلىشقا قوشۇلۇپتۇ ۋە ئۆزى يوشۇرۇنۇپ تۇرۇپ ئاڭلاپ باقماقچى بوپتۇ.

پادىشاھ مېھمانخانىغا يوشۇرۇنۇپ بولغاندىن كېيىن، دېھقان خانىش بىلەن كۆرۈشۈشنى تەلەپ قىپتۇ. خانىش دەرھال مېھمانخانىغا كىرىپ ئولتۇرۇپتۇ. دېھقان كىرگەندىن كېيىن، خانىشتىن ئەدەب بىلەن ئامان - ئېسەنلىك سوراپتۇ. ئاندىن كېيىن خانىشقا:

ھۆرمەتلىك خانىش، مەن پادىشاھ ۋە سىلىگە سادىقلىق بىلەن خىزمەت قىلىپ كېلىۋاتىمەن. سىز ئىككى نۆۋەت مېنى ئۆلتۈرمەكچى بولدىڭىز. مەن سېتىۋالغان ھېكمەتلىك سۆزلەرنىڭ خاسىيىتى بىلەن بەختىمگە يارىشا ئامان قالدىم. مەن سىزنىڭ ئۈچىنچى قېتىم زىيانكەشلىك قىلىشىڭىزدىن قورقۇۋاتىمەن. مەن سىزدىن كەڭچىلىك قىلىشىڭىزنى تىلەپ كەلدىم. سىز نېمە قىل دېسىڭىز شۇنى قىلىمەن، — دەپتۇ.

ئالدىنقى ئىككى قېتىم سېنى قەستلەش مېنىڭدىن بولغان. چۈنكى، سەن مېنىڭ دېگىنىمگە ئۇنىمىدىڭ. مەن سېنىڭ مەخپىيەتلىكنى ئاشكارىلاپ قويۇشۇڭدىن قورقىمەن. ئەگەرچەندە جېنىم ساق قالسۇن دېسەڭ دەرھال بۇ يەردىن يىراق بىر جايغا كەت. ئۇنىڭدىن باشقا ئۆزگىچە چارە يوق، — دەپتۇ خانىش.

ئىككىسىنىڭ سۆزىنى ساندۇقتا يوشۇرۇنۇۋالغان پادىشاھ ناھايىتى ئېنىق ئاڭلاپتۇ. ئۇنىڭ دېھقانغا بولغان ئىشەنچىسى تېخىمۇ ئېشىپتۇ.

كېيىن دېھقان ئورددىن چىقىپ كەتمەكچى بوپتۇ. ئۇ ھەر قانچە يېلىنسىمۇ پادىشاھ قويۇپ بەرمەپتۇ. دېھقان ئىلاجسىزلىقتىن يالغان ساراڭ بولۇۋېلىپ قالايمىقان سۆزلەپتۇ. بازارغا بېرىپ

پۇلىنى بۇزۇپ ـ چېچىپ خەجلەپتۇ. پادىشاھ ۋە ۋەزىرلەرنىڭ ھەممىسى ئۇ، راستىنىلا ساراڭ بولۇپ قاپتۇ، دېگەن يەرگە كېلىپ، ئۇنى ئوردىدىن چىقىرىۋېتىپتۇ. شۇنداق قىلىپ، دېھقان ئاخىر قارانىيەت خانىشنىڭ زىيانكەشلىك قىلىشىدىن قۇتۇلۇپ قاپتۇ.

بۇ دېھقاننىڭ ئىسمى ئەخمەت بولۇپ، كىشىلەر ھازىرغىچە ئۇنىڭغا چوقۇنىدىكەن. قەبرىسى ئالدىدا دائىم ئۇنىڭغا ئاتاپ نەزىر ـ چىراغ ئۆتكۈزۈپ تۇرىدىكەن.

www.uyghurkitap.com

# ئىخلاسمەن ھەسەن

(پەلەستىن)

بۇرۇنقى زاماندا بىر باي سودىگەر ئۆتكەن بولۇپ، ئۇنىڭ ھەسەن ئىسىملىك ئوغلى بار ئىكەن. ئۇنىڭ چىرايلىقلىقىدىن ئايمۇ خىجىل بولىدىكەن.

كۈنلەرنىڭ بىرىدە بۇ سودىگەر تۇيۇقسىز ئالەمدىن ئۆتۈپ، ئۆيدە پەقەت ئاپىسى بىلەن ھەسەنلا قاپتۇ. بۇ سودىگەر خوتۇنى بىلەن ئوغلىغا نۇرغۇن ئالتۇن قالدۇرۇپ كەتكەنىكەن. لېكىن، نۇرغۇن ھېساباتچى ۋە ئالدامچىلار، ئۇنىڭ ئۆيىگە كېلىپ پوپوزا قىلىپ ئالتۇنلارنى تارتىۋاپتۇ. ھەسەن ئاق كۆڭۈل كىشلەرگە چىن مۇئامىلە قىلىدىغان يىگىت ئىكەن. ئىشقىلىپ، كىمدە - كىم قەرزدار بولۇپ قالسا، قىلچە ئىككىلەنمەي تۇرماي پۇل بېرىپ تۇرىدىكەن. كۈنلەرنىڭ ئۆتۈشى بىلەن ئۇلارنىڭ نان سېتىۋالغۇدەكمۇ پۇلى قالماپتۇ. پەقەت بىر سېغىن كالىسىلا قاپتۇ. قازان قاينىتىش ئۈچۈن ھەر كۈنى سۈتنى بازارغا ئاپىرىپ سېتىپ ئۇنىڭ پۇلىغا يەيدىغان نەرسە سېتىۋېلىپ كېلىدىكەن. بىر كۈنى تۇيۇقسىز ئىشىك قېقىلىپتۇ. بۇنى ئاڭلىغان ھەسەن چىقىپ قارىسا چاچلىرى ياخپىيىپ، كىيىملىرى مەينەتلىشىپ كەتكەن ئىككى تىلەمچى تۇرغۇدەك. ئۇلاردىن بىرى ھەسەنگە:

— بىز ئۇزۇن يول يۈرگەچكە ھېرىپ قورساقلىرىمىز ئېچىپ كەتتى. شۇڭا سىنى بىرەر ۋاخلىق تاماق بېرەرمىكىن دەپ كەلدۇق، — دەپتۇ.

ھەسەن دەرھال ئۇلارنى ئۆيگە تەكلىپ قىلىپتۇ. ئۆيدە گۆش بولمىغاچقا ھەسەن سىغىن كالىسىنى ئۆلتۈرۈپتۇ. ئاندىن ئاپىسىدىن نان ئەپچىقىشىنى سوراپتۇ. ئاپىسى پەس ئاۋازدا ئۇنىڭغا:

— ئۆيدە نان يوق، سەندە پۇل بارمۇ؟ — دەپتۇ.

— مەندە پۇل يوق، ئەمىسە مۇنداق قىلايلى، سىز بۇ ياقتىكى قولۇم - قوشنىلاردىن بىر ئاز نان تىلەپ كېلىڭ، مەن ئۇ ياقتىكى قولۇم - قوشنىلاردىن نان تىلەپ كېلەي، خۇدايىم بۇيرۇسا مېھمانلارغا يەتكۈدەك نانىنىڭ ئېپىنى قىلغىلى بولار، — دەپتۇ ھەسەن.

ئانا - بالا ئىككىيلەن شۇنداق دېيىشىپتۇ - دە، ئۆيدىن چىقىپ نان تىلەشكە باشلاپتۇ. ئىككىيلەننىڭ گېپىنى بىر تىلەمچى ئاڭلاپ قاپتۇ. ئۇ غىپپىدە قىلىپ ئۆيدىن چىقىپ ناۋايدىن بىر نەچچە نان ئېلىپ ھەسەننىڭ ئۆيىگە قايتىپ كەپتۇ.

بىر ئازدىن كېيىن، ھەسەن قۇرۇق قول ئۆيگە يېنىپ كەپتۇ. ئۇنىڭ ئاپىسىمۇ بىرەر نانىنىڭ ئېپىنى قىلالماي قۇرۇق قول ئۆيگە قايتىپ كەپتۇ. ئۇلار ئۆيدە نانلارنىڭ تۇرغىنىنى كۆرۈپ ئانا - بالا ئىككىيلەن بىرى بىرىنى ئېلىپ كىرگەن ئوخشايدۇ، دەپ ئويلاپ قاپتۇ - دە، ناننى كىمدىن ئەكەلگەنلىكىنى سۈرۈشتۈرۈپمۇ ئولتۇرماپتۇ. ئۇلار قوشنىلىرىنىڭ سېخىلىقلىرىغا ئىچىدە رەھمەت ئېيتىپتۇ.

ھەسەننىڭ ئاپىسى گۆشنى پىشۇرۇپتۇ. ئىككى تىلەمچى ئولتۇرۇپ تويغىچە يەپتۇ. يەنە جىق گۆش ئېشىپ قاپتۇ. ھەسەن ئېشىپ قالغان گۆشلەرنى باشقا كەمبەغەللەرگە ئۈلەشتۈرۈپ بېرىشنى ئېيتىپتۇ.

تىلەمچىلەرنىڭ بىرى ھەسەنلەرنىڭ كۈنى قىيىن ئەھۋالدا بولسىمۇ، ئىنتايىن مەردلىك بىلەن باشقا ئاجىزلارغا ياردەم

قىلغانلىقىنى كۆرۈپ ئۇنى ئىنتايىن ياقتۇرۇپ قاپتۇ. بۇ تىلەمچىلەرنىڭ بىرى پادىشاھ ئىكەن. يەنە بىرى ۋەزىر ئىكەن. ۋەزىر ھەسەنگە قاتتىق ئۆچ بولۇپ قاپتۇ. چۈنكى ئۇ، پادىشاھنىڭ ھەسەننى ياقتۇرۇپ قالغانلىقىنى سېزىپ قاپتۇ. ۋەزىر ھەسەننىڭ پادىشاھقا يېقىنلىشىپ كېتىشىدىن تولىمۇ ھەسەتخورلۇقى كەپتۇ.

ئىككى تىلەمچى ئورۇنلىرىدىن تۇرۇپ كەتمەكچى بوپتۇ. ھېلىقى تىلەمچىلەردەك ياسىنىۋالغان پادىشاھ قەغەزگە چۈشىنىش قىيىن بولغان بىرنەچچە جۈملە ئايەت يېزىپ ھەسەنگە بېرىپتۇ ۋە:

— بۇ خەتنى پادىشاھقا بەرگىن، سەن جۈمەگىچە ساقلاپ، پادىشاھ ناماز ئۆتەپ بولۇپ، مەسچىتتىن چىققاندا ئۇنىڭ قولىغا بەرگىن، مۇندىن كېيىن، سەن نېمە ئىبلىشنى خالىساڭ، بۇ ئايەت ساڭا شۇنى بېرىدۇ، — دەپتۇ. ئۇلار شۇ گەپتىن كېيىن، خوشلىشىپ كېتىپتۇ. ھەسەن ئۇلارنى ئىشىككىچە ئۇزىتىپ چىقىپتۇ.

جۈمە كۈنى ھەسەن ئايەت يېزىلغان ھېلىقى قەغەزنى ئېلىپ مەسچىتكە كەپتۇ. ئۇ، مەسچىتكە كەلگەن چاغدا پادىشاھ تىلاۋەت قىلىۋاتقانىكەن. ھەسەن پادىشاھنىڭ ئۆتكەندە ئۆزىنىڭ ئۆيىگە بارغان تىلەمچى ئىكەنلىكىنى تونۇماپتۇ. ھەسەن پادىشاھنىڭ دۆلەتنىڭ روناق تېپىشى، زىرائەتلەرنىڭ مول ھوسۇل بېرىشى، سودىنىڭ جانلىنىشى، پۇقرالارنىڭ ساغلام بولۇپ، ئۇزۇن ئۆمۈر كۆرۈشى، مال- چارۋىلارنىڭ ئاينىشى ۋە يۇرتنىڭ تىنچلىق - ئامانلىقى ئۈچۈن خۇداغا ئىلتىجا قىلىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ: «پادىشاھ بىزنى دەپ خۇداغا ئىلتىجا قىلىۋاتىدۇ. مەن ئۇنىڭغا دەخلى - تەرۇز قىلماسلىقىم لازىم. ئۇنداقتا مەن خۇدادىن يۈز دىنار ئاتا قىلىشىنى تىلىسەم نومۇسلۇق ئىش بولماس؟ پادىشاھ خۇداغا ئىشەنگەن يەردە مەن نېمىشقا خۇدادىن يۈز دىنار بېرىشىنى تەلەپ قىلمايدىكەنمەن؟ شۇڭا مەن چوقۇم خۇدادىن تۇرمۇشۇمغا كېرەك قىلىدىغانغا يۈز دىنار

تەلەپ قىلسام بولىدىكەن. مەن پادىشاھقا دەخلى قىلماي بۇ يەردىن كېتەي، ئۇ تېخىمۇ چوڭ ئىشلار ھەققىدە باش قاتۇرسۇن» دەپ ئويلاپتۇ.

ھەسەن مەسچىتتىن ئۆيىگە كېلىپ خۇدادىن تىلەپتۇ. ئۇ، خەتنى پادىشاھقىمۇ بەرمەپتۇ. شۇ كۈنى ھەسەننىڭ ئاپىسى ئۇنىڭغا:

— ھەسەن گۆش قالمىدى، نانمۇ تۈگەپتۇ. ئۆيىمىزنى سېتىۋېتىپ، ئاددىي بىر ئۆي سېلىپ ئولتۇرايلى. شۇنداق قىلساق، خىراجەت قىلغۇدەك بىر ئاز دەسمايىگە ئېرىشەلەيمىز، — دەپتۇ.

ھەسەن ئاپىسىنىڭ گېپىگە قوشۇلۇپتۇ. ئۇلار دەرھال ئۆيىنى سېتىۋېتىپتۇ. ئاندىن ھەسەن بىر نەچچە كونا ساندۇق، بورا ۋە تاش تېپىپ كېلىپ ئۆي سېلىشقا باشلاپتۇ. ئۇلىنى كولاۋاتقاندا كەتمىنى بىر تۆمۈرگە تەگكەندەك بوپتۇ. ھەسەن بۇنىڭغا كارى بولماي ئاددىيلا كەپە ساپتۇ. ئۇ، ئۆيدىكى ئەخلەت ـ چاۋالارنى تازىلاۋېتىپ، ھېلىقى كەتمىنى تەگكەن نەرسىنىڭ ئەسلىدە بىر تۆمۈر ئىشىك ئىكەنلىكىنى بايقاپ قاپتۇ. ئۇ ئىشىكنى ئېچىپ قارىسا، پەلەمپەي كۆرۈنۈپتۇ، پەلەمپەي بىلەن تۆۋەنگە چۈشۈپ بىر ئۆيگە كىرىپتۇ. ئۆيدە يەتتە ئىدىشتا لىق تىللا بار ئىكەن.

ھەسەن تىللادىن ئېلىپ: «خۇدايىم مېنىڭ تىلىكىمنى ئىجاۋەت قىپتۇ» دەپ ئويلاپتۇ. ئۇ پەلەمپەي بىلەن قايتىپ چىقىپ ئىشىكنى تاقاپ، توپا بىلەن ئوبدان كۆمۈپ قويۇپتۇ. ئۇ ئادەم ياللاپ ئۆز كەپىسىنىڭ ئەتراپىغا چىرايلىق ئۆيلەرنى سالدۇرۇپتۇ. ھېچقانداق ئادەمنىڭ ئۆز كەپىسىگە كىرىشىگە ۋە ئۇنى بۇزۇۋېتىشىگە يول قويماپتۇ.

يېڭى ئۆيلەر پۈتكەندىن كېيىن، ھەسەن ئاپىسى بىلەن كۆچۈپ كىرىپتۇ. شۇنىڭدىن باشلاپ ئۇلار قايتىدىن باياشاد تۇرمۇش

كەچۈرۈشكە باشلاپتۇ. كېيىنچە ئۇ نۇرغۇن تىللا خەجلەپ، بىر نەچچە باغ - ۋاران، كۆل، مېۋىلىك باغ ۋە بالىخانىلىق كاتتا ئۆيلەرنى سالدۇرۇپتۇ. بۇ چاغدا ئۇنىڭ يېڭى ئۆيلىرى پادشاھنىڭ ئوردىسىدىن چىرايلىق بولۇپ كېتىپتۇ.

ئەمدى پادشاھقا كېلەيلى. ھەسەن ھېلىقى خەتنى مەسچىتكە ئېلىپ كەلمىگەندىن كېيىن، ئۇ مەسچىتتىن قايتىپ كېلىپ كۆڭلى ناھايىتى يېرىم بوپتۇ. بىر كۈنى پادشاھ ۋەزىرىنى چاقىرىپ كىرىپ، يەنە پاخماقباش، پاسكىنا چىراي تىلەمچى سىياقىدا ياسىنىپ ھەسەننىڭ ئۆيىگە كەپتۇ. ئۇلار ھەسەننىڭ ئۆز ئۆيىنى باشقا بىرسىگە سېتىۋەتكەنلىكىدىن خەۋەردار بوپتۇ. پادشاھ ئەمدى ھەسەننى تاپالمايدىغان ئوخشايمەن، دەپ ئويلاپتۇ. ئۇلارنىڭ كۆزى توساتتىن ئاجايىپ چىرايلىق سېلىنغان ئۆيلەرگە چۈشۈپتۇ. ئۇلارنىڭ ئېسىدە قېلىشىچە، بۇرۇن بۇ يەردە مۇنداق چىرايلىق ئۆيلەر، باغ - ۋاران ۋە كۆل دېگەن نەرسىلەر يوق ئىكەن. پادشاھ ھەيران بولۇپ ۋەزىرىگە:

— ماڭ بېرىپ كىمنىڭ ئۆيى ئىكەنلىكىنى سوراپ باقايلى. ئۆي ئىگىسىنىڭ مەردلىكىنى سىناپ كۆرەيلى، — دەپتۇ ۋە بېرىپ ئىشىكنى چېكىپتۇ. شۇ ئەسنادا، ئۇلارنىڭ ئالدىغا بىر چاكار چىقىپتۇ. پادشاھ ئۇنىڭغا:

— ھەي، بىز خوجايىنىڭ بىلەن كۆرۈشمەكچىدۇق، — دەپتۇ.

ئۇلار خوجايىننىڭ ھەسەن ئىكەنلىكىنى تونۇپ، ئۇنىڭ تەلىيىنىڭ ئوڭ كەلگەنلىكىگە ۋە باي بولۇپ كەتكەنلىكىگە ئىنتايىن ھەيران قاپتۇ. ھەسەن ئۇلارنىڭ بۇرۇن كۆرگەن تىلەمچىلەر ئىكەنلىكىنى تونۇپتۇ - دە، دەرھال ئۇلارنى مېھمانخانىغا باشلاپ، چاكارلىرىغا قوي سويۇپ قىزغىن كۈتۈۋېلىشنى تاپىلاپتۇ.

تاماق يەۋاتقاندا، ھەسەننى كۆزگە سانجىلغان مىخ دەپ قاراپ كېلىۋاتقان ۋەزىر شاھنىڭ قۇلىقىغا:

— بىز ئۇنىڭ مەردلىكىنى سىناپ كۆرەيلى، ئۇنىڭ بايلىقىنىڭ قەيەردىن كەلگەنلىكىنى سۈرۈشتۈرۈپ، .بايلىقىدىن بىزگىمۇ بىر ئاز ئۈلەشتۈرۈپ بېرىشىنى ئېيتىپ باقايلى. ئەگەر ئۇ پىخسىقلىق قىلسا، بىز ئۇنى تۈيدۈرماي ئۆلتۈرۈۋېتەيلى! — دەپتۇ.

— ئۆتكەن قېتىم كەلگىنىمدە سەن بەك كەمبەغەل ئىدىڭ، ھازىر بىراقلا بېيىپ كېتىپسەن، ئۇقۇشۇمچە، سەن ھېلىقى خەتنى پادىشاھقا تاپشۇرۇپ بەرمەپسەن، شۇنداقلا ئۇنىڭدىن مال - مۈلۈك تەلەپ قىلماپسەن، ئۇنداقتا سەن قانداق قىلىپ مۇنچىلا بېيىپ كەتتىڭ؟ — دەپ سوراپتۇ پادىشاھ ھەسەندىن.

— مەن شۇ كۈنى مەسچىتكە باردىم ھەم پادىشاھنىڭ خۇداغا دۇئا - تىلاۋەت قىلىۋاتقانلىقىنى كۆردۈم. مەن پادىشاھنىڭ دۆلەتنىڭ چوڭ ئىشلىرى ۋە پۇقرالارنى باي قىلىش ئۈستىدە خۇداغا ئىلتىجا قىلىۋاتقانلىقىنى ئاڭلاپ: «پادىشاھ دۆلەتنىڭ چوڭ ئىشلىرى ئۈستىدە خۇداغا ئىلتىجا قىلىۋېتىپتۇ. مەن نېمە ئۈچۈن خۇدادىن بىر ئاز سەدىقە بېرىشنى ئىلتىجا قىلمايمەن» دەپ ئويلىدىم، ئۆز پايدامنى دەپ پادىشاھنىڭ چوڭ ئىشىغا دەخلى قىلىشنى نومۇسلۇق ئىش دەپ بىلىپ، خەتنى پادىشاھقا تۇتماي، ئۆيۈمگە كېلىپ خۇداغا ئىلتىجا قىلدىم. ئۇ ماڭا يەر ئاستىدىن بىشارەت بەردى ۋە بىر تۆمۈر ئىشىكنى كۆرسەتتى. ئۇنىڭدىن كىرگەندە، بىرىنچى ئۆيدە تىللاغا لىق تولغان يەتتە ئىدىش بار ئىكەن، — دەپتۇ.

بىر ئاز ئۆتكەندىن كېيىن ھەسەن ھېلىقى ئىككى تىلەمچىنى لىق تىللا قاچىلانغان ئىدىشلار بار ئۆيگە باشلاپ كىرىپتۇ. ئىككىيلەن ئىدىشلاردىكى تىللانى كۆرۈپ ھەيران قاپتۇ. پادىشاھ: «خۇدا بۇ ئاق كۆڭۈل ئىخلاسمەن يىگىتنى مۇكاپاتلاپتۇ» دەپ ئويلاپتۇ. لېكىن،



www.uyghurkitap.com

ۋەزىر پادىشاھنىڭ قۇلىقىغا:
— بىز ئۇنىڭ مەردلىكىنى سىناپ ئۇنىڭدىن بىر ئىدىش تىللا بىرىشىنى تەلەپ قىلايلى، قېنى نېمە دەركىن، — دەپتۇ.
پادىشاھ ۋەزىرنىڭ گېپىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن، دەرھال ھەسەنگە:
— سېنىڭ ئىنسابىقا كېلىپ بىر ئىدىش تىللا بېرىشىڭنى تىلەيمىز، — دەپتۇ.
— ئۇنداق بولسا بىر ئىدىشنى ئېلىڭلار! مەن بىر ئەرەب، ئەرەبلەر مېھمانىنىڭ تەلىپىنى يەردە قويمايدۇ، — دەپتۇ ھەسەن.
لېكىن ۋەزىرنىڭ تېخىمۇ نىيىتى بۇزۇلۇپ پادىشاھنىڭ قۇلىقىغا:
— ئۈچ ئىدىشنى بەر، دەپ يەنە سىناپ كۆرەيلى. بۇ ئۇنى سىنايدىغان ئەڭ چوڭ سىناق. شۇنىڭدىن ئۇنىڭ ھەقىقىي مەرد ياكى مەرد ئەمەسلىكىنى بىلگىلى بولىدۇ! — دەپتۇ.
— ئۇنداق قىلمايلى! ئۇ مەردكەنغۇ، بۇ تىللالارنى خۇدايىم ئۇنىڭغا ئىلتىپات قىلغان تۇرسا، — دەپتۇ پادىشاھ. لېكىن ۋەزىر ئۆز گېپىدە چىڭ تۇرۇۋېلىپ:
— بىز جەزمەن ئۇنى يەنە بىر قېتىم سىناپ كۆرمىسەك بولمايدۇ. قېنى ئۆزىڭىز دەڭە. مۇبادا، ئوردىمىزدىكى كىشىلەر مەرد بولمىسا، ئۇلارنىڭ قانداقمۇ نىيىتى بىز بىلەن بىر دېيىشكە بولىدۇ؟ — دەپتۇ.
— سەن بىزگە ئۈچ ئىدىش تىللا بېرىپ تۇر. شۇنىڭغا ھاجىتىمىز چۈشۈپ قالدى، — دەپتۇ پادىشاھ ھەسەنگە.
— مەن مېھمانلارنىڭ تەلىپىنى قانداقمۇ رەت قىلاي، كېرەك بولسا ئېلىڭلار! — دەپتۇ ھەسەن جاۋابەن.
بۇ جاۋابتىن ۋەزىرنىڭ نىيىتى تېخىمۇ بۇزۇلۇپتۇ.

— بىز ئۇنى ئۈزۈل - كېسىل سىنىمىساق بولمىغۇدەك، ئۇنىڭدىن تىللاسىنىڭ ھەممىسىنى بېرىشىنى تەلەپ قىلايلى! — دەپتۇ.

— مەن ئۇنىڭدىن تىللانىڭ ھەممىسىنى بەرگىن دېيەلمەيمەن، لېكىن ئۇ سىناقتىن ئۆتتى. بۇ سېنىڭ يامان نىيەتلىك ئادەم ئىكەنلىكىڭنى ئىسپاتلايدۇ. سەن ئۇنى ۋەيران قىلماقچى بولۇۋاتىسەن! — دەپتۇ پادىشاھ.

ئارقىدىن پادىشاھ ھەسەنگە:

— سەن بىزگە ھەممە تىللالىرىڭنى بەر! — دەپتۇ.

— ئۇنداق بولسا، سىلەر ھەممە تىللانى ئېلىپ كېتىڭلار! سىلەرنىڭ بۇ تىللالارنى كۆڭلۈڭلەر خالاپ ئالغىنىڭلاردىن مەن تولىمۇ خۇشالمەن! — دەپتۇ ھەسەن.

ئاندىن كېيىن پادىشاھ خۇشاللىق بىلەن:

— سەن مېنىڭ ئەڭ ئالىيجاناب پۇقرايىم. مۇبادا، سەن ماڭا ئاخىرى قاپىيىداش ئۈچ ھېكمەتلىك سۆز ئېيتىپ بېرەلىسەڭ، تىللالىرىڭنىڭ ھەممىسىنى ئۆزۈڭگە قايتۇرۇپ بېرىمەن. شۇنداقلا سېنى پادىشاھلىقىمدىكى ئەڭ يۇقىرى مەنسەپكە قويىمەن! — دەپتۇ.

ھەسەن بۇ گەپلەرنى ئاڭلاپ چۆچۈپ كېتىپتۇ. چۈنكى ئۇ بۇ سۆزلەرنىڭ ئورانىدىن سۆزلەۋاتقان تىلەمچىنىڭ پادىشاھ ئىكەنلىكىنى بىلىپ قاپتۇ.

ھەسەن ئويلىنىپ تۇرۇپ كېتىپ:

— بىرىنچى ھېكمەتلىك سۆز: كىرەملىك ئاللاغا رەھمەت. چۈنكى ئۇ كۆزى ئاجىزلارغا قاراڭغۇدا يول يورەلەيدىغان كۈچ بەرگەن. ئىككىنچى ھېكمەتلىك سۆز، مەن خۇدايىمغا رەھمەت ئېيتىمەن، چۈنكى ئۇ قۇشلارنى ئۇچسۇن دەپ قانات پۈتكەن. ئۈچىنچى ھېكمەتلىك سۆز، مەن ئاشۇ رەزىل، تېگى پەس ئادەملەرگە

لەنەت ئوقۇيمەن، — دەپتۇ.

پادىشاھ بۇ ئۈچ جۇملە ھېكمەتلىك سۆزنى ئاڭلاپ خۇش بوپتۇ ۋە ھەسەننىڭ مەردلىكى بىلەن ئەقىل - پاراسىتىنى ياقتۇرۇپ قاپتۇ. شۇنىڭ بىلەن پادىشاھ ۋەزىرگە:

— ۋەزىرىم، سەن كەتكىن، سەن بەك رەزىل، پەس ئادەم ئىكەنسەن. مەن بۇ يىگىتنى ۋەزىر قىلىمەن. ئۇ سېنىڭ ۋەزىپەڭنى ئۈستىگە ئالىدۇ! — دەپتۇ.

پادىشاھ ئوردىغا قايتىپ كەلگەندىن كېيىن، ھەسەننى راستىنلا ۋەزىرلىككە تەيىنلەپتۇ. پادىشاھ بىلەن ھەسەن ئۆزىنىڭ يىغقان پۇل - ماللىرىنى سەرپ ئېتىپ، ئەزەلدىن كۆرۈلۈپ باقمىغان باياشاد پادىشاھلىقنى بەرپا قىپتۇ. پادىشاھ ۋاپات بولغاندىن كېيىن ھەسەن پادىشاھ بولۇپ يۇرت سوراپتۇ.

# ئاۋىدىستادې بىلەن كەنجى قىز

(سەئۇدى ئەرەبىستان)

بۇرۇنقى زاماندا دادىسى، ئاپىسى ۋە بويىغا يېتىپ قالغان ئۈچ قىزى بار بىر ئائىلىلىك ئۆتكەنىكەن. نۇرغۇن يىگىتلەر بۇ قىزلار بىلەن توي قىلىش مەقسىتىدە ئاتا ـ ئانىسىغا ئەلچى قويۇپتۇ. لېكىن، دادىسىنىڭ رەت قىلىشىغا ئۇچراپتۇ. چۈنكى دادىسى قىزلىرىنىڭ كۆڭۈلدىكىدەك يىگىت تاللىشىنى ئارزۇ قىلىدىكەن.

ئۈچ قىزنىڭ ئىچىدە كەنجى قىز ناھايىتى چىرايلىق ئىكەن. بىر كۈنى ئويلاپ باقمىغانلا بىر ئىش يۈز بېرىپتۇ: يەنى بىر نامەلۇم نېگىر كەنجى قىزغا تەكلىپ قويۇپتۇ. دادىسى چوڭ قىزىمنى ياتلىق قىلماي تۇرۇپ، كىچىك قىزىمنى ياتلىق قىلمايمەن، دېگەننى باھانە قىلىپ ئۇنىڭ تەلىپىنى سىلىق سۆزلەر بىلەن رەت قىپتۇ. ئەمەلىيەتتە، ئاغزىدىن چىقارمىغان بىلەن كۆڭلىدە بۇ نېگىرنى ياراتماپتۇ. شۇ چاغدا ئەرەب ئەللىرىدە ئۆز قەبىلىلىرى بىلەن ئۆزئارا قۇدا بولۇشىدىغان ئادەت بار ئىكەن. لېكىن، ھېلىقى نېگىر جەمئىيەتنىڭ ئادەت كۈچلىرى بىلەن قىلچە كارى بولماي، ئۆز تەلىپىدە چىڭ تۇرۇۋاپتۇ ۋە قىزنىڭ دادىسىغا:

— كەنجى قىزىڭىزنى بەرمىسىڭىز ھاياتىڭىز خەۋپ ئاستىدا قالىدۇ، — دەپ تەھدىت ساپتۇ. ئاخىر بولماي دادىسى، ئائىلىمىز بىر پىشكەللىككە ئۇچراپ قالمىسۇن يەنە، دەپ خەۋپسىرەپ ئىلاجىسىزلىقتىن كەنجى قىزىنى نېگىرغا بېرىشكە رازى بوپتۇ.

كەنجى قىزنىڭ ماقۇللۇقىنى ئالمايلا، توي مۇراسىمىنى



www.uyghurkitap.com

ئۆتكۈزۈپتۇ. قىزنىڭ تويىغا دادىسى بىلەن ئاپىسى باشبوپتۇ. ئاتا-ئانىسى يىگىت تاپقاندا قىزنىڭ ياۋاشلىق بىلەن ياتلىق بولماي نېمە چارە بولسۇن؟

نىگىر بۇ ئۆيدە بىر نەچچە كۈن تۇرغاندىن كېيىن، خوتۇنى بىلەن ئۆيگە قايتىپ كېتىشنى مەسلىھەتلىشىپتۇ. خوتۇنى ماقۇل بوپتۇ. ئىش مۇشۇ دەرىجىگە يەتكەنگە قەدەر ئاتا-ئانىسىنىڭ بۇ ئىشقا رازىلىقى بولماپتۇ. لېكىن، ئۇلارنىڭ ھېچ ئىلاجى يوق ئىكەن.

نىگىر خوتۇنىنى ھەشەمەت سىلىنغان بىر ئوردىغا باشلاپ كەپتۇ، بۇ، ئۇنىڭ ئۆيى ئىكەن. ئوردىدا چاكارلار ۋە چۆرە قىزلار ساناقسىز ئىكەن. ئۇلار نىگىر بىلەن كەنجى قىزنىڭ خىزمىتىدە بولىدىكەن. كەنجى قىز ھېچقانداق ئىش قىلمايدىكەن. ئۇ نېمە دېسە چۆرە قىزلار ئۇنىڭ كۆڭلىدىكىدەك ئىش بىجىرىكەن.

كەنجى قىز بۇ ناتونۇش ۋە ئازادە ئۆيدە بىر مەزگىل تۇرغاندىن كېيىن، ئۆز يۇرتىنى ۋە ئاتا-ئانىسىنى سېغىنىپتۇ. شۇڭا ئۇ ئېرىدىن يۇرتىغا ئاپىرىپ قويۇشنى تەلەپ قىپتۇ. ئېرى بۇنىڭغا قوشۇلۇپتۇ ۋە ئالدىبىلەنيۈك-تاقلارنى تەييارلاپ تۇرۇشنى، ئۈچ-تۆت كۈندىن كېيىن يولغا چىقىدىغانلىقىنى ئېيتىپتۇ.

بىر نەچچە كۈندىن كېيىن، نىگىر خوتۇنىنى ئېلىپ قېيناتا-قېينانىسىنىڭ ئۆيىگە كەپتۇ. ئۇلار ئاتا-ئانا، ئۇرۇق-تۇغقانلىرىغا ناھايىتى قىممەتلىك سوۋغاتلارنى تەقدىم قىپتۇ. كۆپچىلىك كەنجى قىزنىڭ بۇرۇنقىدىنمۇ چىرايلىق، تېخىمۇ تولۇپ كەتكەنلىكىنى كۆرۈپ، ياتلىق بولغاندىن كېيىن ئۇنىڭ تۇرمۇشى بەختلىك ئۆتكەنلىكىنى بىلىپتۇ. شۇڭا ئۇلار نىگىر كۈيئوغلىنى ناھايىتى قىزغىن كۈتۈۋاپتۇ.

لېكىن، كۆپچىلىك نىگىرنىڭ قانداقتۇر بىر خۇپىيانە ئىشى باردەك ئۆز خوتۇنىنى ئۆيدىكى كىشىلەر بىلەن دەرقەمدە ئۇلتۇرۇپ

پاراڭلىشىشقا يول قويمايۋاتقانلىقىنى، ئۆزلىرىنىڭ تۇرمۇش ئەھۋالىنى بىلىشكە يول قويمايۋاتقانلىقىنى بايقىشىپتۇ.

كەنجى قىزنىڭ بىر ھەدىسى ناھايىتى ئەقىللىق ئىكەن. ئۇ، نېگىرنىڭ قانداقتۇر بىر نەرسىنى كۆپچىلىكتىن يوشۇرۇۋاتقانلىقىنى سېزىپ قاپتۇ. شۇڭا بىر ئامال قىلىپ سىڭلىسىنىڭ توي قىلغاندىن كېيىنكى تۇرمۇش ئەھۋالىنى ئۇقۇپ بېقىشنى، ئېرىنىڭ سىڭلىسىغا بولغان مۇئامىلىسىنى بىلىشنى كۆڭلىگە پۈكۈپتۇ. . . ئۇ بىر نەچچە قېتىم ئۇرۇنۇپ كۆرگەن بولسىمۇ، ھېچ پۇرسىتىنى كەلتۈرەلمەپتۇ، شۇنداقتىمۇ سىڭلىسىنىڭ ئەھۋالىنى بىلىپ بېقىش نىيىتىدىن يانماي، ھەر ۋاقىت ئېھتىيات بىلەن پۇرسەت كۈتۈپتۇ.

بىر كۈنى نېگىر بىر مېھمان بىلەن قىزغىن پاراڭغا چۈشۈپ كېتىپتۇ. كەنجى قىز بويىنى سۇغا سالماقچى بوپتۇ. لېكىن، ھەدىسى پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ، يۇيۇنۇش ئۆيىگە كىرىۋېلىپ، سىڭلىسىنىڭ ياتلىق بولغاندىن كېيىنكى تۇرمۇش ئەھۋالىنى سوراپتۇ.

— مەن ناھايىتى بەختلىك ھالدا بىر چوڭ ئوردىدا تۇرىمەن. نۇرغۇن چۆرە قىزلار مېنى كۈتىدۇ. ھايت دەپ قويسام، ئۇلار ھەممە ئىشلارنى كۆڭلۈمدىكىدەك ئىشلەيدۇ. ئىشنى بىر ئازمۇ خاتا قىلمايدۇ. ئۇلار كۈن بويى ئەتراپىمدا پەرۋانىدەك چۆرگىلەپ يۈرىدۇ، — دەپتۇ كەنجى قىز، — ئېرىم، مېنى خۇددى بىر تۇغقان سىڭلىسىدەك كۆرىدۇ. ئامال بار مېنى خۇشال قىلىشنى، كۆڭلۈمنى ئېچىشنى ئويلايدۇ، كەچتە ئۇخلىشىم تېخىمۇ قىزىق، چۆرە قىزلار بىر چىنە سۇ بېرىدۇ. ئىچكەندىن كېيىن ناھايىتى تاتلىق ئۇخلاپ قالىمەن، شېرىن چۈشلەرنى كۆرىمەن. ئەتىسى كۆزۈمنى ئېچىپ چۆرە قىزلارنىڭ مېنى ساقلاپ ئولتۇرغانلىقىنى كۆرىمەن. مېنىڭ تۇرمۇشۇم مانا شۇنداق ئۆتىدۇ. كۈنلەرنى ئەنە شۇنداق ئۆتكۈزىمەن. بىرلا يېرى سىلەرنى بەك سېغىنىدىكەنمەن.

— سەن ئېرىنىڭ بىلەن قايتىپ بارغاندىن كېيىن، ئۇخلاشتىن بۇرۇن ئىچىدىغان سۇنى بىراقلا ئىچىۋەتكەن بولۇپ، ئۇنى تۇيدۇرماي كىيىمىڭگە تۆكىۋەت. ئاندىن يالغاندىن ئۇخلىۋالغان بولۇپ، قانداق ئىشلارنىڭ بولىدىغانلىقىغا دىققەت قىل، — دەپتۇ ھەدىسى.

— بولىدۇ. مەن سەن دېگەندەك قىلىپ باقاي! — دەپتۇ سىڭلىسى.

ئۇلارنىڭ ئۆيلىرىگە قايتىدىغان ۋاقتىمۇ بولۇپ قاپتۇ. نېگىر بىلەن خوتۇنى ئۆزلىرىنىڭ ئوردىسىغا قايتىپ كەپتۇ. كەچ كىرىپ كۆز باغلانغاندا، كەنجى قىز چۆرىلەرنىڭ بىر چىنە سۇنى تەييارلاپ، ئۇنى ساقلاپ تۇرغانلىقىنى كۆرۈپتۇ. ئۇ، كېچىلىك كىيىمىنى ئالماشتۇرۇپ، سۇنى ئىچكەن بوپتۇ - دە، تۇيدۇرماي كىيىملىرىگە چېچىپ تاشلاپتۇ. ئاندىن ئادەتتىكىگە ئوخشاشلا كارىۋاتقا چىقىپ تاتلىق ئۇيقۇغا كەتكەندەك جىم يېتىۋاپتۇ.

چۆرە قىزلار ئۇنىڭ بېشى بىلەن بەدەنلىرىنى مىدىرلىتىپ بېقىپ، راستىنلا ئۇخلاپ قالغانلىقىغا ئىشەنگەندىن كېيىن، ئۇنى ئۆيدە يالغۇز قالدۇرۇپ بىر - بىرلەپ چىقىپ كېتىپتۇ. كەنجى قىز مىدىر - سىدىر قىلماي جىم يېتىپتۇ. بىر ئازدىن كېيىن بەستلىك، قەددى - قامىتى كېلىشكەن بىر ئاق تەنلىك يىگىت ئۇنىڭ ھوجرىسىغا كىرىپتۇ ۋە كارىۋاتقا چىقىپ، ئۇنىڭ يېنىدا يېتىپتۇ. كەنجى قىز ئورنىدىن چاچراپ تۇرۇپ كېتىپ:

— سەن كىم بولىسەن؟ — دەپ سوراپتۇ.

ھېلىقى يىگىت ئۈندىمەپتۇ.

— سەن كىم، نېمىشقا مەن بىلەن بىللە ياتىسەن؟ — قىز يەنە سوراپتۇ.

— سەن سورىمايلا قوي! — دەپتۇ يىگىت جاۋاب بېرىپ، — بولمىسا، سېنى نەس باسىدۇ!

— ياق! مەن سېنىڭ كىم ئىكەنلىكىڭنى بىلىشىم كېرەك، ئېتىڭ نېمە؟

يىگىت بىچارىلىك بىلەن بېشىنى لىڭشىتىپ، ئامالسىز قالغان قىياپەتتە:

ئېتىم ئاۋىد ستادىي، سېنىڭ ئېرىڭ بولىمەن، — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ يىگىت.

گەپمۇ تۈگەپتۇ. قىز ئۆزىنىڭ قولىۇقتا يالغۇز ياتقانلىقىنى بايقاپتۇ. چىرايلىق ئۇردا بىلەن ئەتراپتىكى ھەممە نەرسىدىن ئەسەرمۇ قالماپتۇ. پەقەت گۇرۇلدەپ چىقىۋاتقان شامالنىڭ قورقۇنچلۇق ئاۋازىلا ئاڭلىنىپتۇ. كەنجى قىز ياۋايى ھايۋانلار ئۇچراپ قېلىشتىن قورقۇپ، جىنىنىڭ بارىچە ئۆمىلەپ مېڭىپتۇ. ئۇنىڭدا ئوزۇقمۇ، ئۇسسۇزلۇقمۇ يوق ئىكەن. ئۇ ھېرىپ ھالىدىن كېتىپتۇ. لېكىن، توختىماي ئالدىغا قاراپ ئىگىرىلەپتۇ. چۈنكى توختاپ قالسا، ئۆلۈپ كېتىدىغانلىقىنى ئۆزىمۇ بىلىدىكەن. ئۇ ئالدى تەرەپتە بىرەر يېزىنى ياكى بىرەر كۆچمەنچى چارۋىچىلارنى ئۇچرىتىپ قېلىشنى بەكمۇ ئۈمىد قىپتۇ، ماڭا، ماڭا، ئاخىرى قىيىنىلىپ يۈرۈپ ئاران دېگەندە بىر دۆڭلۈككە ئۆمىلەپ چىقىپتۇ. ئۇنىڭ كۆزى تۇيۇقسىز تۆت ئەتراپى باغ ۋە دەرەخلەر بىلەن ئورالغان چوڭ بىر شەھەرگە چۈشۈپتۇ. قىزغا جان كىرىپتۇ ۋە شەھەر تەرەپكە قاراپ يۈرۈپ كېتىپتۇ.

كەنجى قىز شەھەرگە كىرىپ كوچىلاردا ئۇزاق ئايلىنىپ يۈرۈپتۇ. ئۇ، كۆڭلى ياخشى ئادەم ئۇچراپ قالسا، بىرەر ئاخشام ئۆيىدە قونۇپ قالسام، دەپ ئويلاپتۇ. ئاخىر ئۇ بىر ئۆينىڭ ئىشىكىنى قېقىپتۇ. ئۇ، ئىشىك ئاچقان ئادەمنىڭ ئۆز ئېرى — ئاۋىد ستادىي ئىكەنلىكىنى نەدىنمۇ ئويلىسۇن؟ يىگىت ئۇنى باغرىغا چىڭ بېسىپ تۇرۇپ، بۇرۇن قىلغان ئىشلارنى ئۆز ئاپىسىدىن يوشۇرۇپ قىلغانلىقىنى ئېيتىپتۇ. ئاپىسى بەك يامان جادۇگەر ئايال ئىكەن.

ئۇلار ئەمدى ئۆزئارا تونۇشمايدىغان قىياپەتكە كىرىۋېلىپ، پۇرسەت كەلگەندە بىللە قېچىپ كەتمەكچى بوپتۇ.

يىگىت كەنجى قىزنى ئاپىسىنىڭ ئالدىغا باشلاپ كىرىپتۇ. لېكىن، ئاپىسى بۇ قىزنىڭ قونۇپ قېلىشىغا قوشۇلماپتۇ. يىگىت ئاپىسىغا:

— ئۆيىمىزدە ئادەم يېتىشمەيۋاتىدۇ. ئۇ ئۆيدە قېلىپ ئۇششاق-چۈششەك ئىشلارنى قىلسا، ياخشى ئەمەسمۇ؟ — دەپتۇ.

جادۇگەر قېرى كەنجى قىزغا مەرۋايىت كۆز قويۇلغان سۈپۈرگىدىن بېرىپتۇ ۋە ئۇنىڭغا:

— سەن ئۆيلەرنى پاك - پاكىز سۈپۈر، لېكىن بىر تالمۇ مەرۋايىتنى چۈشۈرۈپ قويما، بولمىساڭ سېنى جازالايمەن، — دەپتۇ.

كەنجى قىز سۈپۈرگىنى ئېھتىيات بىلەن ئېلىپ، ئۆينى سۈپۈرۈشكە باشلاپتۇ. لېكىن، قانچە ئېھتىيات قىلسىمۇ مەرۋايىتلار بىرىنىڭ كەينىدىن بىرى چۈشكىلى تۇرۇپتۇ. كەنجى قىز بۇنىڭدىن بەك قايغۇرۇپ، جازانى كۈتۈپ ئولتۇرۇپتۇ. بۇ چاغدا ئاۋىد ستادىي ئۇنىڭ يېنىغا ئاستا كېلىپ، چۈشۈپ كەتكەن مەرۋايىتلارنى ئۆز ئورنىغا ئورنىتىپ قويۇپتۇ ۋە ئۇنىڭ ئۆي تازىلىشىغا ياردەم قىپتۇ. ئاندىن ئۇنى ئاپىسىنىڭ ئالدىغا كىرىپ ئىشنى قىلىپ بولغانلىقىنى خەۋەر قىلىپ قويۇشقا بۇيرۇپتۇ.

قېرى جادۇگەر سۈپۈرگىنى ئېلىپ سىنچىلاپ قاراپ، مەرۋايىتلارنىڭ بىرىنىڭمۇ چۈشۈپ قالمىغانلىقىنى بايقاپتۇ. يەنە ئۆيلەرگە بىر قۇر كۆز يۈگۈرتۈپ چىقىپ، پاكىز تازىلانغانلىقىنى كۆرۈپتۇ، كەنجى قىزنىڭ ئەقىللىق، زېرەكلىكىدىن ئىنتايىن رازى بوپتۇ. لېكىن يەنە دەر گۇماندا:

— سەن، بۇرۇن ئوغلۇم ئاۋىد ستادىنى تونۇمتىڭ؟ — دەپ سوراپتۇ.

— تونۇمايمەن، — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ كەنجى قىز.

قېرى جادۇگەر يەنە بىر سۇ سەپكۈچنى كەنجى قىزغا بېرىپتۇ ۋە:

— سەن ھەممە ئۆيلەرگە، دالانلارغا سۇ سەپ، لېكىن سۇنى ھەممە يەرگە تەكشى سەپكىن، ئاڭلىدىڭمۇ؟ — دەپتۇ.

كەنجى قىز سۇ سەپكۈچنى ئاپتۇ، يەنە غەمگە پېتىپ، سۇ سېپىشكە كىرىشىپتۇ. سۇنى يەرگە قانداقمۇ تەكشى سەپكىلى بولسۇن؟ بۇ چاغدا ئاۋىد ستادى ئاپىسىنىڭ دىققەت قىلمىغان ۋاقتىدىن پايدىلىنىپ، ئوغرىلىقچە قىزنىڭ يېنىغا كىرىپ، ئۇنىڭ ھەممە ئۆي ۋە دالانلارغا تەكشى سۇ سېپىشكە ياردەملىشىپتۇ. ھەممە ئىشنى تۈگىتىپ بولۇپ، سۇ سەپكۈچنى خوتۇنىغا بېرىپتۇ-دە، ئۇنى ئاپىسىنىڭ ئالدىغا كىرگۈزۈپتۇ.

قېرى جادۇگەر يەنە ئۆي ۋە دالانلارنى تەكشۈرۈپ چىقىپ كەنجى قىزنىڭ ئىشنى ھەقىقەتەن ئوبدان ئىشلىگەنلىكىنى بايقاپتۇ ۋە ئوغلۇم ياردەم بېرىۋاتقان بولسا كېرەك، دەپ گۇمان قىلىپ:

— سەن راستىنلا ئوغلۇم ئاۋىد ستادىنى تونۇمامسەن؟ — دەپ سوراپتۇ.

خۇدا تۇرۇپتۇ. مەن راستىنلا ئۇنى تونۇمايمەن.

— ئۇنداق بولسا ياخشى! سەن ئاچامنىڭ ئۆيىگە بېرىپ ئۇنى يوقلاپ كەل. ئۇنىڭغا دۇمباق، نەي ۋە قوتا بېرىشىنى ئېيتىپ، شۇ نەرسىلەرنى ماڭا ئەكىلىپ بەر!

كەنجى قىز قېرى جادۇگەرنىڭ ئاچىسىنىڭ ئۆيىگە بېرىپ، ئۇنىڭدىن تىنچلىق-ئامانلىق سوراپتۇ. ئاندىن ئۇنىڭغا سىڭلىسىنىڭ دۇمباق، نەي ۋە قوتا ئېلىپ كەل، دەپ ئۆزىنى ئەۋەتكەنلىكىنى دەپتۇ. قېرى جادۇگەرنىڭ ئاچىسى بۇ ئۈچ تۈرلۈك نەرسىنى كەنجى قىزغا بېرىپتۇ.

قايتقۇچە ئاۋند ستادىي ئۇنى يولدا ساقلاپ تۇرغانىكەن. ئۇ خوتۇنغا بۇ نەرسىلەرنى چاققان ئاپىسىغا تاپشۇرۇپ بېرىشنى، يولدا بۇ قۇتىنى قەتئىي ئاچماسلىقىنى، بولمىسا جادۇگەر خوتۇننىڭ بىلىۋالىدىغانلىقىنى ئېيتىپتۇ. كەنجى قىز ماقۇل كەپتۇ ۋە ئالدىراپ مېڭىپتۇ. ئەمما ئازراق ماڭغاندىن كېيىن: «قۇتىنى ئېچىپ، ئىچىدە زادى نېمە بارلىقىنى كۆرۈپ باقسام نېمىشقا بولمايدىكەن. كۆرۈپ بولغاندىن كېيىن، ئېتىپ قويسام بولمىدىمۇ، بۇنى كىم بىلەتتى؟» دەپ ئويلاپتۇ.

كەنجى قىز كۆڭۈلنىڭ كەينىگە كىرىپ، قۇتىنى ئېچىپتۇ. ئۇ، ئەسلىدە قوتىنىڭ ئىچىدە قىممەتلىك ئالتۇن- كۈمۈش بۇيۇملار، زىبۇزىننەت بۇيۇملىرى، مېدالىئون قاتارلىق نەرسىلەر بار بولسا كېرەك، دەپ ئويلىغانىكەن. كىمنىڭ ئەقلىگە كەلسۇن، ئىچىدىن ئۈچ جىن - ئالۋاستى چىقىپ، بۇلاردىن بىرى دۇمباقنى ئاپتۇ، يەنە بىرى نەينى ئېلىپ چېلىپتۇ، ئۈچىنچىسى ھەمراھلىرى چالغان شادىيانە مۇزىكىغا ئۇسسۇل ئويناشقا باشلاپتۇ. كەنجى قىز ھودۇققىنىدىن نېمە قىلىشىنى بىلمەي قاپتۇ. ئۇ كېچىكىپ قالسا جادۇگەر خوتۇننىڭ جازالايدىغانلىقىدىن قورقۇپتۇ. لېكىن، بۇ ئۈچ جىن - ئالۋاستىنى قۇتىغا سولاشقىمۇ چارىسىز قاپتۇ. ئۇ تازا پۇتى كۆيگەن توخۇدەك تىنىلداپ تۇرغاندا، ئاۋند ستادىي يېتىپ كېلىپ، ئەپسۇن ئوقىغاندىن كېيىن، ئالۋاستىلار بىر - بىرلەپ قۇتىغا كىرىپتۇ. ئۇ دەرھال قۇتىنى ئېتىپ، خوتۇنغا بېرىپتۇ ۋە تېزلىك بىلەن جادۇگەر ئاپىسىغا تاپشۇرۇپ بېرىشنى تاپىلاپتۇ.

كەنجى قىز بۇ ئۈچ خىل نەرسىنى كۆتۈرۈپ جادۇگەر خوتۇننىڭ ئۆيىگە قاراپ يۈگۈرۈپتۇ. تەلىيىگە يارىشا جادۇگەر خوتۇن ھېچنېمىنى بىلەلمەپتۇ، كەنجى قىزنىڭ ئۈچ ئىشنى كۆڭۈلدىكىدەك ئورۇندىغانلىقىدىن خۇش بولۇپ، ئۇنىڭغا بىر باش ياغلىق، بىر

كۆڭلەك، بىر ئىشتاننى سوۋغات سۈپىتىدە تەقدىم قىپتۇ.

بىر كۈنى يىگىت خوتۇنىغا:

— بۈگۈن ئاخشام ئوغرىلىقچە قىچىپ كېتىمىز، سەن تەييارلىق قىلىپ قويغىن، — دەپتۇ. كەنجى قىز قوشۇلۇپتۇ. كېچىسى كىشىلەر تازا تاتلىق ئۇخلاپ كەتكەندە، يىگىت خوتۇنىنى ئېلىپ ھېچكىمگە تۇيدۇرماي قېچىپ چىقىپتۇ، لېكىن قېرى جادۇگەر خوتۇن ئوغلى بىلەن ھېلىقى چۆرە قىزنىڭ بىللە قېچىپ كەتكەنلىكىنى دەرھال سېزىۋاپتۇ، غەزەپتىن چىشلىرىنى كىرىشتۇرۇپتۇ ۋە ئەپسۇن ئوقۇپ ئوغلىنى چالا ئۆلۈك قىلىپ قويۇپ، ئىككى تاغ ئارىسىغا قىرىق كۈن بەنت قىلىپ قويۇپتۇ.

كەنجى قىز كۆز ئالدىدا بولۇۋاتقان ئىشلارغا ئامالسىز قاپتۇ. ئۇ پەقەت ھوشىدىن كەتكەن ئېرىنى يۆلەپ، بېشىنى يوتىسىغا قويۇپ جادۇگەر خوتۇننىڭ ئەپسۇنىنىڭ ۋاقتىنىڭ توشۇشىنى، ئېرىنىڭبالا-قازادىن قۇتۇلۇشىنى كۈتۈپ ئولتۇرۇپتۇ.

بىر كۈن ئۆتۈپتۇ، ئىككى كۈن ئۆتۈپتۇ، ئۈچ كۈن ئۆتۈپتۇ... كەنجى قىز ئېرىنىڭ ھوشىغا كېلىشىنى ساقلاپ ئولتۇرۇۋېرىپتۇ. لېكىن، ئېرىنىڭ نەپەسى بولغان بىلەن ھوشىغا كەلمەپتۇ. كەنجى قىز ئېرىنىڭ بېشىنى يوتىسىغا قويۇپ، يېمەي-ئىچمەي، يىغلاپ-قاقشاپ ئولتۇرۇپتۇ.

كەنجى قىز ئاچلىقتىن، چارچاشتىن بىر نەچچە نۆۋەت ھوشىدىن كېتىپتۇ. مۇشۇنداق قىلىپ ئوتتۇز توققۇز كۈننى ئۆتكۈزۈپتۇ. بۇ چاغدا چارۋىچى قەبىلە دەل بۇ جايدىن ئۆتۈپ قاپتۇ. بۇ قەبىلىدە بىر نەچچە دېدەك بار ئىكەن. كەنجى قىز تاقىۋالغان زىبۇزىننەتلىرىنى قەبىلە باشلىقىغا بېرىپ، بىر نەچچە چۆرە قىز سېتىۋاپتۇ ۋە ئۇلارغا خۇددى ئۆزىگە ئوخشاش ئېرىنىڭ بېشىنى يوتىسىغا قويۇپ، كۆڭۈل قويۇپ قارىشنى تاپىلاپتۇ ۋە:

— مەن بەك ھېرىپ كەتتىم. ئاۋۇ ئۆڭكۈرگە كىرىپ بىردەم ئۇخلىۋالاي، ئىرىم قاچان ھوشىغا كەلسە، مېنى شۇ چاغدا ئويغىتىڭلار، — دەپتۇ.

كەنجى قىز دەرھال تاتلىق ئۇيقۇغا كېتىپتۇ. ئۇ توپتوغرا بىر ئايدىن ئوشۇق كۆز يۇممىغاچقا ھەقىقەتەن ھېرىپ كەتكەنىكەن.

قىرىق كۇنمۇ توشۇپتۇ. ئاۋىد سىتادي ھوشىغا كەپتۇ. ئۇ، بېشىنىڭ بىر چۆرە قىزنىڭ يوتىسىدا تۇرغانلىقىنى كۆرۈپ، مېنىڭ خوتۇنۇممىكىن دەپ ھېلىقى ئايالغا زەن سېلىپ قاراپتۇ. لېكىن، ئۇنىڭ كۆز ئالدىدا بىر ناتونۇش قىز تۇرغۇدەك.

— سەن كىم بولىسەن؟

— مەن سېنىڭ خوتۇنۇڭ!

— نېمىشقا يۈزۈڭ قارىداپ كەتتى؟

— ئاپتاپ كۆيدۈرۈۋەتتى.

— نېمىشقا گەپ - سۆزلىرىڭ ئوخشىمايدۇ؟

— ئاچلىقتىن، ئۇسسۇزلۇقتىن مەن توپتوغرا قىرىق كۈن يېمىدىم، ئىچمىدىم.

— چاچلىرىڭ چىگىش بولۇپ كېتىپتىغۇ؟

— شۇنداق، چاچ مېيى يوق ئەمەسمۇ.

ئاۋىد سىتادي چۆرە قىزغا ئىشىنىپ، ئۇنى ئۆزىنىڭ سادىق خوتۇنى قاتارىدا كۆرۈپتۇ ۋە بىر شەھەرگە بېرىپ ئەركىن تۇرمۇش كەچۈرۈپتۇ. ئۇ، تاغ ئۆڭكۈردە ئۇخلاپ قالغان ھەقىقىي سادىق خوتۇنىنىڭ يار - يۆلەكسىز قالغانلىقىنى بىلمەپتۇ...

كەنجى قىزغا كەلسەك، ئۇ ئۆڭكۈردە يالغۇز قانچە ۋاقىت ئۇخلىغانلىقىنىمۇ بىلمەپتۇ. ئويغىنىپ ئېرى ياتقان يەرگە كېلىپ قارىسا، ئېرى ۋە ھېلىقى چۆرە قىزلار يوق تۇرغۇدەك. ئۇ، ئەتراپنى ئىزدەپ، ئۇلارنىڭ ئىزلىرىدىن باشقا ھېچنېمىنى تاپالماپتۇ.

www.uyghurkitap.com

كەنجى قىز ھارغىنىدىن ئارانلا مېڭىپ، ئۇلارنىڭ ئىزىغا چۈشۈپتۇ. قانچىلىك ماڭغانلىقىنى ئۆزىمۇ بىلمەپتۇ. ئاخىر ئاۋىد ستادىي تۇرغان شەھەرگە يېتىپ كەپتۇ. ئۇ بىر مومايىنىڭ ئۆيىگە كىلىپ ئۆزىنى قوندۇرۇپ قىلىشنى سوراپتۇ. كەنجى قىز ئۆزىنىڭ كىملىكىنى ۋە بېشىدىن كەچۈرگەنلىرىنى مومايغا سۆزلەپ بېرىپتۇ. موماي ئۇنىڭغا ئىچى ئاغرىپ يەيدىغان، ئىچىدىغان نەرسىلەر بېرىپتۇ. شۇنداقلا ئۇنىڭ بۇ يەردە ۋاقىتلىق تۇرۇشىغا، سالامەتلىكى ئەسلىگە كەلگەندىن كېيىن، بىر ئامال قىلىشىغا قوشۇلۇپتۇ.

بىر نەچچە كۈندىن كېيىن، كەنجى قىزنىڭ سالامەتلىكى ئەسلىگە كەپتۇ. ئۇ مومايغا:

سىز مېنى باشقىلارغا دېدەكلىككە سېتىپ بېرىڭ. بۇنىڭ پۇلى سىزنىڭ نەچچە ۋاقىتتىن بېرى ماڭا قارىغانلىقىڭىزنىڭ ھەققى بولۇپ قالسۇن، — دەپتۇ.

موماي قىزغا يېپيېڭى كىيىملەرنى كىيگۈزۈپ، قۇل ساتىدىغان بازارغا ئېلىپ بېرىپتۇ. بۇ چاغدا ئاۋىد ستادىي دەل بۇلارنىڭ ئالدىدىن ئۆتۈپ كېتىۋېتىپ ئۆزىنىڭ خوتۇنىنى تونۇپ قاپتۇ ۋە ئۇنى سېتىۋېلىپ ئۆيىگە ئېلىپ كەپتۇ. ئۆيىدىكى يالغان خوتۇنىغا:

— بۇ دېدەكنى يېڭىدىن سېتىۋالدىم. سەن خىزمىتىڭگە سال، — دەپتۇ.

لېكىن بۇ چاغدا راست خوتۇن بىلەن يالغان خوتۇن بىر-بىرلىرىنى تونۇشۇپ قاپتۇ. ئۆيدىكى خوتۇن بۇ دېدەكنى ئېلىپ قىلىشقا قوشۇلماپتۇ. ئاۋىد ستادىي:

— ئۇ ناھايىتى ئەرزان، ئۆيگە ئەكىلىپ بولدۇق، ئەمدى قايتۇرۇۋەتسەك بولمايدۇ، — دەپتۇ.

— ئۆيىمىزدە ئۇ قىلغۇدەك ئىش يوق، ئەمسە بېرىپ مۇنچىنى تازىلىسۇن.

— ئۆنداق بولسا، شۇ ئىشنى قىلسۇن، مۇندىن كېيىن، نېمە قىلدۇرماقچى بولساڭ، ئۇنىڭغا تاپشۇرساڭ بولىدۇ.

يالغان خوتۇن:

— ماڭ جۈگۈ، داسنى يۇيغىن، كۇندە يەتتە قېتىم سۇرتۇپ پاكىزلايسەن، — دەپتۇ ئاۋىد ستادىينىڭ راست خوتۇنىغا.

— بولىدۇ خېنىم، — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ دېدەك ئىنتائەتچانلىق بىلەن ۋە ئىشلىگىلى چىقىپ كېتىپتۇ.

ئەتىسى ئۇ بوپىسىدىن بىر باش ياغلىقى ئاپتۇ. بۇ ياغلىقنى قېرى جادۇگەر ئۆز ۋاقتىدا ئۇنىڭغا بەرگەنىكەن. بۇ ياغلىق دۇنيادا بىرلا بولۇپ، ھەقىقەتەن چىرايلىق ئىكەن. بۇنى كۆرگەن ئۆيدىكى خوتۇننىڭ ياغلىققا كۆزى چۈشۈپتۇ ۋە دېدەكتىن سېتىپ بېرىشنى تەلەپ قىپتۇ. دېدەك قىز ئۇنىڭغا:

— بۇ باش ياغلىقنى بىرسى ماڭا سوۋغا قىلغان. سىز قانچە پۇل بەرسىڭىزمۇ ساتمايمەن، — دەپتۇ.

يالغان خوتۇن ياغلىقنى سېتىپ بەرگىن دەپ تۇرۇۋاپتۇ. دېدەك قىز ئۇنىڭغا:

— ئەگەر سىز مېنىڭ شەرتىمگە كۆنسىڭىز، مەن باش ياغلىقىمنى سىزگە بېرىمەن، — دەپتۇ.

— قانداق شەرت؟ دەپ باقە قېنى؟

— ماڭا ئېرىڭىز بىلەن بىر كېچە بىللە بولۇشقا رۇخسەت قىلىڭ، بىر كېچە بولسىلا بولدى.

يالغان خوتۇن قوشۇلۇپتۇ. قىز باش ياغلىقنى ئۇنىڭغا بېرىپتۇ.

يالغان خوتۇن كېچىسى ئۇخلاشتىن بۇرۇن ئېرىغا بىر ئىستاكان مەست قىلىدىغان دورا ئىچكۈزۈپ قويۇپ ئاندىن دېدەككە:

— سەن ئەمدى كىرىپ ئۇنىڭ بىلەن بىللە ئۇخلا، — دەپتۇ.

قىز ھەم ھەيران قالغان، ھەم خۇشال بولغان ھالدا ئاۋىد

ستادىنىڭ ھوجرىسىغا كىرىپتۇ. ئۇ مۇشۇ پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ بولغان ئىشنىڭ ھەممىسىنى ئىرىغا دېمەكچى بوپتۇ. لېكىن، ئۇ ئىرىنىڭ كارىۋاتتا ئۆلۈكتەك ئۇخلاپ ياتقانلىقىنى كۆرۈپ ئۈمىدسىزلىنىپ، ھەسرەت بىلەن مۇنداق ناخشا ئېيتىپتۇ:

ھەي، ئاۋىد ستادىي،
يۈرەك - باغرىم بولدى پارە.
سەن راستلا ئۇقمىدۇڭمۇ؟
دەرد - ئەلەمنى يەتكۈچە تارتىپ.
بۈگۈن مانا كەلدىم يېنىڭغا،
يۈرىكىڭ بىر ئازمۇ تۈيمىدىمۇ؟

ئۇنىڭ ئېچىنىشلىق ناخشا ئاۋازى بۇلۇتلارنى يېرىپ ئۆتۈپ شەھەرنىڭ بوشلۇقىدا ئۇزاققىچە ياڭراپتۇ. قىز ئىرىنىڭ يېنىدا ئولتۇرۇپ تاكى تاڭ سۈزۈلگىچە بۇ ناخشىنى قايتا - قايتا ئېيتىپتۇ.

ئۇ، ئىلگىرىكىدەكلا ئۆينىڭ ئۇششاق - چۈششەك ئىشلىرىنى تۈگىتىپتۇ، ئاندىن بوپىسىدىن جادۇگەر موماي بەرگەن ئىشتىنىنى ئاپتۇ ۋە تاكى يالغان خوتۇنىنىڭ كۆزى بۇنىڭغا چۈشكەنگە قەدەر كېيىپ - سېلىپ ئولتۇرۇپتۇ.

يالغان خوتۇن بۇنى كۆرۈپ ئاغزى - ئاغزىغا تەگمەي ماختاپتۇ. چۈنكى بۇنداق ئىشتاننى ئۇ تۈنجى رەت كۆرۈشى ئىكەن. ئادەتتە بۇنداق ئىشتاننى كۆپ پۇل خەجلەپمۇ سېتىۋالغىلى بولمايدىكەن. شۇنىڭ بىلەن ئۇ دېدەك قىزغا:

— بۇ ئىشتاننى سېتىپ بەرگىن، قانچە پۇل دېسەڭ بېرەي، — دەپتۇ.

دېدەك قىز بۇنىڭغا قوشۇلۇپتۇ. ئالدىنقى قېتىمقىغا ئوخشاش ئىرى بىلەن بىر كېچە بىللە بولۇشقا رۇخسەت قىلىش شەرتىنى قويۇپتۇ.



www.uyghurkitap.com

كەچتە ھېلىقى خوتۇنى يەنە ئېرىگە مەست قىلىدىغان دورىنى ئىچكۈزۈپ بولۇپ، قىزنى ئېرىنىڭ ھوجرىسىغا كىرگۈزۈپ قويۇپتۇ. قىز ئېرىنىڭ تۈنۈگۈنكىدەكلا تاتلىق ئۇخلاۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ كۆڭلى بۇزۇلۇپتۇ. شۇنىڭ بىلەن، ھەسرەتلىك ناخشا ئېيتىپ، توپتوغرا بىر كېچە يىغلاپ چىقىپتۇ.

ئاۋىد ستادىنىڭ ئۆيى شەھەر ئوتتۇرىسىغا جايلاشقان ئىكەن. ئۆيچۆرىسىدە توقاچ ساتىدىغان، كىر يۇيىدىغان، تىككۈچىلىك قىلىدىغان دۇكانلار بار ئىكەن. ئاۋىد ستادى ئۇدا ئىككى قېتىم توقاچ ياقتۇرسا، توقاچلارنىڭ كۆيۈك تۇرغانلىقىنى، يۇيۇلغان كىيىملەرنىڭ پاكىز يۇيۇلمىغانلىقىنى، يېڭى تىكىلگەن كىيىملەرنىڭ تىكىشلىرىنىڭ قاملاشمىغانلىقىنى بايقاپ قاپتۇ. ئاۋىد ستادى بۇنىڭدىن ئەجەبلىنىپتۇ. شۇنداقلا بۇنىڭ نېمىدىن شۇنداق بولغانلىقىنى بىر - بىرلەپ سۈرۈشتۈرۈپتۇ. كۆپچىلىك ئۇنىڭغا مۇنداق دەپتۇ:

— تۈنۈگۈن ۋە بىرناكۈن سىزنىڭ ئۆيىڭىزدىن كىشىنىڭ كۆڭلىنى ئېزىدىغان:

ھەي، ئاۋىد ستادى،
يۈرەك - باغرىم بولدى پارە.
سەن راستىنلا ئۇقمىدىڭمۇ؟
دەرد - ئەلەمنى يەتكۈچە تارتىپ،
بۈگۈن مانا كەلدىم يېنىڭغا.

يۈرىكىڭ بىر ئازمۇ تۇيمىدىمۇ؟ دېگەن ناخشا ئاڭلاندى. بىز بۇ ناخشىنى ئاڭلاپ، ئۇن سېلىپ يىغلاپ كەتتۇق. كۆپچىلىك بەك تەسىرلىنىپ كەتتى. شۇ ۋەجىدىن ئىككى كۈندىن بېرى قولىمىز ئىشقا بارمىدى. بۇ ئاۋاز سىزنىڭ ئۆيىڭىزدىن ئاڭلاندى. سىز ئاڭلىمىدىڭىزمۇ؟ . . .

ئاۋىد سىتادىي بۇگۇن كىچە بۇ ئىشنى ئىنىق ئۇقۇپ باقماقچى بوپتۇ.

ئەمدى قىزغا كېلەيلى. ئۇ، بوپىسىدىن يەنە ئىچ كۆڭلىكىنى ئاپتۇ. بۇ قېرى جادۇگەر بەرگەن ئەڭ ئاخىرقى سوۋغات ئىكەن. ئۇ قەستەنگە كۆرسۇن دېگەندەك ئىچ كۆڭلىكىنى كىيىپ ـ سىلىپ ئولتۇرۇپتۇ. دېگەندەك يالغان خوتۇنىنىڭ بۇنىڭغا كۆزى چۈشۈپ قاپتۇ. ئۇ، بۇ ئىچ كۆڭلەكنى بېرىشنى سوراپتۇ، قىز ئۇنىڭ ئېرى بىلەن بىر كېچە بىللە بولۇش شەرتى ھېسابىغا كۆڭلەكنى خوتۇنغا بېرىدىغان بوپتۇ.

شۇ كۈنى كۆز باغلانغاندا، ئاۋىدنىڭ يالغان خوتۇنى يەنە بىر ئىستاكان مەست قىلىدىغان دورا ئېلىپ كىرىپتۇ. لېكىن، ئاۋىد ئۇنى تۇيدۇرماي ئۇخلاش كىيىمىگە چېچىۋېتىپ، ئاندىن كارىۋاتقا چىقىپ، يالغاندىن قاتتىق ئۇخلىغان بولۇۋاپتۇ.

قىز ھوجرىغا كىرىپ ئاۋىدنىڭ يېنىدا ئولتۇرۇپتۇ، تاتلىق ئۇخلاۋاتقان ئېرىگە قاراپ يەنە كۆڭلى بۇزۇلۇپ ناخشا ئېيتىشقا باشلاپتۇ.

ئاۋىد ئوغرىلىقچە كۆزىنى ئېچىپ، نەچچە كۈن ئىلگىرى ئۆزى سېتىۋالغان دېدەكنىڭ يېنىدا ئولتۇرغانلىقىنى كۆرۈپ، ئورنىدىن چاچراپ تۇرۇپ كېتىپتۇ ۋە ئۇنىڭدىن:

ــ سەن كىم؟ نېمە ئانچە ھەسرەت چېكىسەن؟ ــ دەپ سوراپتۇ.

قىز بولغان ئىشنىڭ ھەممىسىنى ئېرىغا سۆزلەپ بېرىپتۇ. ئاۋىدنىڭ بەك ئاچچىقى كەپتۇ. ئۇ، ئورنىدىن چاچراپ تۇرۇپ يالغان خوتۇنى ياتقان ئۆيگە كىرىپتۇ ـ دە، ئۇنى ئۆلتۈرۈپ، ئورا كولاپ كۆمۈپ تاشلاپتۇ.

شۇنىڭدىن تارتىپ ئاۋىد سىتادىي بىلەن خوتۇنى بىللە ياشاپتۇ. ئۇلار كۆپ پەرزەنتلىك بوپتۇ. كۆڭلىرىمۇ ناھايىتى خۇشال ـ خۇرام ئۆتۈپتۇ.

# ئەينەكنىڭ ئىچى ۋە تېشىدا

(ئىراق)

بۇرۇنقى زاماندا بىر باي ئادەم ئۆتكەنىكەن. ئۇ توي قىلىشتىن ئىلگىرى توي قىلىدىغان قىزى ساندۇق، قىز مېلى، ئۆي سەرەمجانلىرىنى باشقىلاردىن ئۇنىڭ ئۆيىگە ئەۋەتىپتۇ. ئۇنىڭ قىز مېلى ئىچىدە رامكىسى خورما ياغىچىدىن ئىشلىنىپ، سىرتى كۈمۈش بىلەن قاپلانغان بىر ئەينەك بار ئىكەن. ئۇنى ئالتە هاممال كۆتۈرۈپ مېڭىپتۇ. يازنىڭ تومۇز كۈنلىرى بولغاچقا ئۇلار بەك ئىسسىپ كېتىپتۇ، گاللىرى قۇرۇپ، لەۋلىرىنى گەز باغلاپ هارغىنىدىن مېڭىشمۇخۇش ياقماي قاپتۇ. ئەينەكمۇ بۇرۇنقىدىن تېخىمۇ ئېغىرلاپ قالغاندەك تۇيۇلۇپتۇ. ئۇلار بىر خورمىزارلىقتىن ئۆتكەندە بىر هاممال:

— هازىر پېشىن ۋاقتى بوپ قالدى، بىز ئاۋۋال مەسچىدگە بارايلى. ئانچە - مۇنچە قورساقنى توقلاپ، هاۋا بىر ئاز سالقىنلىغاندا كېلىپ ئەينەكنى ئېلىپ كېتەيلى، — دەپتۇ.

— بۇ قىممەت باهالىق ئەينەك تۇرسا، ئۇنى خورمىزارلىقتا قويۇپ قويساق بولارمۇ؟ باشقىلار ئوغرىلاپ كەتمەسمۇ؟ — دەپتۇ باشقىلىرى.

لېكىن دەسلەپ گەپ قىلغان هېلىقى هاممال:

— هازىر هاۋا بەك ئىسسىق، كىممۇ بۇ يەرگە كەلسۇن؟ ئۇنى بىر ئادەم قانداقمۇ كۆتۈرۈپ ئەكەتەلەيدۇ؟ — دەپتۇ.

ئاخىر ئۇلار ئەينەكنى بىر خورما دەرىخىگە يۆلەپ قويۇپ كېتىپتۇ. ئارىدىن بىر ئاز ۋاقىت ئۆتكەندىن كېيىن، بۇ يەردىن ئۆتۈپ كېتىۋاتقان بىر قىز ئەينەكنى كۆرۈپ قاپتۇ ۋە ئەينەككە سىنچىلاپ قاراشقا باشلاپتۇ. ئۇ بىر كىمنىڭ مۇنداق قىممەتلىك ئەينەكنى بۇ يەرگە تاشلاپ كەتكەنلىكىگە ھەيران قاپتۇ.

بۇ چاغدا يۇسۇپ ئىسسىقلىك بىر بالا كەپتۇ. ئۇمۇ ئەينەككە سىنچىلاپ قاراپ ھەيران بوپتۇ. ئاندىن قىزنى كۆرۈپ ئۇنىڭ چىرايلىقلىقىغا تېخىمۇ ھەيران قاپتۇ. قىزنىڭ قاشلىرى قەلەمدەك، كۆزلىرى بۇلاقتەك، يۈزى ئالمىدەك، ئاغزى ئويماقتەك، لەۋلىرى ياقۇتتەك، چىشلىرى سەدەپتەك، قەددى ـ قامىتى سەۋرى دەرىخىدەك ئاجايىپ گۈزەل قىز ئىكەن. ئىككىيلەن ئەينەككە تەڭلا قاراۋاتقان چاغدا، يۇسۇپ ئىختىيارسىز ھەسرەتلىك ئۇھ تارتىپ قويۇپتۇ.

قىز يۇسۇپنىڭ ھەسرەت چېكىپ، كۆز يېشى قىلىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ ئۇنىڭدىن:

— سىز ھازىر خۇشال ئىدىڭىز، ئەمدى نېمىشقا كۆز يېشى قىلىسىز؟ — دەپ سوراپتۇ.

— ئۇنىڭ يىغلىغانلىقىنى كۆرۈپ، مېنىڭمۇ يىغلىغۇم كەلدى! — دەپتۇ يۇسۇپ جاۋابەن. ئۇ سۆزلەۋېتىپ ئەينەكتىكى ئەكسىنى كۆرسىتىپتۇ. قىز ئەينەككە قارىغۇدەك بولسا، بۇ يىگىتنىڭ ئەكسى ھەقىقەتەن يىغلاۋاتقۇدەك، قىز كۈلۈپ كېتىپتۇ:

— لېكىن بۇ باشقا بىرى ئەمەس، ئەينەكتىكى كۆرۈنگەن ئادەم دەل ئۆزىڭىز! شۇڭا سىز يىغلىسىڭىز ئۇمۇ يىغلايدۇ! — دەپتۇ. لېكىن يۇسۇپ:

— ئۇنداق ئەمەس! ئىشقىلىپ، ئەينەكتىكى ئادەم ماڭا بەك ئوخشايدىكەن، لېكىن ئۇ مەن ئەمەس. قاراڭ مەن ئوڭ قولۇمنى كۆتۈرسەم، ئۇ سول قولىنى كۆتۈرىدۇ. مەن سول قولۇمنى

كۆتۈرسەم، ئۇ ئۇڭ قولىنى كۆتۈرىدۇ. مەن بىر مۇسۇلمان بەندىسى. شۇنداقتىمۇ ئۇ ماڭا ئىشەنمەيدىكەن. گېپىمگە ئىشەنمىسىڭىز قاراپ بېقىڭ، خەنجىرىمگە ئاللانىڭ ئىسمى ئويۇلغان. لېكىن، ئۇنىڭ خەنجىرىگە قىلچە مەنىسى يوق قالايمىقان نەرسىلەر ئويۇلغان، ئۇنىڭ ئۇستىگە ئۇ سول قولىدا بىر نەرسە يەيدىكەن. سول قولدا قىلىدىغان ئىشنى ئوڭ قولىدا قىلىپ كۆنگەنىكەن. مەن بۇنىڭدەك ماڭا ئوخشايدىغان ئادەمنىڭ دۆتلىكىگە قاراپ كۆڭلۈم يېرىم بولۇپ كۆز يېشى قىلىۋاتىمەن، — دەپتۇ.

قىز يۇسۇپنىڭ گېپىنى بىر ئاز ئويلىنىۋالغاندىن كېيىن:

— ئەگەر سىز يىغلاشتىن توختىسىڭىز ئۇمۇ يىغىدىن توختايدۇ، — دەپتۇ. لېكىن، يىگىت كىشىنىڭ كۆڭلىنى ئەزگۈدەك ھەسرەت بىلەن يىغلاپتۇ ۋە:

— ئۇنداق ئەمەس! مەن ئۇنىڭ قەلبىنى چۈشىنىمەن، ئۇ ئاۋۇ قىزنى سۆيمەكچى. قىز سىزنىڭ ئاچا - سىڭلىڭىزغا بەك ئوخشايدىكەن، ئۇنىڭ سول مەڭزىدە خالى بولسا، سىزنىڭ ئوڭ مەڭزىڭىزدە خالىڭىز بار ئىكەن، — دەپتۇ. قىز ئەينەككە قاراپ قويۇپ:

— سىز نېمىشقا ئۇ يىگىت ئاۋۇ قىزنى ياخشى كۆرىدۇ دەيسىز، — دەپتۇ.

— قاراپ بېقىڭا، ئۇ يىگىت ئاۋۇ قىزدىن كۆزىنى ئۈزمەي تۇرىدۇ، ئۇنىڭ كۆزلىرىدە مۇھەببەت ئۇچقۇنى چاقناپ تۇرىدۇ. ئۇنىڭ سول قولى قىزغا قاراپ چىقىپ كېلىۋاتىدۇ! — دەپتۇ يۇسۇپ. لېكىن قىز:

— سىز نېمىشقا قۇچاقلايسىز؟ — دەپتۇ.

— مەن ئەينەكتىكى يىگىت بىلەن قىزنىڭ خۇشال بولۇشىنى ئۈمىد قىلىمەن! ئۆزىڭىزنىڭ ئەكسىنى ئەينەكتە بىر نەچچە كۈن

تۇرغۇزۇشقا رازى بولامسىز؟ بىز ئۇلارنى خۇشال قىلايلى! — دەپتۇ يۇسۇپ.

قىز ئەينەككە قاراپ، بۇ ئەينەكتە كۆرۈنۈپ تۇرغان يىگىتنىڭ ھەقىقەتەنمۇ بايىقىدىن تېخىمۇ خۇشال بولغانلىقىنى كۆرۈپتۇ. قىزمۇ ئوخشاشلا خۇشال بوپتۇ. لېكىن يۇسۇپ:

— ئەينەكتىكى يىگىت بەك خۇشال بولۇپ كەتمىدى، ئۇنىڭ كۆڭلىنى مەن ئوبدان بىلىمەن. ئۇ، قىزنى سۆيىمەكچى. لېكىن، قانداق سۆيۈشنى بىلمەيۋاتىدۇ. بىز نېمىشقا ئۇنىڭغا ئۆگىتىپ قويمايمىز؟ قارىڭە، مەن سىزنى ئۆزۈمگە چىڭ تارتقاندا، يىگىتمۇ سىزنىڭ ئاچا - سىڭلىڭىزغا ئوخشايدىغان قىزنى ئۆزىگە چىڭ تارتىدۇ. بەلكى مەن سىزنى چىڭ قۇچاقلاپ باغرىمغا باسقاندەك، ئۇمۇ ئاۋۇ قىزنى قۇچاقلاپ باغرىغا چىڭ باسىدۇ. لېكىن، ھازىر ئاۋۇ قىز بىزگە قاراپ تۇرۇۋاتىدۇ. يىگىتكە قارىمايۋاتىدۇ. شۇڭا مەن ئۇنىڭغا ئۈلگە كۆرسىتەي، ئۇ يىگىت قانداق قىلىپ قىزنى ئۆزىگە قارىتالايدىغانلىقىنى كۆرۈپ باقاي. قارىڭە، ئۇ نېمە دېگەن چېۋەر يىگىت — ھە! ئۇ ھەممىنى بىراقلا ئۆگىنىۋالدى! ئەمدى ئۇ قىزنى ھەقىقىي يوسۇندا راستتىنلا سۆيىدىغان بولدى، — دەپتۇ.

شۇنداق قىلىپ يۇسۇپ قىزنى ئۆزىگە تارتىپتۇ. ئۇلارنىڭ ئەكسى ئەينەكتە شۇ پېتى كۆرۈنۈپتۇ. بىر پەستىن كېيىن:

— ئىسمىڭىز نېمە؟ — دەپ سوراپتۇ يۇسۇپ. قىز:

— ئىسمىم نالا، — دەپتۇ. ئۇلار چۈشتىن كېيىن ھامماللارنىڭ ئاياغ تىۋىشىنى ئاڭلاپ بۇ يەردىن كېتىپ قاپتۇ. يۇسۇپ قىزنىڭ ئاتا - ئانىسىنى ئىزدەپ بېرىپ، ئۇلارغا كۈيئوغۇل بولۇشنى تەلەپ قىپتۇ. كېيىن ئىككىيلەن توي قىپتۇ.

يۇسۇپ نالانى خوتۇنلۇققا ئالغاندىن كېيىن، ئۇمۇ ئۆيىگە رامكىسى كۈمۈشتە قاپلانغان چوڭ بىر ئەينەك ياسىتىپتۇ. نالا ئەينەككە قاراپتۇ، بۇ چاغدا ئىككىيلەننىڭ خۇشاللىق يېغىپ تۇرغان چىرايى ئەينەكتە كۆرۈنۈپتۇ.

# ئەبۇسالامنىڭ خوتۇنى

(سەئۇدى ئەرەبىستان)

ئەبۇسالام يىراق بىر شەھەرگە بارماقچى بولۇپ چىرايلىق خوتۇنىغا:

— مېنى ساقلاپ تۇر، مەن ساڭا ئۆزۈڭ ياخشى كۆرىدىغان نەرسە ئالغاچ كېلىمەن، — دەپتۇ.

— ماڭا ھېچقانداق نەرسە كېرەك ئەمەس، سىلىنىڭ تىنچ - ئامان قايتىپ كېلىشلىرىنى ئۈمىد قىلىمەن، — دەپتۇ خوتۇنى.

— ئۇ يەردە بىر زەرگەر بار. خالخالنى[1] ناھايىتى چىرايلىق سوقىدۇ. ساڭا چوقۇم بىر جۈپ خالخال سوقتۇرۇپ كېلىمەن، — دەپتۇ ئەبۇسالام.

ئەبۇسالام يۈك - تاقلىرىنى يىغىشتۇرۇپ، خوتۇنى بىلەن ئايرىلغۇسى كەلمەي يولغا چىقىپتۇ.

ئەبۇسالام بۇ شەھەرگە كېلىپلا، ھېلىقى زەرگەرنى ئىزدەپتۇ. ئۇ زەرگەرگە:

— خوتۇنۇمغا چىرايلىق بىر جۈپ خالخال سوقۇپ بەرگىن! — دەپتۇ.

زەرگەر خالخالنىڭ چوڭ - كىچىكلىكى، قانچىلىك ئېغىرلىقتا بولىدىغانلىقىنى سوراپ، پۇلىنى كېلىشىپتۇ. ئەبۇسالام ئۇبدان ھەم تېزراق سوقۇپ بېرىشنى تەلەپ قىلىپ، ئۇستىدىن ئازراق پۇل

---

[1] ھىندى ئاياللىرىنىڭ پۇتىغا تاقىۋالىدىغان زىننەت بۇيۇمى.

بېرىپتۇ. زەرگەر ئىچىدە: «ئۇنىڭ خوتۇنى چوقۇم چىرايلىق بولسا كېرەك، ئۇنداق بولمىغاندا، شۇنچە نۇرغۇن پۇل خەجلەپ خالخال سوقتۇرامتى؟» دەپ ئويلاپتۇ ۋە نىيىتى بۇزۇلۇپتۇ، خالخالنى سوقۇپ بولۇپ، ئۇنىڭغا ئەپسۇن ئوقۇپ قويۇپتۇ.

ئارىدىن بىر نەچچە كۈن ئۆتكەندىن كېيىن، ئەبۇسالام ئىش بىر كۈنلىرىنى تۈگىتىپتۇ، زەرگەرنىڭ يېنىغا كېلىپ خالخالنى ئاپتۇ ــ دە، خۇشال ــ خۇرام ئۆيىگە قايتىپتۇ. ئۇ ئۆيگە كېلىپ خالخالنى خوتۇنىغا بېرىپتۇ. خالخال ئىنتايىن نەپىس ئىشلەنگەن بولۇپ، ئۇنىڭدىن نۇر چاقناپ تۇرىدىكەن. خوتۇنى خالخالنى ئېلىپ خۇشاللىقتىن ئۆزىنى قويارغا يەر تاپالماي قاپتۇ. نەرسە ــ كېرەكلەر يىغىشتۇرۇلۇپ بولغاندىن كېيىن، ئەبۇسالام خۇشال بولۇپ خوتۇنىغا:

ــــ سەن خالخالنى پۇتۇڭغا تاقاپ باققىن، يارىشامدىكىن قېنى؟ ــــ دەپتۇ.

خوتۇنى پۇتىغا بىر پاي خالخالنى تاقىشىغا ئۆزىنىڭ يېنىكلەپ كېتىۋاتقانلىقىنى سېزىپتۇ ۋە ئورنىدا تۇرالماي قاپتۇ. ئەبۇسالام خوتۇنۇم بەك خۇش بولۇپ كېتىۋاتقان چېغى، دەپ ئويلاپ، ئۇنىڭ يەنە بىرسىنىمۇ تاقاشنى ئېيتىپتۇ. خوتۇنى خالخالنىڭ يەنە بىرسىنى تاقىغاندىن كېيىن، تېخىمۇ يېنىكلەپ كېتىپتۇ ــ دە، ئۆزىنى باشقۇرالماي ئىشىك تەرەپكە قاراپ مېڭىپتۇ. سىرتىغا چىققىشىغا ئۇنىڭ پۇتلىرى كۆتۈرۈلۈپ خۇددى قۇشلار ئۇچقاندەك ئاستا ــ ئاستا ئاسمانغا كۆتۈرۈلۈپتۇ. ئەبۇسالامنىڭ قورقۇپ رەڭگى ئۆچۈپ كېتىپتۇ. ئۇ، خوتۇنىنىڭ ئارقىسىدىن قوغلاپتۇ. خوتۇنى بىرەر ئېغىز گەپ قىلىشقىمۇ ئۈلگۈرەلمەي، ئۇچۇپ كۆزدىن غايىب بوپتۇ.

خوتۇنى ئۇچۇپ كەتكەندىن كېيىن، ئەبۇسالامنىڭ كۆڭلى بەك بۇزۇلۇپتۇ. ئۇ، ئۇيان ئويلاپ، بۇيان ئويلاپ تۇيۇقسىز

ئېسىگە كەپتۇ ـ دە: «خوتۇنۇم خالخالنى تاقىغاندىن كېيىن ئۇچۇپ كەتتى. زەرگەر خالخالغا ئەپسۇن ئوقۇپ قويغان ئوخشايدۇ، قانداق قىلسام خوتۇنۇمنى تاپالارمەن» دەپ ئويلاپتۇ. ئەبۇسالامنىڭ بېشى قېتىپتۇ. تۆمۈر بىلەن تۆمۈرنى كەسكىلى بولىدۇ، سېھىرگەرنىڭ ئەپسۇنىنى سېھىرگەر ياندۇرىدۇ. ئەبۇسالام يېقىن ئەتراپتا سېھىرگەرنىڭ بارلىقىنى ئېسىگە ئاپتۇ ـ دە، دەرھال ئۇنى ئىزدەپ تېپىپ، ئۇنىڭدىن ياردەم سوراپتۇ.

— مەن ئەپسۇن ئوقۇغان، لېكىن هازىر ئوقۇمايمەن. مەن خۇدا ئالدىدا زادى ئەپسۇن ئوقۇمايمەن، دەپ قەسەم قىلغان. ئەگەر مەن ئەپسۇن ئوقۇسام خۇدا ئالدىدا جىنايەتكار بولىمەن! — دەپتۇ سېھىرگەر.

— ئەپسۇن ئوقۇپ كىشىلەرگە زىيان سالسا، خۇدايىم راۋا كۆرمەيدۇ، لېكىن ئەپسۇن ئوقۇپ ئازاب ئىچىدە قالغان ئادەملەرنى قۇتقۇزسا خۇدايىم خۇش بولىدۇ. مەن سەندىن خوتۇنۇمنى قۇتقۇزۇۋېلىشقا ياردەم بېرىشىڭنى تەلەپ قىلىمەن، — دەپتۇ ئەبۇسالام.

سېھىرگەر ئەبۇسالامنىڭ سۆزىگە قايىل بوپتۇ. ئۇ يېنىدىكى بىر ئۆيگە كىرىپ خورما ياغىچىنى ئېلىپ، ئۇنىڭغا ئەبۇسالام بىلەن مىنىپتۇ. ئاندىن سېھىرگەر ئەپسۇن ئوقۇپتۇ. ياغاچ دەرھال يەردىن ئاسمانغا كۆتۈرۈلۈپ زەرگەر ئولتۇرۇشلۇق شەھەرگە قاراپ ئۇچۇپ كېتىپتۇ.

ئۇزۇنغا قالماي خورما ياغىچى ئۇلارنى ئۇچۇرۇپ بۇ شەھەرنىڭ سىرتىدىكى خىلۋەت بىر جايغا چۈشۈرۈپتۇ. سېھىرگەر ياغاچنى يوشۇرۇپ قويۇپ، ئەبۇسالام بىلەن بىرگە زەرگەرنىڭ ئۆيى ئالدىغا كەپتۇ. ئۇلار:

— زەرگەر ئىشىكنى ئاچ! — دەپ ۋارقىراپتۇ. ئىشىكنى

www.uyghurkitap.com

قېقىپتۇ.

— مەن بەك ئالدىراش، ئىشىڭلار بولسا كېيىن كېلىڭلار، — دەپتۇ زەرگەر. سېھىرگەر بىلەن ئەبۇسالام:

— بىزنىڭ بەك ئالدىراش ئىشىمىز بار، كېيىن كېلەلمەيمىز، — دەپتۇ.

— مەن بۇگۈن ھەقىقەتەن ئالدىراش، سىلەر ئەتە كەلسەڭلار قانداق؟ — دەپتۇ زەرگەر.

— ئۇنداق بولسا سەن بېشىڭنى دېرىزىدىن چىقارغىن. مەن ساڭا بىر ئىغىز گېپىمنى دەپ قويۇپلا كېتىمەن، — دەپتۇ سېھىرگەر.

زەرگەر دېرىزىنى ئېچىپ، بېشىنى سىرتقا چىقىرىپتۇ. بۇ چاغدا سېھىرگەر ئاغزىدىن ئىككى تال خورما ئۇرۇقىنى چىقىرىپ كۈچەپ زەرگەرگە قارىتىپ ئېتىپتۇ ۋە ئارقىدىنلا:

— ئىلاھىم، سەن بىر بۆكەنگە ئايلىنىپ قالغايسەن! — دەپ ئەپسۇن ئوقۇپتۇ. ئىككى ئۇرۇقنىڭ بىرى زەرگەرنىڭ بېشىنىڭ سول تەرىپىگە، يەنە بىرى ئوڭ تەرىپىگە بېرىپ تېگىپتۇ. شۇنىڭ بىلەن، ئىككى تال خورما ئۇرۇقى شۇ زامات ئىككى مۈڭگۈزگە ئايلىنىپتۇ، زەرگەر مىدىر - سىدىر قىلالماي، بېشى دېرىزىگە قاپلىشىپ قاپتۇ. سېھىرگەر ئىشىككە قاراپ يۈدەپ قويۇپتىكەن، ئىشىك دەرھال ئېچىلىپتۇ. ئەبۇسالام ئۆيگە ئوقتەك ئېتىلىپ كىرىپ خوتۇننى تېپىپ چىقىپتۇ. خوتۇنى كۆز يېشىنى يامغۇردەك تۆكۈپ ئەبۇسالام بىلەن سېھىرگەرگە:

— خۇدايىم ساقلىدى. سىلەرمۇ دەل ۋاقتىدا يېتىپ كەلدىڭلار، شۇڭا ماڭا زىيانكەشلىك قىلالمىدى. مېنى دەرھال بۇ يەردىن ئېلىپ كېتىڭلار، — دەپتۇ.

سېھىرگەر دېرىزە ئالدىغا كېلىپ غەزەپ بىلەن زەرگەرنى

بابلاپتۇ. زەرگەر يېنىشلاپ ـ يېنىشلاپ كەچۈرۈم سوراپتۇ.

سەن خۇدانىڭ ئالدىدا قەسەم قىلغىن، بۇنىڭدىن كېيىن سىھىر ئىشلىتىپ ئادەملەرگە زىيانكەشلىك قىلماسلىققا ۋەدە بەرسەڭ، سېنى قويۇۋېتىمەن، — دەپتۇ سىھىرگەر.

زەرگەر خۇدا ئالدىدا قەسەم بېرىپتۇ، سىھىرگەر ئەپسۇن ئوقۇپ سىھىرنى يوق قىلىۋېتىپتۇ.

سىھىرگەر ئەبۇسالام ۋە ئۇنىڭ خوتۇنىنى ئېلىپ، خورما ياغاچقا مىنىپ ئۆز يۇرتىغا قايتىپ كەپتۇ. ئەبۇسالام سىھىرگەرگە نۇرغۇن قىممەتلىك سوۋغىلارنى ھەدىيە قىپتۇ. سىھىرگەر ئېلىشقا زادى ئۇنىماپتۇ، ئۇ ئەبۇسالامغا:

بېشىغا كۈن چۈشكەن ئادەملەرنى قۇتقۇزۇش مېنىڭ بۇرچۇم، مەن سېنىڭسوۋغاتلىرىڭنى قوبۇل قىلالمايمەن، — دەپتۇ ۋە خوشلىشىپ كېتىپ قاپتۇ.

ئەبۇسالام بىلەن خوتۇنى ناھايىتى ئىناق ئۆتۈپتۇ. بىر ئوغۇل يۈزىمۇ كۆرۈپتۇ. ئوغلى كۈنساناپ چوڭ بولۇشقا باشلاپتۇ. ئۇ ئەقىللىق، چىرايلىق بالا بولۇپتۇ. ئەبۇسالام ئوغلىنى مەدرىستە ئوقۇتۇپتۇ. خەلپەت بۇ بالىنىڭ چىرايلىقلىقىنى كۆرۈپ كۆڭلىدە بۇ بالىنىڭ ئاپىسى چوقۇم چىرايلىق ئايال بولسا كېرەك، دەپ ئويلاپ، كۆڭلىگە يامان نىيەت پۈكۈپتۇ. بىر كۈنى ئۇ، ئەبۇسالامنىڭ ئوغلىغا:

— سەن ئۆيگە بارغاندىن كېيىن ئاپاڭغا، چېچىڭنى تارىغان چاغدىكى چۈشكەن چاچ خەلپىتىمگە لازىم ئىكەن دېگىن، — دەپتۇ.

ئەقىللىق بالا ئۆيگە قايتىپ كەلگەندىن كېيىن، ناھايىتى غەزەپلەنگەن ھالدا، خەلپەتنىڭ دېگەنلىرىنى ئاپىسىغا ئېيتىپ بېرىپتۇ. ئاپىسى يەرگە سېلىنغان بىر پارچە گىلەمنى تارغاق بىلەن تاراپ بىر تۇتام يۇڭ چىقىرىپتۇ ۋە ئۇنى پاكىز يوپۇرماق بىلەن

ئۇراپ، ئوغلىغا بىلىندۇرمەي خەلپەتكە بىرىشنى تاپشۇرۇپتۇ. ئوغلى كەتكەندىن كېيىن، ئەبۇسالامىنىڭ خۇتۇنى گىلەمنى بىر ئۆيگە سولاپ قويۇپتۇ. گىلەم ئۆيدە ئۇچۇشقا باشلاپتۇ. ئۇ تۆت تامغا ئۆرۈلۈپ - سوقۇلۇپ، ئۆيدىن ئۇچۇپ چىقىپ كەتمەكچى بوپتۇ. ئىككى كۈنى ئۆتكەندىن كېيىن بازار كۈنى بوپتۇ. ئەبۇسالامىنىڭ خوتۇنى گىلەمنى سولاپ قويغان ئۆينىڭ ئىشىكىنى ئېچىۋېتىپتۇ. گىلەم دەرھال ئۇچۇپ چىقىپ مەدرىسىنىڭ ئۇستىدە ئۇچۇشقا باشلاپتۇ ۋە مەدرىسىنىڭ ناماز ئۆتەيدىغان زالىغا كىرىپتۇ. بۇ چاغدا، خەلپەت شاگىرتلىرىغا ناماز ئوقۇشنى ئۆگىتىۋاتقانىكەن. تۇيۇقسىز بىر گىلەم ئۇچۇپ كىرىپ خەلپەتنىڭ بېشىنى بىردەم ئايلىنىپتۇ، بىردەم ئۇنىڭ ئالدىغا ئۆتۈپتۇ. بىر دەم پەس، بىردەم ئېگىز ئۇچۇشقا باشلاپتۇ. بۇنىڭدىن شاگىرتلار ھەيران بوپتۇ. خەلپەت بۇنىڭ نىمە ئىش ئىكەنلىكىنى دەرھال ئىلغا قىلىپ، شۇ زامات نامىزىنى ئوقۇپ بولۇپ، ئۆيىگە يۈگۈرۈپ قايتىپ كەپتۇ. گىلەم ئۇنىڭ ئارقىسىدىن قالماي ئۆيگە ئۇچۇپ كىرىپتۇ. يېرىم كېچىدە، خەلپەت ئۆيدىن ئاستا چىقىپ ئىككىنچى قايتىپ كېلەلمەيدىغان، يىراق بىر جايغا قېچىپ كېتىپتۇ.

# هامال ۋە ئەقىللىق خوتۇن توغرىسىدا ھېكايە

(سەئۇدى ئەرەبىستان)

بۇرۇنقى زاماندا بىر يېزىدا بىر هامال ئۆتكەنىكەن. ئۇ، كىشىلەرنىڭ نەرسە - كېرەكلىرىنى توشۇپ بېرىپ تىرىكچىلىك قىلىدىكەن. ئۇنىڭ تاپاۋىتى ياخشى بولمىغاچقا ياقا يۇرتلارغا بېرىپ كۈننى ئالماقچى بوپتۇ. ئۇ بىر سودا كارۋىنى بىلەن ئالاقىلىشىپ، دېڭىز قولتۇقىغا جايلاشقان بىر شەھەرگە بېرىپ تىرىكچىلىك قىلماقچى بوپتۇ.

ئۇلار شەھەرگە دەل مەرۋايىت يىغىش پەسلىگە ئۇلگۇرۇپ كەپتۇ. هامال مەرۋايىت يىغىدىغانلار قاتارىغا قوشۇلۇپتۇ. مەرۋايىت يىغىش خەتەرلىك بىر ئىش بولۇپ، دېڭىزنىڭ ئاستىغا چۈشكەن ئادەمنىڭ هاياتى هامان خەتەر ئاستىدا قالىدىكەن. شۇ چاغدا، مەرۋايىت يىققۇچىلار دېڭىز تەكتىگە چۈشىدىغانلارنىڭ ئىشىنىڭ خەتەرلىك دەرىجىسىگە قاراپ هەق بېرىشنى، قالغانلارغا ئۆزلىرىنىڭ ئەمگىكىگە يارىشا مەرۋايىت بېرىشنى بەلگىلەپتۇ.

مەرۋايىت يىغىش پەسلى ئاياغلاشقاندىن كېيىن، مەرۋايىت يىققۇچىلارنىڭ هەر بىرىگە مەلۇم هەق ئۇلەشتۇرۇپ بېرىپتۇ. هامالغىمۇ نۇرغۇن هەق تېگىپتۇ. ئۇ خۇشال بولۇپ ئۆزىنى قويىدىغان جاي تاپالماي قاپتۇ. چۈنكى ئۇ ئۆمرىدە ئەزەلدىن مۇنچىلىك كۆپ مال - دۇنياغا ئىگە بولۇپ باققان ئەمەسكەن. ئۇ، يۇرتىغا قايتىپ بېرىپ، بۇ پۇلغا ئالدى بىلەن ئۆي سېتىۋالماقچى، ئاندىن ئۆيلەنمەكچى، قالغان پۇلنى ئۆز تۇرمۇشىغا خىراجەت قىلماقچى

بوپتۇ.

هامال يۇرتىغا قايتىدىغان سودا كارۋانلىرىنى تەرەپ ـ تەرەپتىن ئۇقۇشۇپ كۆرۈپتۇ، لېكىن سودا كارۋانلىرى مەڭشىم بولۇۋەرمىگەنلىكتىن، ئۇلارنىڭ ئىز ـ دېرىكىنى قىلالماپتۇ. هامال ئامال قىلالماي، سەۋرچانلىق بىلەن پۇرسەت كۈتۈپتۇ.

ئۇ ئۆزىگە بېرىلگەن مەرۋايىتنى سەكسەن تىللاغا ئالماشتۇرۇپ، بىر خالتىغا سېلىپ ئۆز يېنىدا ئېلىپ يۈرۈپتۇ. ئۇ بىخەستەلىك قىلىپ بۇ بايلىقنى يىتتۈرۈپ قويۇشتىن ئەنسىرەپتۇ، شۇڭا دائىم دېگۈدەك قولىنى قويىنىغا سېلىپ سىلاپ قويىدىغان بوپتۇ. ئۇ هەر قېتىم قولىنى خالتىغا سېلىپ، يۇپيۇمىلاق تىللالارنى سىلىغاندا خۇشلۇقتىن گۈلقەقەلىرى ئېچىلىپ كېتىدىكەن، ئەتراپىدا ئادەم بولمىسا، قولىنى خالتىغا سېلىپ، تىللالارنى بىر ـ بىرلەپ سانايدىكەن. ئۇنىڭ بۇنداق قىلىشىدىكى سەۋەب، تىللالارنىڭ ئازلاپ كېتىشىدىن قورققانلىقى ئەمەس، بەلكى ئۇنىڭ جىرىڭلاپ تۇرغان ئاۋازىنى ئاڭلاش، كۆزىنى قاماشتۇرىدىغان نۇرىنى كۆرۈش ئىكەن. چۈنكى ئۇنىڭ بارلىق ئۇمىد ـ ئارزۇلىرى شۇنىڭغىلا قاراشلىق ئىكەن.

بىر كۈنى ئۇ بىر خارابىلىقتىن ئۆتۈپ كېتىۋاتقاندا، تۇيۇقسىز هاجەت قىلغۇسى كەپتۇ. ئۇ بىر خالىي جايغا بېرىپ ئولتۇرۇپتۇ. ئۇنىڭ قوللىرى بىكار قالغاچقا قويىنىدىن خالتىنى ئېلىپ بىر ـ بىرلەپ ساناشقا باشلاپتۇ. ساناپ بولغاندىن كېيىن، تىللالارنى خالتىغا سېلىپ قويىنىغا سېلىۋاپتۇ.

بۇ خارابىلىقنىڭ ئالدى تەرىپىدىكى ئۆيدە بىر ئايالنىڭ بىر نەچچە باللىرى بىلەن تۇرىدىغانلىقى كىمنىڭمۇ ئېسىگە كەلسۇن؟ هامال تىللالارنى ساناۋاتقاندا خوتۇن ھەممىنى كۆرۈپ تۇرۇپتىكەن. ئۇ تىللانىڭ سانى، تىللا قاچىلانغان خالتىنىڭ رەڭگى ۋە خالتا تىككەن

يىپنىڭ رەڭگى قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسىنى بىلمەپتۇ. ئۇ كۆڭلىدە تىللالارنى قولغا كىرگۈزۈش پىلانىنى تۈزۈپتۇ. ئۇ ئايال دەرھال كىيىملىرىنى ئالماشتۇرۇپ، يول بويىغا كېلىپ ھامالنى ساقلاپ تۇرۇپتۇ.

ئۇ ھاجەت قىلىپ بولۇپ، يول ياقىسىغا كەلگەندە، ھېلىقى خوتۇن ئۇنىڭ ياقىسىدىن تۇتۇۋېلىپ ۋارقىراپتۇ:

— سەن بالىلار بىلەن مېنى تاشلاپ كەتمە. سەن ئۆزۈڭ يالغۇز بېشىڭنى ئېلىپ كەتمەكچىمۇ... سەن ھەممە تىللانى ئېلىپ كېتەمسەن؟ بالىلار بىلەن مەن قانداق كۈنىمىزنى ئالىمىز!

ھامال ئۇنىڭ ئېرى ئەمەسلىكىنى، ئۇنى تونىمايدىغانلىقىنى قايتا ـ قايتا چۈشەندۈرۈپتۇ. لېكىن، ھېلىقى ئايال «ئېرى» نىڭ تۇرمۇش راسخوتى قالدۇرۇشنى ئۆكتەملىك بىلەن تەلەپ قىلىپ تۇرۇۋاپتۇ.

تاماشا كۆرگۈچىلەر بارغانسېرى كۆپىيىپتۇ. بۇ ئايال ھامالنىڭ كىيىمىگە چىڭ ئېسىلىۋاپتۇ. شۇنداق قىلىپ، ھامال قۇتۇلۇشنىڭ ئامالىنى قىلالماي قاپتۇ. بەزى يولۇچىلار ھامالغا، پۇلنىڭ يېرىمىنى بەرسەڭ بولىدىمۇ، دەپ مەسلىھەت بېرىپتۇ. لېكىن، ھەر ئىككىسى بۇنىڭغا كۆنمەپتۇ. ئاخىر بولماي خەقلەر ئۇلارنى قازىنىڭ توغرا ھۆكۈم چىقىرىپ قويۇشى ئۈچۈن شەھەرنىڭ قازىخانىسىغا باشلاپ كەپتۇ.

ئايال ئالدى بىلەن ھامالنىڭ ئۆز ئېرى ئىكەنلىكىنى، ئۇنىڭ بىلەن بىللە ئۆي تۇتۇپ بىر نەچچە بالىلىق بولغانلىقىنى، ئۆزلىرىنىڭ بىر ئاز بايلىق توپلىغانلىقى، ئەمدىلىكتە ئېرىنىڭ بالا ـ چاقىلىرىنى تاشلاپ يالغۇز ئۆزى باشقا شەھەرگە كەتمەكچى بولغانلىقى، ئۆزىنىڭ ئىگىسىز، يۆلەكسىز قالغانلىقى ھەققىدە ئەرزىيەت ئېيتىپتۇ.

ھامال بۇ ئايالنىڭ ئۆز خوتۇنى ئىكەنلىكىنى ئىنكار قىلماپتۇ،

بۇ ئايالنى زادى تونۇمايدىغانلىقىنى ئېيتىپتۇ.

ھېلىقى ئايال قازىدىن باللارنى باشلاپ كېلىپ، دادىسىنى تونۇپ بېقىشنى، شۇنداق قىلغاندا ئۆزىنىڭ دېگەنلىرىنىڭ راست ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلىغىلى بولىدىغانلىقىنى تەلەپ قىپتۇ. قازى ماقۇل كەپتۇ. ئەسلىدە بۇ ئايال باللىرىغا ھامالنى داداڭلار، دەپ ئۆگىتىپ قويغانىكەن. شۇڭا ئۇلار قازىخانىغا ئېلىپ كېلىنگەندە، ھامالنى كۆرۈپلا ئالدىغا ئېتىلىپ بېرىپ، ئۇنىڭ كىيىمىدىن تۇتۇۋېلىپ، «دادا» دەپ توۋلاپتۇ. گەرچە ھامال ئۇلار بىلەن قىلچە مۇناسىۋىتىنىڭ يوقلۇقىنى ئىسپاتلىغان بولسىمۇ، بۇنىڭ ھېچقانداق ئۈنۈمى بولماپتۇ.

قازى بۇ پاكىتلارغا ئىشىنىپتۇ ۋە باللار جىنىدا يالغان سۆزلەشنى بىلمەيدۇ، دەپ ئويلاپتۇ. ئاخىر قازى:

— ئەگەر ھامال باشقا جايغا كېتىشتە چىڭ تۇرسا، ئۇ جەزمەن سەكسەن تىللانىڭ ھەممىسىنى «خوتۇنى» نىڭ خىراجەت قىلىشىغا قالدۇرۇشى لازىم، — دەپ ھۆكۈم چىقىرىپتۇ.

ھېلىقى ئايال سەكسەن تىللانى ئېلىپ، باللىرى بىلەن خۇشال-خۇرام ئۆيىگە قايتىپ كېتىپتۇ. قازىخانىدا ھامال لا قاپتۇ. ئۇ مىڭ بىر جاپادا تاپقان بايلىقىنىڭ ھەممىسىدىن ئايرىلىپ قاپتۇ. ئۇنىڭ شېرىن خىياللىرى بىر پەستىلا يوققا چىقىپتۇ. ئەمدى قانداق قىلغۇلۇق؟ ھامال خېلى ۋاقىت ئۆتكەندىن كېيىن، ئېسىگە كەپتۇ ۋە تولىمۇ پەرىشان ھالدا مەقسەتسىزلا، شەھەرنىڭ ئۇ يېقىدىن بۇ يېقىغا مېڭىپ يۈرۈپتۇ. ئۇ باياتىن بولۇپ ئۆتكەن ئىشلارنى كۆز ئالدىغا كەلتۈرگەندە جاھاندىن كۆڭلى سوۋۇپ كېتىپتۇ، بىر كوچىنىڭ ياقىسىدا قويۇق سايە تاشلاپ تۇرغان چوڭ بىر تۈپ دەرەخنى كۆرۈپتۇ ـ دە، دەرھال دەرەخنىڭ يېنىغا كېلىپ ئولتۇرۇپتۇ ۋە ئەمدى قانداق قىلارمەن، دەپ ئويغا پېتىپتۇ. . .

بۇ دەرەخنىڭ ئۇدىلىدا چىرايلىق سىلىنغان بىر ئۆي بار ئىكەن. ئۆيدىكىلەر دەسلىپىدە بۇ ھامماللىنىڭ دەرەخ تۈۋىدە ئولتۇرغانلىقىنى كۆرۈپ، ئۇ يول يۈرۈپ ھېرىپ كەتكەنلىكتىن دەرەخ سايىسىدا سەگىدەۋاتقان ئوخشايدۇ. ھاۋا بىر ئاز يانغاندىن كېيىن، سەپەر قىلسا كېرەك، دەپ ئويلاپتۇ. لېكىن، ئۇلار بۇ ئادەمنىڭ كۆڭلى پەرىشان ئىكەنلىكىنى، سەپەر قىلىش نىيىتىنىڭ يوقلۇقىنى كۆرۈپ بۇنىڭدىن ئەجەبلىنىپتۇ.

بۇ ئائىلىنىڭ ئايال خوجايىنى ناھايىتى ئەقىللىق بىر ئايال ئىكەن. ئۇ بىر دېدىكىگە بۇ يولۇچىنى چاقىرغۇزۇپ غىزا بەرمەكچى بوپتۇ. ھاممال بۇ ئۆينىڭ ئايال خوجايىنىنىڭ ئۆزىنى كەچلىك تاماققا تەكلىپ قىلغانلىقىنى، شۇنداقلا ئۇنىڭ قىيىنچىلىقىنى ھەل قىلىشقا ياردەم قىلىدىغانلىقىنى ئاڭلاپ يۈرىكى يېرىلىپ كەتكۇدەك خۇشال بولۇپ كېتىپتۇ. ئۇ ئورنىدىن تۇرۇپ، دېدەكنىڭ كەينىدىن ئۆيگە كىرىپتۇ.

ئايال خوجايىن ئۇنىڭغا غىزا بېرىپتۇ، ئاندىن ھاممالدىن قانداق كۆڭۈلسىزلىككە ئۇچرىغانلىقىنى سوراپتۇ. ھاممال بولۇپ ئۆتكەن ئىشلارنىڭ ھەممىسىنى سۆزلەپ بېرىپتۇ. ئايال خوجايىن ئۇنىڭغا تەسەللى بېرىپ:

— سەن بۇنىڭغا چېچىلما! مېنىڭ ئۇ ئايالدىن پۇلۇڭنى نەچچە ھەسسىلەپ قايتۇرۇۋېلىشقا ئامالىم بار، — دەپتۇ.

— مەن ئۆزۈمنىڭلا پۇلۇمنى قايتۇرۇۋېلىشنى ئويلايمەن. باشقىلارنىڭ بىر تىيىنىنىڭ ماڭا كېرىكى يوق، — دەپتۇ ھاممال ئالمان - تالمان.

— سەن ئەتە قازىنى ئىزدەپ بېرىپ، ئۆزۈڭنىڭ ياقا- يۇرتقا بېرىپ كېلىدىغانلىقىڭنى، لېكىن چوڭ بالىنى بىللە ئېلىپ كېتىدىغانلىقىڭنى ئېيتقىن، كىچىكلىرى ئانىسىنىڭ يېنىدا قالسۇن،

لېكىن بالىلارنىڭ ئانىسى چوڭ بالىسىنى ساڭا بېرىشكە قوشۇلمايدۇ. شۇڭا سەن قازىدىن ئادىل ھۆكۈم چىقىرىشنى تەلەپ قىل، — دەپتۇ ئايال خوجايىن ئۇنىڭغا تاپىلاپ.

ئەتىسى ھامال ئەقىللىق ئايال دېگەندەك قىلىپتۇ. قازى «خوتۇنى» نىڭ چوڭ ئوغلىنى «ئېرى» گە بېرىش توغرىسىدا ھۆكۈم چىقىرىپتۇ. ئايال ئۈنىمىغان بولسىمۇ، قازىنىڭ ھۆكۈمى قانۇن بولغاچقا، ئۇ ۋارقىراپ - جارقىراپ قاپتۇ. ھامال چوڭ ئوغۇلنى ئېلىپ كېتىپتۇ. ئايال «ئېرى» بىلەن ئوغلىنىڭ كەينىدىن ئەگىشىپ، ئادەم يوق جايغا كەلگەندە، ھامالدىن ئۆتۈنۈپ:

— مېنىڭ سۆيۈملۈك «ئېرىم» ئوغلۇمنى ئېلىپ كەتمە، ئۇنىڭ ساڭا نېمە پايدىسى تېگىدۇ، ئۇ ساڭا ئېغىر - ئارتۇقچە يۈك بولىدۇ. ساڭا ئاۋارىگەرچىلىك كەلتۈرىدۇ، — دەپتۇ.

— مېنىڭ ئامالىم قانچە؟ سەن مېنى مۇشۇنداق قىلىشقا زورلىدىڭ. مەن ئىلاجسىزلىقتىن شۇنداق قىلدىم، — دەپتۇ ھامال جاۋابەن.

— ياق ئامال بار! — دەپتۇ ئايال، — يەنە بىر ئەپچىل چارە بار. سەن بالامنى ماڭا قايتۇرۇپ بېرىسەن، مەن ساڭا سەكسەن تىللانى قايتۇرۇپ بېرىمەن. بولامدۇ؟

— ئۇنداق قىلساق بولامدۇ؟ قازىنىڭ ھۆكۈمىگە ھېچكىم خىلاپلىق قىلالمايدۇ، مەن مۇنداق ئىشنى قىلمايمەن. . . — دەپتۇ ھامال قەستەنگە.

ھېلىقى خوتۇن بۇ ئىشنى شۇنداق پۈتۈشۈشكە، قازىنىڭ ئالدىغا بارماسلىققا يالۋۇرۇپ قىلمىغان ياخشى گەپلىرى قالماپتۇ. ئاخىر ھامال ماقۇل كەپتۇ. شۇنداق قىلىپ، ئۇ تارتقۇزۇپ قويغان تىللالىرىنى قايتۇرۇۋاپتۇ. بۇ ئوڭۇشسىزلىقلاردىن كېيىن ھامال سەكسەن تىللانى بىخەستەلىك قىلماي يېنىغا مەھكەم ساپتۇ. چۈنكى

www.uyghurkitap.com

ئەمدى بۇ تىللانى تارتقۇزۇپ قويسا، ئىككىنچىلەپ قايتۇرۇۋېلىشقا كۆزى يەتمەپتۇ. شۇڭا ئەتراپقا چىپپىپ سودا كارۋىنى ئىـــزدەپ، شۇلارغا ھەمراھ بولۇپ يۇرتىغا ئامان ـ ئېسەن كېتىۋېلىشقا تېخىمۇ ئالدىراپتۇ. لېكىن، ئىشەنچلىكرەك سودا كارۋىنى ئۇقىشالماپتۇ. ئاخىر سەۋرچانلىق بىلەن كۈتۈشكە باشلاپتۇ.

بىر كۈنى ھامىمال بازار ئايلىنىپ يۈرگەندە، بىر دۇكاننىڭ خوجايىنى ئۇنىڭ ئالدىغا يۈگۈرۈپ كېلىپ دەپتۇ:

— دۇكىنىمغا پۇل ئامانەت قويساڭ بولىدۇ. ئىشەنچلىك، ئۈسۈمى ئوبدان، مۇبادا خالىساڭ پۇلۇڭنى ۋاقىتلىق بىزنىڭ بۇ يەرگە قويۇپ تۇرغىن. سەن قاچان يۇرتۇڭغا ماڭماقچى بولساڭ، شۇ چاغدا كېلىپ پۇلۇڭنى ئالساڭ بولىدۇ. ئادەتتىكـى ئادەم بولسا، مەن راستىنلا مۇنداق ئىشنى قىلمىغان بولاتتىم. قارىسام سەن ياقا يۇرتلۇق ئوخشايسەن. يېنىڭدا پۇل ساقلاپ يۈرۈش ئەپسىز، شۇنىڭ ئۈچۈن. . .

ھامىمال دۇكان خوجايىنىنىڭ بۇ گەپلىرىنـــى ئاڭلاپ ماقۇل بوپتۇ. چۈنكى ئۇ سەكسەن تىللاسىنى يەنە يىتتۈرۈپ قويۇشتىــن قورقۇپ، بىخەتەر جاي بولسا قويۇپ قويۇشنى ئويلاپ يۈرگەچكە، ناھايىتى رازىمەنلىك بىلەن تىللا سېلىنغان خالتىســـــــى دۇكان خوجايىنىغا بېرىپتۇ.

ئۇزۇن ئۆتمەي ھامىمال بىر سودا كارۋىنىنىڭ ئۆز يۇرتىدىن ئۆتىدىغانلىقىنى ئۇقۇشۇپ، ناھايىتـــــى خۇشال بوپتۇ ۋە دەرھال يۈگۈرۈپ بېرىپ دۇكان خوجايىنىدىن ئامانەت قويغان تىللاسىنى قايتۇرۇۋالماقچى بوپتۇ. لېكىن، ئۇ دۇكان خوجايىـــــنىـــــڭ بۇرۇنقىدەك كۈلۈمسىرەپ تۇرمىغانلىقىنى، بەلكى چىـــرايىــــدىن سوغۇق، رەھىمسىزلىك يېغىپ تۇرغانلىقىنى كۆرۈپتۇ. خوجايىن ھامىمالنىڭ پۇلۇمنى قايتۇرۇۋالغىلى كەلدىم، دېگەن گېپىنى ئاڭلاپ

غەزەپ بىلەن:

— سەن نىمىلەرنى دەپ جۆيلۇپ يۈرىسەن! قايسى بىر كۈنى تىللانى ساڭا قايتۇرۇپ بەرگەن ئىدىمغۇ، — دەپتۇ.

ئاندىن كېيىن خوجايىن تىللا خالتىسىنى قايتۇرۇپ بەرگەن ۋاقىتتىكى ئەھۋالنى خۇددى راست بولغاندەك سۆزلەپ ئۆتۈپتۇ. هامىمال ئۆزىنىڭ يەنە بىر قېتىم قىلتاققا چۈشكەنلىكىنى بىلىپتۇ ـ دە، ئىچى ئۆرتىنىپ، شۇ چاغدىكى ئەھۋالنى قايتا ـ قايتا چۈشەندۈرۈپ ئۆتۈپتۇ. يەنە ئۇلار دېيىشكەن بەزى گەپلەرنىمۇ خوجايىنىنىڭ ئېسىگە ساپتۇ. لېكىن، خوجايىن بۇلارنىڭ ھەممىسىنى ئىنكار قىلىپ، مەن تىللانى قايتۇرۇپ بەرگەن، دەپ چىڭ تۇرۇۋاپتۇ.

هامىمال نائىلاج دۇكاندىن قايتىپ چىقىپتۇ. ئۇنىڭ ئېسىگە تۇيۇقسىز ئۆتكەن قېتىم ئۆزىگە ياردەم قىلغان ھېلىقى ئەقىللىق ئايال خوجايىن كەپتۇ.

شۇنىڭ بىلەن، ئۇ دەرھال بۇ ئايالنى ئىزدەپ مېڭىپتۇ.

— سەن تېخىچە كەتمەپسەنغۇ؟ — دەپ سوراپتۇ ئايال خوجايىن.

— ئىشەنچلىك بىر سودا كارۋىنى يولۇقۇپ قالارمىكىن دەپ خېلى كۈتتۇم. مانا ئەمدى يۈرتىمىزدىن ئۆتىدىغان بىر سودا كارۋىنى بىلەن ئالاقىلىشىپ شۇلار بىلەن قايتاي، دەپ تۇرغانىدىم. لېكىن، دۇكان خوجايىنى مېنى ئالداپ تىللايىمنى ئېلىۋالدى. شۇڭا سىلىنى ياردەم قىلارمىكىن دەپ كەلگەنىدىم، — دەپتۇ هامىمال.

هامىمال ئايال خوجايىنغا تىللانى ئامانەت قويغان چاغدىكى ئەھۋالنى بىر قېتىم تەپسىلىي سۆزلەپ بېرىپتۇ. ئايال خوجايىن ئۇنىڭ دېگەنلىرىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن، ئۇنىڭغا تەسەللى بېرىپ:

— سەن خاتىرجەم بول، بۇ پۇل ھېچ يەرگە قېچىپ

كېتەلمەيدۇ! دۇكان خوجايىنى بۇ پۇلنى ياۋاشلىق بىلەن ساڭا ئەكىلىپ بېرىدۇ، — دەپتۇ.

ئايال خوجايىن هامالغا، چۈشتىن بۇرۇن دۇكان خوجايىنىنى ئىزدەپ تېپىپ، پۇلۇڭنى ئېلىۋالغىن دەپتۇ.

هامال ئايال خوجايىنىنىڭ گېپىگە دەرگۇماندا قاپتۇ. شۇنداقتىمۇ ئۇنىڭغا ئايال خوجايىنىنىڭ پىلانى بويىچە ئىش كۆرۈشتىن باشقا ئامال قالماپتۇ.

ئەتىسى ئەتىگەندە، ئايال خوجايىن شۇ دۇكانغا ئۆزى كەپتۇ. دۇكان خوجايىنى ئايال خوجايىننى ئىززەتلەپ، ئىنتايىن قىزغىن كۈتۈۋاپتۇ. ئايال خوجايىن دۇكان خوجايىنىغا:

— ئۆزلىرىگە مەلۇم بولسا كېرەك، ئېرىم سودا ئىشى بىلەن سىرتقا چىقىپ كەتتى. ئۆيدە ئايال خەقلەرلا قالدۇق. مەندە نۇرغۇن قىممەت باھالىق ئۈنچە ـ مەرۋايىت ۋە نۇرغۇن نەق پۇل بار ئىدى. ئۆيدە قويسام بەك خەتەرلىك. شۇڭا سىلىنىڭ دۇكانلىرىغا ئامانەت قويۇشنى ئويلاپ قالدىم. سىلى سەممىي، ئىشەنچىلىكمۇ بىلەلمىدىم؟ — دەپتۇ.

دۇكان خوجايىنى ئۆزىنى ئۇنداق ئىشەنچىلىك، مۇنداق ئىشەنچلىك دەپ تۇرغاندا هامال كىرىپ كەپتۇ. شۇنىڭ بىلەن، ئۇ دەرهال سەكسەن تىللانى ئېلىپ هامالغا بېرىپ ئايال خوجايىنغا:

— بۇ يەرگە پۇل ئامانەت قويسىڭىز بەك ئىشەنچلىك، بىر تىيىنمۇ كەم قالمايدۇ. قايسى چاغدا كېرەك بولسا، شۇ چاغدا ئالالايسىز، ئىشەنمىسىڭىز بۇ كىشىدىن سوراپ كۆرۈڭ، — دەپتۇ.

ئەقىللىق ئايال دۇكان خوجايىنىغا قاراپ كۈلۈپ قويۇپ، ئەمدى گەپ قىلاي دەپ تۇرۇشىغا ئايال خوجايىنىنىڭ دېدىكى دۇكانغا كېلىپ، ئايال خوجايىنىغا:

— خانىم بېگىم قايتىپ كەلدى، — دەپتۇ.

ئايال خوجايىن ئېرىنىڭ قايتىپ كەلگەنلىكىنى ئاڭلاپ خۇشاللىقتىن تۇرالماي قاپتۇ. ئۇ دۇكان خوجايىنىغا:

— كەچۈرسىلە! ئېرىم قايتىپ كەپتۇ. پۇلنى ئامانەت قويمايمەن! — دەپتۇ ـ دە، دۇكان خوجايىنى بىلەن خوشلىشىپ ئۆيگە قايتىپتۇ. دۇكان خوجايىنى ھاڭۋېقىپ تۇرۇپلا قاپتۇ.

ھامال ئەقىللىق ئايال خوجايىنغا چىن كۆڭلىدىن تەشەككۇر بىلدۈرگەندىن كېيىن، يۇرتىغا قايتىپ كېتىپتۇ. شۇنىڭدىن تارتىپ ئۇ بەختلىك، باياشاد تۇرمۇش كەچۈرۈپتۇ.



www.uyghurkitap.com

# ئەقىللىق قۇش ئەنقا

(پەلەستىن)

بۇرۇنقى زاماندا بىر ئوۋچى ئۆتكەنىكەن. ئۇ دائىم تور بىلەن سۇ قۇشلىرى ۋە قۇرۇقلۇقتا ياشايدىغان قۇشلارنى تۇتۇدىكەن. ئاندىن قۇشلارنى سېتىپ پۇلىغا يېمەكلىك سېتىۋېلىپ، خوتۇنى بىلەن ئارزۇلۇق ئوغلىنى باقىدىكەن. بۇ ئوۋچى ئوغلىنى ئوقۇتۇش ئۈچۈن مەكتەپكە ئەۋەتىپتۇ. بۇ بالا مەكتەپ بويىچە ئەڭ ئەقىللىق بولغاچقا ھەممىنى بېسىپتۇ.

بىر كۈنى ئوۋچى ئوۋغا چىقىپ كېتىپ، كەچ كىرگەندە قايتىپ كەلمەپتۇ. ئۇ ئەسلىدە بىر شىرغا ئۇچراپ قاپتۇ. ئۇ، شىرنى ئۆلتۈرمەكچى بوپتۇ، لېكىن شىر بەك كۈچلۈك بولغاچقا، شىر ئوۋچىنى بوغۇپ ئۆلتۈرۈپ قويۇپتۇ. ئوۋچىنىڭ ئوغلى دادىسىنى ئىزدەپ چىقىپتۇ. دادىسىنىڭ نەيزىسى بىلەن قانغا مىلىنىپ ياتقان ئايىغىنى كۆرۈپ بالىنىڭ ئىنتايىن غەزىپى كەپتۇ. ئۇ شىرنىڭ يېنىغا ئېتىلىپ بېرىپ، نەيزىنى تىقىپ ئۇنى ئۆلتۈرۈۋېتىپتۇ. ئۆيىگە قايتىپ كېلىپ بولغان ئەھۋالنى ئاپىسىغا سۆزلەپ بېرىپتۇ. ئۇلار يېقىن ئادىمىنىڭ ئۆلۈمىگە ئېچىنىپ، بىر كېچە ھەسرەت چېكىپ يىغلاپتۇ.

ئەتىسى بۇ بالا يەنە يىغلاپ دادىسىغا ھازا تۇتۇپتۇ. ئۈچىنچى كۈنىگە كەلگەندە ئاپىسى ئۇنىڭغا:

— ئۆيدە پۇلمۇ يوق، يەيدىغان نەرسىمۇ قالمىدى، — دەپتۇ.

— مەن تېخى ئوقۇۋاتىمەن، پۇلنى قانداق تاپىدىغانلىقىنى بىلمەيمەن، — دەپتۇ بالىسى.

ئاپىسى دادىسى ئىشلەتكەن تورنى ئېلىپ ئۇنىڭغا:

سەن بۇ تورلارنى تاغقا ئاپىرىپ يېيىپ قوي، كەچقۇرۇن تاغقا بېرىپ تورغا چۈشكەن قۇشلارنى يىغىپ كەل، مۇشۇنداق قىلساڭ قۇشلارنى ئوۋلىيالايسەن. ئاندىن تۇتقان قۇشلارنى سېتىپ، پۇلىغا يەيدىغان نەرسە سېتىۋېلىپ كەل، — دەپتۇ.

شۇنداق قىلىپ، بۇ بالا بىر نەچچە تورنى ئېلىپ تاغقا ئېچكىرىلەپ كىرىپتۇ. ئۇ ئوۋ قىلىشنى بىلمىگەچكە تورلارنى بىر ئۆڭكۈرنىڭ ئاغزىغا يېيىپ قويۇپتۇ. كەچقۇرۇن تور يىغىدىغان چاغدا تورغا قاراپ ھەيران قاپتۇ. توردا يوغان بىر ئەنقا تۇرغۇدەك. بۇ ئەنقا بەك چوڭ بولۇپ، ئۇ گەپمۇ قىلالايدىكەن. ئۇ بالىغا:

— شامال ماڭا سېنى ناھايىتى چىرايلىق، بەك مېھرىبان دېگەنىدى. ئۇنىڭ گېپى بىلەن بېشىم قېيىپ، كۆزۈم تورلىشىپ، ئاخىرى سەن يېيىپ قويغان تورغا چۈشۈپ قالدىم. لېكىن، مېنىڭ گۆشۈمنى يېگىلى بولمايدۇ. مېنى قويۇۋەت. مەن ساڭا ئاجايىپ چىرايلىق قۇش ئەكىلىپ بېرىمەن، — دەپتۇ.

بالا تورنى پىچاق بىلەن كېسىپ تاشلاپ، ئەنقانى توردىن چىقىرىپتۇ ۋە ئەنقادىن:

— سەن كىم بولىسەن؟ ئەرەب تىلىدا سۆزلەيدىكەنسەنغۇ؟ — دەپ سوراپتۇ.

مەن باساك بولىمەن. ئۇقۇشۇمچە سېنىڭ ئېتىڭ ئەخمەت. سەن ئەتە بۇ يەرگە كەلگىن، مەن ساڭا پۇل بېرىمەن! — دەپتۇ ئەنقا.

ئەخمەت ئەنقا بىلەن خوشلاشقاندىن كېيىن، تورنى يىغىپ ئۆيگە قايتىپ كەپتۇ. ئۇلارنىڭ ئۆيدە يەيدىغان نەرسە قالمىغانلىقتىن، ئىككىيلەن شۇ كۈنى ئاخشىمى تاماق يېمەپتۇ.

ئەتىسى ئەتىگەن بالا يەنە كەلگەن ئىزى بىلەن ھېلىقى ئۆڭكۈرگە كەپتۇ. باساك ئەتىگەن كېلىپ ئۇنى ساقلاپ تۇرغانىكەن. باساك بىر

پۇتىدا بىر كەپتەرنى قاماللاپ تۇرغان بولۇپ، كەپتەرنىڭ تۇكلىرى ئالتۇندەك پارقىرايدىكەن. ئۇنىڭ پۇتلىرى قىپقىزىل، قۇيرۇقى خۇددى توزنىڭ قۇيرۇقىدەك ناھايىتى چىرايلىق ئىكەن.

— مە، بۇ كەپتەرنى ئال. جاھاندا بۇنداق چىرايلىق كەپتەرنى تاپالمايسەن، — دەپتۇ ئەنقا قۇش.

بالا كەپتەرنى ئۆيىگە ئېلىپ كەپتۇ. ئۇ: «بۇ كەپتەر ناھايىتىمۇ چىرايلىق ئىكەن. ئۇنى پادىشاھقا تەقدىم قىلاي، ئۇ چوقۇم مېنى ئالتۇن بىلەن مۇكاپاتلايدۇ» دەپ ئويلاپتۇ.

ئەخمەت ئوردىغا بېرىپتۇ. ئۇ، پادىشاھنىڭ ئالدىغا كېلىپ يۈكۈنۈپ، ھېلىقى كەپتەرنى پادىشاھقا تەقدىم قىپتۇ. كەپتەرنىڭ چىرايلىقلىقىغا، بالىنىڭ ساداقەتمەنلىكىگە پادىشاھنىڭ زوقى كېلىپ، بالىنى بىر خالتا ئالتۇن بىلەن مۇكاپاتلاپتۇ. لېكىن، تىلىنىڭ ئاستىدا تىلى بار ۋەزىر ئەھۋالنى كۆزىتىپ تۇرۇپ: «بۇ بالا پادىشاھنىڭ ياخشى كۆرۈشىگە ئېرىشتى، ئەمدى پادىشاھنىڭ يېقىن ئادىمى بولۇپ قالىدۇ، مۇنداق بولغاندا، مېنىڭ ھوقۇقۇمنىڭ قولدىن كېتىش خەۋپى كۈچلۈك» دەپ ئويلاپتۇ.

ھىيلىگەر ۋەزىر كەپتەرنى ھەدەپ ماختاپ كۆككە كۆتۈرۈپتۇ ۋە:

— مەن ئەزەلدىن مۇنداق چىرايلىق كەپتەرنى كۆرۈپ باقمىغان. بىراق شاھىمىز بۇ ئەركەك كەپتەر ئىكەن، ئۇنىڭغا چىشى كەپتەر كېرەك. بۇ بالا كەپتەرنىڭ چىشىسىنىمۇ ئەكىلىپ بەرسۇن. چىشى كەپتەر تۇخۇم تۇغىدۇ. شۇنداقلا تۇخۇم بېسىپ ئۆزىگە ئوخشاش نۇرغۇنلىغان چىرايلىق كەپتەرلەرنى چىقىرىدۇ، — دەپتۇ.

— بۇ بىر كەمبەغەل بالىكەن، بەلكىم بۇ كەپتەر ئۇنىڭ تورىغا تاسادىپىي چۈشۈپ قالغاندۇ. ئۇ قانداق قىلىپ بۇ كەپتەرنىڭ چىشىسىنى تۇتۇپ كېلەلىسۇن؟ — دەپتۇ پادىشاھ.

— مەن ئۆزۈم ئۇنىڭغا چىشى كەپتەرنى تۇتۇشنىڭ ئوبدان

www.uyghurkitap.com

چارىسىنى ئۆگىتىپ قويىمەن! ــــ دەپتۇ ۋەزىر.

ۋەزىر بالىنى بىر ياققا چاقىرىپ كېلىپ ئۇنىڭغا:

ــــ سەن ئەتە چىشى كەپتەر ئېلىپ كېلىشىڭ شەرت. بولمىسا كاللاڭ ئېلىنىدۇ، ــــ دەپتۇ.

ئەخمەت يىغلىغان پېتى ئوردىدىن قايتىپ چىقىپتۇ. ئۇ: «مەن چىشى كەپتەرنى قانداقمۇ تۇتارمەن» دەپ بېشى قېتىپتۇ. ئۆزىنى بېسىۋالالماي ئۆز-ئۆزىچە يىغلاپتۇ. ئاپىسى ئۇنىڭ كۆڭلىنى ياساشقا ئامالسىز قاپتۇ. ئاخىرى ئۇ باساك بار ئۆڭكۈرگە كەپتۇ ۋە: «باساك مېنىڭ مۇشۇ ئىشىمغا ياردەم قولىنى سۇنارمۇ؟» دەپ ئويلاپتۇ.

باساك ئۇنىڭ كەلگەنلىكىنى كۆرۈپ ئۇنىڭغا:

ــــ ھەي يىگىت، سەن نېمىشقا يىغلايسەن؟ ــــ دەپتۇ.

ــــ مەن ھېلىقى كەپتەرنى پادىشاھقا تەقدىم قىلغانىدىم، ئەمدى پادىشاھ بىلەن ۋەزىر ئۇ كەپتەرنىڭ چىشىسىنى ئەكىلىپ بەر دەپ تۇرۇۋالدى. بولمىسا، كاللاڭنى ئالىمەن دەيدۇ، ــــ دەپتۇ ئەخمەت.

باساك قاناتلىرىنى قېقىپ، بويىنىنى ئۇزۇن سوزۇپ قويۇپ:

ــــ ئۇنى ساڭا ئەكىلىپ بەرگۈچە بەك ھېرىپ كەتكەنىدىم، بۇ كەپتەر دېڭىز قىرغىقىدىكى بىر دۆلەتتە ياشايدۇ. مەن سېنى ياخشى كۆرگەنلىكىم، سېنىڭ جېنىڭنى قۇتۇلدۇرۇش ئۈچۈن بولسىمۇ كەپتەرنىڭ چىشىسىنى تۇتۇپ ساڭا ئەكىلىپ بېرەي، ــــ دەپتۇ.

ئەتىسى ئەخمەت باساكنىڭ ئۆڭكۈرىگە كەپتۇ. باساك كەپتەرنى ئۇنىڭغا بېرىپتۇ. بۇ كەپتەرنىڭ چىشىسىمۇ ئەركىكىگە ئوخشاش چىرايلىق ئىكەن. بالا خۇشال بولۇپ كەپتەرنى كۆتۈرگىنىچە ئوردىغا كەپتۇ. ئۇ، پادىشاھنىڭ ئالدىغا كېلىپ تىزلىنىپ ئولتۇرۇپ ھېلىقى كەپتەرنىڭ چىشىسىنى پادىشاھقا تەقدىم قىپتۇ. بۇ كەپتەرنىڭمۇ چىرايلىق ئىكەنلىكىنى، بۇ بالىنىڭ ساداقەتلىكىنى كۆرگەن پادىشاھ ئىنتايىن خۇشال بولۇپتۇ. ئۇ يەنە بالىغا نۇرغۇن تىللا مۇكاپات

بېرىپتۇ.

ۋەزىر پادىشاھنىڭ ئىشەنچىسىدىن قىلىشتىن ئەنسىرەپ، بۇ بالىغا بەك ھەسەت قىپتۇ. ئۇ پادىشاھنىڭ ئالدىغا كىلىپ:

— بۇ ئىككى كەپتەرنىڭ چىرايلىقلىقىغا قىل سىغمايدىكەن. لېكىن، ئۇلارغا ماس كەلگۈدەك چىرايلىق قەپەس يوق ئىكەن، ئۇنىڭ ئۇستىگە دۆلىتىمىزدە ئۇلارغا ماس كەلگۈدەك مۇنداق چىرايلىق قەپەسنى ياسىيالمايدۇ. شۇڭا بىز ئۇنىڭغا بىر قەپەس ئالدۇرايلى. ئۇ نېمىشقا بىزگە قەپەس ئالغاچ كەلمىگەندۇ؟ — دەپتۇ.

— قەپەسنى قانداق ئالالىسۇن؟ ئۇ بىر كەمبەغەل بالا تۇرسا، بۇ ئىككى كەپتەرمۇ ئۇنىڭ تورىغا تاسادىپىي چۈشۈپ قالغان، تور بىلەن قەپەس تۇتۇش كىمنىڭمۇ ئېسىگەكەلسۇن؟ — دەپتۇ پادىشاھ.

— مەن ئۇنىڭغا قەپەسنى قانداق ئەكىلىشنى ئۆگىتىپ قوياي، — دەپتۇ ۋەزىر.

شۇنىڭ بىلەن ۋەزىر بالىنى بىر تەرەپكە تارتىپ ئۇنىڭ قۇلىقىغا:

— پادىشاھقا بىر قەپەس كېرەك، شۇڭا سەن ئەتە بىر قەپەس ئېلىپ كەل، ئەكەلمىسەڭ، كاللاڭنى قولۇڭغا تۇتقۇزۇپ قويىمەن! — دەپتۇ.

بالا يىغلاپ ئوردىدىن قايتىپ چىقىپتۇ. ئۇ: «قەپەسنى قەيەردىنمۇ تاپارمەن؟» دەپ ئويلاپتۇ ۋە ئۆزۈنغىچە يىغلاپتۇ. ئۇنىڭ ئاپىسىمۇ ئۇنى بەزلىيەلمەپتۇ. ئاخىر ئەخمەت: «بەلكىم باساك بۇ ئىشىمغىمۇ ياردەم قىلار» دەپ ئويلاپ، يەنە باساك تۇرغان ئۆڭكۈرگە كەپتۇ. باساك ئۇنى كۆرۈپ:

— ھەي، سەن نېمىشقا يىغلىدىڭ؟ — دەپ سوراپتۇ.

— ئىش مۇنداق: مەن ھېلىقى كەپتەرنى ئۇلارغا بەرگەنىدىم. ھازىر ئۇلار قەپەس ئەكەل دەۋاتىدۇ. بولمىسا مېنىڭ جېنىمنى ئالىدۇ، — دەپتۇ ئەخمەت.

www.uygburkitap.com

باساك بويىننى ئېگىپ، پۇتلىرىنى سوزۇپ قويۇپ،

— مەن دېگىز بويىدىن ساڭا ھېلىقى كەپتەرنىڭ چىشىسىنى ئەكىلىپ بېرىمەن، دەپ ھېرىپ كەتتىم. ئەمما مەن سېنى ياخشى كۆرىمەن. سېنىڭ جېنىڭنى ساقلاپ قېلىش ئۈچۈن مەن ساڭا يەنە قەپەس ئەكىلىپ بېرەي، — دەپتۇ.

ئەتىسى ئەخمەت باساكنىڭ ئۆڭكۈرىگە كەپتۇ. باساك ئۇنىڭغا بىر قەپەس بېرىپتۇ. بۇ قەپەس بىر جۈپ چىرايلىق كەپتەرگە تازىمۇ ماس كېلىدىكەن. بۇ قەپەس چىرايلىق زەر يىپ بىلەن توقۇلغانىكەن. ئۇستىگە مەرۋايىت ئورنىتىلغان بولۇپ، قەپەس شادىلىرىغا چىرايلىق قېنىق كۆك سىر بېرىلگەنىكەن.

بالا ناھايىتى خۇشال بولۇپ، قەپەسنى كۆتۈرگىنىچە ئوردىغا كەپتۇ. ئۇ، پادىشاھنىڭ ئالدىغا كېلىپ يۈكۈنۈپ ئولتۇرۇپ، قەپەسنى پادىشاھقا سۇنۇپتۇ. پادىشاھ قەپەسنىڭ ناھايىتى چىرايلىق ئىكەنلىكىنى، بالىنىڭ مۇنداق ھۆرمەت بىلەن باش ئېگىپ تۇرغانلىقىنى كۆرۈپ بەك خۇش بولۇپ كېتىپتۇ ۋە بالىنى ئالتۇن بېرىپ مۇكاپاتلاپتۇ.

لېكىن ۋەزىرنىڭ بۇنىڭغا بەك ئاچچىقى كەپتۇ. ئۇنىڭ بالىغا ئۆچمەنلىكى كېلىپ، ئۇنى ئۆلتۈرۈۋەتمەكچى بوپتۇ. ئۇ، پادىشاھنىڭ ئالدىغا كەپتۇ ـ دە، ئۆزىمۇ پادىشاھ بىلەن تەڭ ھېلىقى قەپەسنى راسا ماختاپتۇ.

— قالتىسكەن! جاھاندا تەڭدىشى يوق گۈزەللەردىلا مۇنداق قەپەس بولۇشى مۇمكىن. شۇڭا بۇ بالا كەپتەر بىلەن قەپەسنىڭ ئىگىسىنى چاقىرىپ كەلسە قانداق، بىزمۇ كۆرۈپ باقساق، — دەپتۇ.

— ئۇ بىر كەمبەغەل بالا تۇرسا، سەن دېگەن قىزنى قانداقمۇ ئىزدەپ تاپالىسۇن؟ — دەپتۇ پادىشاھ.

— مەن ئۆزۈم يالغۇز سۆزلىشىپ كۆرەي، مەن ئۇنىڭغا قەپەسنىڭ ئىگىسىنى تېپىشنىڭ ئەڭ ياخشى چارىسىنى دەپ بېرىمەن، — دەپتۇ ۋەزىر. ۋەزىر بالىنى بىر ياققا تارتىپ كېلىپ ئۇنىڭغا:

— پادىشاھ كەپتەر بىلەن قەپەسنىڭ ئىگىسى بولغان چىرايلىق قىزنى كۆرمەكچى، سەن ئەتە ئۇ قىزنى ئېلىپ كەل، ئەكەلمىسەڭ، كاللاڭنى تېنىڭدىن جۇدا قىلىمەن! — دەپتۇ.

بالا: «قىزنى ئەمدى نەدىن تاپارمەن» دەپ بېشى قېتىپتۇ. ئۆيگە كېلىپ ئۇخلىماي يىغلاپتۇ. ئۇنىڭ ئاپىسى تەسەللى بېرەلمەپتۇ، ياردەممۇ قىلالماپتۇ. ئۇ ئاخىر يەنە باساكنى ئىزدەپ بېرىپتۇ.

— مەن سېنى ياخشى كۆرگەنلىكىم ئۈچۈن، سېنىڭ ئۇ قىزنى تېپىشىڭغا ياردەم قىلىمەن، لېكىن هازىر مەن بەك هېرىپ كەتتىم، ئۇچالمايمەن. سەن پادىشاھنىڭ يېنىغا بېرىپ، كۈمۈش ۋە سەندەل ياغىچىدىن بىر كېمە ياسىتىپ بېرىشنى تەلەپ قىل. ئۇنىڭغا زەر يىپتا توقۇلغان يەلكەن تاقىسۇن، ئاندىن ئىككىمىز شۇ كېمە بىلەن قىزنى ئېلىپ كېلەيلى، — دەپتۇ باساك.

ئەخمەت پادىشاھنىڭ ئالدىغا كېلىپ تىزلىنىپتۇ، ۋەزىر بالىنىڭ قۇرۇق قول كەلگەنلىكىنى كۆرۈپ بەك خۇشال بولۇپ كېتىپتۇ: «ئۇ هەر نېمە بولسا قىزنى تاپالماپتۇ. مەن ئەمدى پۇرسەت تېپىپ ئۇنى ئۆلتۈرىدىغان بولدۇم» دەپ ئويلاپتۇ. بالا پادىشاھقا:

— قىز ناهايىتى يىراق يەردە تۇرىدىكەن. كۈمۈش بىلەن سەندەل ياغىچىدىن ياسالغان كېمە ۋە زەر يىپتا توقۇلغان يەلكەن بولمىسا، مەن ئۇنى ئېلىپ كېلەلمەيمەن. قىزنى زادى ئەكەلمىسەڭ بولمايدۇ دېسىڭىز، شۇنداق بىر كېمە ياسىتىپ بېرىڭ. مەن سىزنىڭ بۇيرۇقىڭىزنى ئورۇندايمەن، — دەپتۇ. پادىشاھ ۋەزىرگە بۇيرۇق قىلىپ:

— سەن ئۆز يېنىڭدىن پۇل خەجلەپ، بالىنىڭ تەلىپى بويىچە هازىر بىر كېمە ياستىسەن! — دەپتۇ.

ۋەزىر پادىشاھنىڭ گېپىنى ئاڭلاپ، ئىچىدە بەك خاپا بوپتۇ. لېكىن، ئۇ غەزىپىنى ئىچىدە بىلىپ، ئۇندىمەي بۇيرۇقنى ئىجرا قىپتۇ، ئۆزىنىڭ بارلىق قورۇ - جايلىرىنى، يەر ۋە ياقۇت - مەرۋايىتلىرىنى سېتىپ، سەندەل دەرىخى بىلەن كۈمۈش سېتىۋاپتۇ. ياغاچچى سېلىپ دۇنيادا تەڭدىشى يوق بىر كېمە ياستىپتۇ. يەنە زەر يېپتا توقۇلغان يەلكەننى كېمىنىڭ ئۈستىگە ئورۇنلاشتۇرۇپتۇ. ئەخمەت كېمىچىلەرگە لەڭگەرنى كۆتەرتىپ سەپەرگە ئاتلىنىپتۇ. باساك كېمە بېشىدا تۇرۇپ يول باشلاپتۇ. ئۇلار دېڭىزدا خېلى كۈنلەر يۈرۈپتۇ، ئاخىرى قىرغاقتىكى بىر دۆلەتكە يېتىپ كەپتۇ. باساك ئەخمەتكە:

— ھېلىقى ئىككى كەپتەرنىڭ ئىگىسى مۇشۇ دۆلەتنىڭ مەلىكىسى بولىدۇ. سەن بېرىپ ئۇنى بۇ كېمىنى كۆرۈپ كېلىشكە تەكلىپ قىل. ئۇ بۇ يەرگە كەلگەن ھامان، ئۇنى تۇتۇۋېلىپ قايتىپ كېتەيلى! — دەپتۇ.

ئەخمەت قىرغاققا چىقىپ شەھەرگە كىرىپتۇ. ئۇ، ھەشەمەتلىك ئوردىدا ئەزەلدىن كۆرۈپ باقمىغان ئاجايىپ گۈزەل قىزنى كۆرۈپتۇ. بۇ مەلىكىنىڭ كۆزلىرى يوغان، كالپۇكلىرى سۇرۇختەك قىپقىزىل، ئۆزى كېلىشكەن، بەللىرى مەجنۇنتالدەك ئېگىلىپ تۇرىدىغان، ئەتلىرى سۈپسۈزۈك قىز ئىكەن. ئەخمەت ئۇنى كۆرۈپلا ئاشىق بولۇپ قاپتۇ. ئۇ قىزنى تۇتۇشقا كۆزى قىيماپتۇ ۋە كېلىشتىكى مەقسىتىنى ئۇنىڭغا دەپتۇ:

— سىزنىڭ ئىككى كەپتىرىڭىز بىلەن قەپىسىڭىز بىزنىڭ دۆلىتىمىزنىڭ پادىشاھىدا. مەن بۇيرۇق بويىچە سىزنى تۇتۇپ، پادىشاھىمىز بىلەن ۋەزىرگە تاپشۇرۇش ئۈچۈن بۇ يەرگە كەلدىم.

ئۇنداق قىلمىسام، ئۇلار مېنى ئۆلتۈرىدۇ، — دەپتۇ.
قىز يىگىتكە تازا سەپسېلىپتۇ. ئەخمەتنىڭ كېلىشكەن چىرايى قىزنى مەپتۇن قىلىۋاپتۇ. قىزمۇ بىر كۆرۈپلا ئەخمەتكە ئاشىق بولۇپ قاپتۇ.
— راست گېپىمنى قىلسام، مەن سىز بىلەن كېتىشنى خالايمەن. كەپتەرلىرىمنى قايتۇرۇپ كېلىش ئارزۇيۇممۇ بار ئىدى. مەن دۆلىتىڭىزگە بېرىپ سىزنى بۇ يەرگە كېلىشكە مەجبۇرلىغان قارانىيەت ۋەزىرنى مات قىلمىسام بولمايدۇ، بىراق سىز ئالدى بىلەن جەننەتكە بېرىپ ماڭا بىر بوتۇلكا ئابىھايات سۈيى ئەكىلىپ بېرىڭ، ئاندىن دوزاخقا چۈشۈپ مەڭگۈ ئۆچمەيدىغان مەشئەلنى ئەپچىقىپ بېرىڭ، بۇ نەرسىلەرنىڭ ماڭا لازىمى بار، — دەپتۇ.
— بۇ نەرسىلەرنى قانداق قىلىپ ئالغىلى بولىدۇ؟ — دەپ سوراپتۇ ئەخمەت تازا چۈشىنىپ كېتەلمەي.
— بۇرۇن سىزگە ئەقىل كۆرسەتكەن ھېلىقى ئەنقا سىزگە ئېيتىپ بېرىدۇ، — دەپتۇ قىز. شۇنىڭ بىلەن ئەخمەت باساكنى ئىزدەپ كېمىگە كەپتۇ.
باساك ئەخمەتنىڭ قىزنى باشلاپ كەلمىگەنلىكىنى كۆرۈپ ناھايىتى خاپا بوپتۇ. باساك ئەخمەتتىن قىزنىڭ يېڭى تەلەپلىرىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن:
— سەن مېنى ھاردۇرۇپ ھالىمدىن كەتكۈزۈۋەتتىڭ، مەن ساڭا بارلىق ياخشىلىقلىرىمنى قىلىپ تۈگەتتىم! ئۇ قىزنى يەم بىلەن قولغا كەلتۈرۈش ئۇنداق ئاسان ئىش ئەمەس، مەن سېنى كۆرگەندە بېشىم قېيىپ، كۆزۈم تورلىشىپ قالغاندەك، ئۇنىڭ جامالىنى كۆرۈپلا سېنىڭمۇ بېشىڭ قېيىپ قاپتۇ. سەن قىز تەلەپ قىلغان ئىككى نەرسىنى ئېلىشىڭ ئىنتايىن قىيىن ئىكەنلىكىنى بىلەمسەن؟ — دەپتۇ.

www.uyghurkitap.com

باساك ئەخمەتنى ياخشى كۆرگەچكە ھېرىپ كەتكەنلىكىگە قارىماي، ئەخمەتنى چاڭگاللاپ يىراق بىر تاغقا قاراپ ئۇچۇپ كېتىپتۇ. ئۇلار ئۇچۇپ كېتىۋېتىپ، بىر دېھقان قىزنىڭ بۇلاقتىن كومزەككە سۇ ئېلىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپتۇ. باساك ئەخمەتكە:

— سەن ئۇنىڭ كومزىكىنى ئېلىپ كەل، بىراق ئۇنى سۆيمە، — دەپتۇ.

ئەخمەت ئۇ قىزنىڭ يېنىغا كېلىپ:

— كومزىكىڭنى ماڭا بەر، — دەپتۇ.

قىز ئۇنىڭغا قاراپ كۈلۈمسىرەپ تۇرۇپ:

— مېنى سۆيۈپ قويساڭ، ئاندىن كومزەكنى بېرىمەن، — دەپتۇ.

بىراق ئەخمەت ئۇنى سۆيۈپ قويۇشقا ئۇنىماپتۇ. ئەخمەت كومزەكنى ئېلىۋالماقچى بولغاندا، قىز تۇيۇقسىز ئۆزىنىڭ ئاپىسىغا ئايلىنىپ قاپتۇ، ئەخمەت بۇنىڭدىن قورقۇپ كۆزلىرى جامدەك ئېچىلىپ قاپتۇ. كومزەك بولسا دەرھال ئاپىسىنىڭ ئەمچىكىگە ئايلىنىپ قاپتۇ. باساك ئەخمەتكە پالتىنى بېرىپ:

— بۇ سېھىرگەرلىك. سەن ئەمچەككە ئايلىنىپ قالغان كومزەكنى چېپىپ تاشلا، — دەپتۇ.

ئاپىسى سىياقىغا كىرىۋالغان روھ ئەخمەتنى ئەڭ يامان تىللار بىلەن ھاقارەتلەشكە باشلاپتۇ. لېكىن، ئەخمەت پالتىنى شۇنداق كۆتۈرۈپ ئۇرۇشقا تەمشەلگەندە باساك ئۇنى ئاگاھلاندۇرۇپ:

— ئوڭ تەرەپتىكىسىنى چاپ، خاتا چېپىپ قويما، بولمىسا، ھەممىمىز جاندىن ئايرىلىمىز! — دەپتۇ.

ئەخمەت ئەمچەكنى راستتىنلا چېپىپ تاشلاپتۇ. ئەمچەكنىڭ يەرگە چۈشۈشى بىلەن تەڭ، ئاپىسىنىڭ سىياقىغا كىرىۋالغان ھېلىقى روھ بىراقلا غايىب بوپتۇ. باساك سۈت ئېقىپ تۇرغان ئەمچەكنى

ئېلىشىغا ئۇ يەنە كومزەككە ئايلىنىپ قاپتۇ. باساك كومزەكنى ئەخمەتكە بېرىۋېتىپ:

— بۇ كومزەكنى ئېلىۋال، بۇنىڭغا ئابىھايات سۈيى قاچىلايمىز. تاغ چوققىسىغا چىققاندا بىر كۆلچەكنى كۆرسەن. بۇ ئابىھايات سۈيى بار كۆلچەك. پەرىشتىلەر جەننەتتىن چۈشۈش سەپىرىدە مۇشۇ يەردە توختايدۇ. پەرىشتىلەرنىڭ كۆزىدىن ئېقىپ چۈشكەن ياشلار شۇ كۆلچەككە يىغىلىدۇ، — دەپتۇ.

ئەخمەت تاغ چوققىسىغا چىقىپ، باساك دېگەن كۆلچەكنى كۆرۈپتۇ ۋە كومزەككە تولدۇرۇپ ئابىھايات سۈيىدىن ئاپتۇ.

باساك ئەخمەتنى ئېلىپ باشقا بىر تاغقا كەپتۇ. بۇ تاغدىن يۇقىرىغا دەھشەتلىك ۋولقان ئېتىلىپ تۇرىدىكەن. ئۇلار بۇ يەردە بىر قىزنىڭ ياغاچ كېسىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ قاپتۇ.

— سەن ئۇنىڭدىن بىر تال ياغاچ سورىۋال، لېكىن سۆيۈپ قوي دېسە ئۇنىما، — دەپتۇ باساك ئەخمەتكە.

شۇنىڭ بىلەن، ئەخمەت ھېلىقى قىزنىڭ ئالدىغا بېرىپ:

— ماڭا بىر تال ياغاچ بەرگىن، — دەپتۇ.

— مېنى سۆيۈپ قويساڭ، ياغاچ بېرىمەن! — دەپتۇ ھېلىقى قىز.

ئەخمەت سۆيۈپ قويۇشقا ئۇنىماي، ئۇنىڭ قولىدىكى ياغاچنى تارتىۋالماقچى بوپتۇ. شۇ زامات ھېلىقى قىز ئەخمەتنىڭ مومىسىغا ئايلىنىپ قاپتۇ، ياغاچ بولسا مومىسىنىڭ ساغرىسىغا ئايلىنىپ قاپتۇ. بۇنىڭدىن ئەخمەت چۆچۈپ كېتىپ، چىرايىدا قان دىدارى قالماپتۇ. باساك ئەخمەتكە بىر پالتىنى بېرىۋېتىپ:

— سەن ياغاچتىن پەيدا بولغان ساغرىسىنى چېپىۋەت. لېكىن، خاتا چېپىپ قويما. بولمىسا ھەممىمىز تۈگىشىمىز! — دەپتۇ.

ئۇنىڭ مومىسىنىڭ سىياقىدىكى ئايال ئەڭ پەسكەش تىللار بىلەن

ئەخمەتنى تىللاشقا باشلاپتۇ. ئەخمەت پالتىنى كۆتۈرۈپ بېرىپ ئۇنىڭ ياغاچتىن پەيدا بولغان ساغرىسىنى چېپىپ تاشلاپتۇ. ساغرىسى چېپىلغاندىن كېيىن، مومىسىنىڭ سىياقىدىكى ھېلىقى ئايال كۆزدىن غايىب بوپتۇ. باساك قانغا مىلىنىپ تۇرغان ساغرىنى ئالغاندىكەن، ئۇ بىر مەشئەلگە ئايلىنىپتۇ. باساك ئەخمەتكە شۇنداق دەپتۇ:

— سەن بۇ مەشئەلنى كۆتۈرۈپ غارغا كىرسەڭ، ساڭا بىر ئوت ئۇچرايدۇ، بۇنىڭدىن ئۆزۈن يىللار ئىلگىرى بىر ئالۋاستى ئۇ مەشئەلنى جەننەتتىن شۇ يەرگە تاشلىۋەتكەنىكەن. ئەسلى جەننەتنىڭ ئوتى ئۆچمەيدىكەن، سەن بۇ مەشئەلنى ئېلىپ جەننەتنىڭ ئوتىدىن ئوت تۇتاشتۇرۇۋالساڭ ئۇ مەڭگۈ ئۆچمەيدىغان دۇنيادىكى بىردىنبىر مەشئەل بولۇپ قالىدۇ.

ئەخمەت باساكنىڭ تاپشۇرۇقى بويىچە ئۆڭكۈرگە كىرىپ، قورقۇنچلۇق، قىزىق ئوتقا قارىماي، مەشئەلنى تۇتاشتۇرۇپ بولۇپ ئۆڭكۈردىن قايتىپ چىقىپتۇ. ئاندىن كېيىن باساك ئۇنى ئېلىپ ئۇچقانچە ئوردىغا ئەكىلىپ قويۇپتۇ. ئۇلار ئابىھايات سۈيى بىلەن مەڭگۈ ئۆچمەس مەشئەلنى مەلىكىگە تاپشۇرۇپ بېرىپتۇ.

مەلىكە ئۇلار بىلەن سەپەرگە چىقىشقا رازى بوپتۇ. ئۇ، ئەخمەتلەر بىلەن بىللە كېمىگە چۈشۈپتۇ. كېمە لەڭگەرنى كۆتۈرۈپ يولغا چىقىپتۇ. كۈمۈش ۋە سەندەل ياغىچىدىن ياسالغان ھەم زەر يىپتا توقۇلغان يەلكەنلىك كېمە دېڭىز دولقۇنلىرىنى يېرىپ، ئۇچقاندەك مېڭىپ تېزلا ئەخمەتنىڭ دۆلىتىگە قايتىپ كەپتۇ.

ئەخمەت پادىشاھ بىلەن كۆرۈشۈپ ئۇنىڭ ئالدىدا تىزلىنىپ ئولتۇرۇپ، ھېلىقى مەلىكىنى پادىشاھقا تاپشۇرۇپ بېرىپتۇ. پادىشاھ مۇنداق ساھىبجامال مەلىكىنى كۆرۈپ باقمىغاچقا، ھەيران قاپتۇ. ئۇ: «بۇ قىزنى ئەخمەتكە قوشۇپ قويساق بولغۇدەك، بۇلار ھەقىقەتەن خۇدا قوشقان بىر جۈپ ئىكەن» دەپ ئويلاپتۇ.

ۋەزىر پادىشاھنىڭ نىيىتىنى ئۇقۇپ ناھايىتى ئاچچىقلىنىپتۇ ۋە ئىچ - ئىچىدىن ھەسەت قىپتۇ. بۇ قىز پادىشاھنىڭ كۆڭلىدىكىنى بىلگەندەك:

— پادىشاھى ئالەم، مەن سىلىنىڭ بىر پۇقرالىرىغا ياتلىق بولۇشنى خالايمەن. لېكىن، مەن تېگىدىغان ئادەم مەڭگۈ ئۆچمەس مەشئەلدە كۆيدۈرۈلۈشى، ئاندىن ئابىھايات سۈيىدە تىرىلىشى كېرەك. چۈنكى بۇ بىزنىڭ دۆلەتنىڭ ئۆرپ - ئادىتى، — دەپتۇ.

پادىشاھ ئەخمەتكە قاراپ:

— سەن مۇشۇنداق قاتتىق سىناقتا بەرداشلىق بېرەلەمسەن؟ — دەپ سوراپتۇ.

شۇنداق قىلىپ، ئۇلار قۇرۇق ئوتۇنلارنى ئەكىلىپ دۆۋىلەپتۇ ۋە مەشئەلدە ئوت تۇتاشتۇرۇپتۇ. ئاندىن ئەخمەت لاۋۇلداپ كۆيۈۋاتقان ئوت ئىچىگە كىرىپتۇ. ئەخمەتنىڭ گۆشلىرىنىڭ ھەممىسى پۇچۇلىنىپ، سۆڭەكلا قاپتۇ. بۇ چاغدا ھېلىقى مەلىكە ئىلمەك بىلەن ئۇنىڭ سۆڭىكىنى ئوت ئىچىدىن ئاپتۇ. ئاندىن تۇتەپ تۇرغان سۆڭەككە ئابىھايات سۈيىنى چېچىپتۇ. سۆڭەك ئۇستىدە ناھايىتى تېزلا گۆشلەر ئۇسۇشكە باشلاپتۇ. بۇ يىگىت خۇددى ئىچىلغان گۇلدەك كۆزنى قاماشتۇرۇپ ئەسلىگە كەپتۇ. لېكىن، ئابىھايات سۈيى ئۇنىڭ كىيىمىنى قايتۇرۇپ بەرمىگەچكە ئەسلىگە كەلگەن يىگىت ئانىسىدىن تۇغۇلغان ۋاقتىدىكىدەك قىپيالىڭاچ ئىكەن.

— سەن بۇ قىزنى ئېلىپ كەت. ئۇ ساڭا خوتۇن بولسۇن! — دەپتۇ پادىشاھ. لېكىن، ۋەزىر پادىشاھنىڭ ئالدىغا كېلىپ:

— مەنمۇ پادىشاھىمىزنىڭ بىر پۇقراسى، مېنىمۇ سىناپ باقسىلا، ئۇنىڭ ئۇستىگە مېنىڭ مەرتىۋەم بۇ بالىنىڭكىدىن ئۇستۇن، — دەپتۇ.

پادىشاھ ۋەزىرنىڭ گېپىگە قوشۇلۇپتۇ. ئارقىدىن ۋەزىر ئوت

ئىچىگە كىرىپتۇ. يالقۇنلاۋاتقان ئوت ئۇنىڭ گۆشلىرى بىلەن ئۇستىخانلىرىنى كۆيدۈرۈپ تاشلاپتۇ. لېكىن، قىز ئىلمەك بىلەن ئۇنىڭ سۆڭىكىنى ئالماق تۇگۇل كومزەكنى سۇندۇرۇپ تاشلاپتۇ. نەتىجىدە ئابىھايات سۇيى يەرگە سىڭىپ كېتىپتۇ. ئۇلار مەڭگۈ ئۆچمەيدىغان مەشئەلنى تۇڭ - تۇڭدا سۇ ئەكىلىپ ئۆچۈرمەكچى بوپتۇ، لېكىن مەشئەلنى ئۆچۈرەلمەپتۇ. مەشئەل يەردىكى بارلىق نەرسىلەرنى كۆيدۈرۈۋېتىپتۇ. ئاخىر ئۆڭكۈردىن ئوت دەھشەتلىك ھالدا لاۋۇلداپ تۇرىدىغان بوپتۇ. بۈگۈنكى كۈنلۈكتە سىلەر بۇ يەرنى تونۇۋېلىشىڭلار مۇمكىن. چۈنكى ئۇ يەردە ئوت داۋاملىق كۆيۈپ تۇرىدۇ، شۇنداقلا ئۇنىڭ ئەتراپىدىكى بىر بۇلاقتا سۇپسۈزۈك سۇ توختىماي ئېقىپ تۇرىدۇ. ئەمدى ئەخمەتكە كەلسەك: كېيىنكى چاغدا ھېلىقى مەلىكە بىلەن توي قىلىپ، ئۇنىڭ بىلەن بىللە ئۆتۈپتۇ. ئەخمەت پادىشاھقا يېقىپ قالغانلىقتىن، پادىشاھ ئۇنى ۋەزىر قىلىپ تەيىنلەپتۇ. پادىشاھ ئۆلۈپ كەتكەندىن كېيىن، ئەخمەت ئۇنىڭ ئورنىغا ۋارىسلىق قىلىپتۇ.

# بىر تۇغقان قېرىنداشلار

(سەئۇدى ئەرەبىستان)

بۇرۇنقى زاماندا بىر ئائىلىدە ئىككى ئوغۇل، بىر قىز ۋە ئاتا - ئانا بولۇپ جەمئىي بەش جان ياشايدىكەن. ئۇلارنىڭ ئۆيى شەھەرنىڭ چېتىدە ئىكەن، مېۋىلىك چوڭ بېغىدا سانجاق - سانجاق بولۇپ كەتكەن ئالما، ئۈزۈم، ئەنجۈر، خورما، ئانارلار بار ئىكەن. ئۇلار يەرلىرىگە پۇرچاق ۋە كۆكتات تېرىيدىكەن.

ئوغلى بۇ باغدىن مېھرىنى زادى ئۈزەلمەيدىكەن. كۈندۈزى باغۋەنلەر باغدا ئىشلىسە، ئۇ كۆكتاتلارغا، مېۋىلىك دەرەخلەرگە قارايدىكەن؛ كەچتە باغۋەنلەر ئۆيلىرىگە قايتىپ كەتكەندىن كېيىنمۇ، ھېلىقى ئوغۇل كۆزى قىيماي باغدا ئۆزى يالغۇز قالىدىكەن.

ئۇنىڭ بىر سازى بار ئىكەن. ئۇ ناخشا ئېيتقۇسى كەلسە شېئىرنى ئاھاڭغا سېلىپ، سازنى تەڭكەش قىلىپ چالىدىكەن! ئۇنىڭ ئاۋازى ناھايىتى يېقىملىق ئىكەن.

بىر كۈنى ئاخشىمى ئۇ سازنى چېلىپ تازا ناخشا ئېيتىۋاتقاندا، سېھىرگەر مەلىكە ئوردا كېنىزەكلىرى بىللە بىر دەرەخ كۆتىكىگە مىنىپ، بۇ يەردىن ئۇچۇپ ئۆتۈپ قاپتۇ. مەلىكە لەرزان چېلىنىۋاتقان سازنى ۋە مۇڭلۇق ئېيتىلىۋاتقان ناخشىنى ئاڭلاپ ھەيران بوپتۇ - دە، كېنىزەكلەرگە، باغقا چۈشۈپ، بۇ يىگىت بىلەن تونۇشۇپ، ئۇنىڭ ناخشا - سازلىرىنى ئاڭلاپ كېتىشنى ئېيتىپتۇ.

كېنىزەكلەر كۆتەكنى باغنىڭ بىر بۇلۇڭىغا توختىتىپ قويۇپ، ئاندىن يىگىتنىڭ يېنىغا يېقىنلاپ بېرىپتۇ ۋە ئۇنىڭدىن تىنچلىق

www.uyghurkitap.com

سوراپتۇ. يىگىت ناخشىسىنى توختىتىپ، ئۇلارنىڭ سالىمىغا سالام بەجا كەلتۈرۈپتۇ. يىگىت بۇ ھالدىن ھەم ھەيران بوپتۇ ھەم ئەنسىرەپتۇ. ئۇ ئەزەلدىن مۇنداق ساھىبجامال قىزنى كۆرۈپ باقمىغانىكەن. ئۇ: «بۇ قىزلار باغقا قانداق كىرگەندۇ» دەپ قورقۇپتۇ. ئاخىر ئۇ مەلىكىدىن:

— سىلەر كىم بولىسىلەر؟ قەيەردىن كەلدىڭلار؟ — دەپ سوراپتۇ.

بىز مۇشۇ يەرلىك ئادەملەر، سەن ناھايىتى مۇڭلۇق ناخشا ئېيتىدىكەنسەن. شۇڭا بىز ئۆيدىكىلەرگە بىلىندۇرمەي، سەن بىلەن كۆرۈشكىلى كەلدۇق. بىزنىڭ كىملىكىمىز ھازىرچە مەخپىي، تۈنجى قېتىم كۆرۈشكەندە، ئەلۋەتتە ساڭا دېيىشكە بولمايدۇ. لېكىن، ۋاقىت ئۆزارغانسېرى سەن بىزنىڭ كىملىكىمىزنى بىلەلەيسەن، — دەپتۇ مەلىكە.

يىگىت نۇرغۇن مېۋە - چېۋە بىلەن قىزلارنى ئوبدان كۈتۈۋاپتۇ. مەلىكە يىگىتتىن ناخشا ئېيتىپ بېرىشنى سوراپتۇ. يىگىت ناھايىتى خۇشاللىق بىلەن رازى بوپتۇ. ئۇ تارىلىق سازنى چېلىپ ناخشا ئېيتىپتۇ. مەلىكە بىلەن ئوردا كېنىزەكلىرى پۈتۈن دىققىتىنى يىغىپ ئۇنىڭ ئېيتقان ناخشىسىنى ئاڭلاپتۇ. بىر ناخشا تۈگىگەندىن كېيىن، مەلىكە ناھايىتى خۇشال بولۇپ كېتىپ، يىگىتنى يەنە بىر ناخشا ئېيتىپ بېرىشكە تەكلىپ قىپتۇ.

شۇنىڭ بىلەن يىگىت سازنى چېلىپ باشقا بىر ناخشىنى ئېيتىپتۇ. بۇ ناخشىنى ئالدىنقى ناخشىدىن ياخشى ئېيتىپتۇ. يىگىت قارىسا، مەلىكە ناخشىنى شۇنچىلىك بېرىلىپ زوق بىلەن ئاڭلاۋاتقۇدەك...

قىزلار سۆھبەتدىن بۇرۇن قايتىپ كەتمىسە بولمايدىكەن. ئۇ بىر قۇتا ئەتىرنى ئېلىپ، يىگىتنىڭ ئالدىغا كەپتۇ ۋە:

— مېنىڭ بىر قۇتا ئەترىم بار. سەن پۇرىۋال، ھازىر سەن بىلەن خوشلىشىمىز، ئەتە كەچتە يەنە سېنى كۆرگىلى كېلىمىز، — دەپتۇ.

يىگىت ئەترىنى شۇنداق پۇراپتىكەن جېنى چىقىپ كەتكەندەك دەرھال سېزىمىنى يوقىتىپتۇ. مەلىكە ئۇنىڭ جېنىنى ئاپتۇ - دە، بىر كومزەككە سېلىپ، ئۇنى چوڭ بىر دەرەخنىڭ تۈۋىگە يوشۇرۇپ قويۇپتۇ ۋە بۇ موردىنى تاشلىۋېتىپ، ئوردا كېنىزەكلىرى بىلەن بىللە دەرەخ كۆتىكىگە ئولتۇرۇپ، بۇلۇتلارنى يېرىپ ئۇچۇپ كېتىپتۇ.

كەچتە مەلىكە كېنىزەكلەر بىلەن بىللە يەنە باغقا كېلىپ، يىگىتنىڭ موردىسىنىڭ بۇرۇنقى جايىدا تۇرغانلىقىنى كۆرۈپتۇ. ئاندىن كومزەك ئىچىدىن يىگىتنىڭ جېنىنى چىقىرىپ ئۇنىڭ تېنىگە كىرگۈزۈپتۇ، يىگىت دەرھال تىرىلىپتۇ. ئۇ كۆزىنى شۇنداق ئېچىپلا ئۇلار بىلەن سالاملىشىپتۇ. ئاندىن يىگىت نۇرغۇن مېۋە ئۈزۈپ كېلىپ ئۇلارنى مېھمان قىپتۇ. ئۇلار مېۋە - چېۋە يەپ بولغاندىن كېيىن، مەلىكە يىگىتنى يەنە ناخشا ئېيتىپ بېرىشكە تەكلىپ قىپتۇ. شۇنىڭ بىلەن يىگىت تارىلىق سازنى چېلىپ، ئۇلارغا ئۈچ ناخشا ئېيتىپ بېرىپتۇ. ئارقىسىدىن مەلىكىنىڭ تەلىپىگە ئاساسەن ئۇلارغا تۆتىنچى ناخشىنى ئېيتىپ بېرىپتۇ. يىگىت بۈگۈن ئاخشام ناخشىنى ئالدىنقى ئاخشامغا قارىغاندىمۇ روھلۇق ئېيتىپتۇ. مەلىكە ئەزەلدىن مۇنداق مۇڭلۇق ناخشىلارنى ئاڭلاپ باقمىغاچقا، خۇشاللىقتىن ئېچىگە پاتماي كېتىپتۇ.

تاڭ ئاتاي دېگەندە مەلىكە يەنە ئەتىر بىلەن يىگىتنى ھوشسىزلاندۇرۇپتۇ - دە، ئۇنىڭ جېنىنى يوشۇرۇپ قويۇپ، موردىسىنى تاشلىۋېتىپ ئوردا كېنىزەكلىرى بىلەن بىللە ئۇچۇپ كېتىپتۇ.

شۇنداق قىلىپ، ئارىدىن تالاي كۈنلەر ئۆتۈپتۇ. ھېچكىم بۇ

ئىشتىن خەۋەر تاپماپتۇ. بىر كۈنى يىگىتنىڭ دادىسى ئوغلىنى كۆرگۈسى كېلىپ، باغقا يوقلاپ كەپتۇ ۋە باغنىڭ بۇلۇڭ - پۇشقاقلىرىنى ئاختۇرۇپ چىقىپتۇ، ئوغلىنى تاپالماپتۇ. ئەتراپقا قاراپ ئوغلىنى توۋلاپتۇ. ھېچكىم جاۋاب قىلماپتۇ. ئۇ بىر ئاز جىددىيلىشىپتۇ ۋە: «بالام بەلكىم باشقىلار بىلەن پاراڭلىشىپ، كېچىچە ئۇخلىيالماي، ھازىرغىچە ئۇخلاۋاتقان بولسا كېرەك!» دەپ ئويلاپ، قويۇق ئۆسكەن مېۋىلىك دەرەخلەرنىڭ ئارىسىغا كىرىپ ئىزدەپتۇ.

ئۇ ھەممە دەرەخلەرنىڭ ئارىسىنى ئىزدەپتۇ. ئاخىر ئوغلىنىڭ ئۆزۈم بارىڭى ئاستىدا ئۇخلاۋاتقانلىقىنى كۆرۈپتۇ. ئۇ، ئوغلىنى ئاستا چاقىرىپ ئويغاتماقچى بوپتۇ. لېكىن، ئۇنىڭ قولى ئوغلىنىڭ قولىغا شۇنداق تېگىشى بىلەن ئوغلىنىڭ قولىنىڭ مۇزدەك تۇرغانلىقىنى، تومۇرىنىڭمۇ سوقمايۋاتقانلىقىنى سېزىپ قاپتۇ. ئۇ ئوغلىنىڭ يەنە بىر قولىنىمۇ تۇتۇپ كۆرۈپتۇ. ئۇ قولىمۇ مۇزدەك تۇرغۇدەك، دەرھال قۇلىقىنى ئوغلىنىڭ مەيدىسىگە قويۇپ ئاڭلاپتۇ. ئوغلىنىڭ يۈرىكى سوقۇشتىن توختىغانىكەن. دادىسى بۇ ئىشتىن ھەيران بولۇپ، ئوغلىنى ئۇياق - بۇياققا ئۆرۈپ بېقىپتۇ. لېكىن، ئوغلى مىدىرلاپمۇ قويماپتۇ، ئوغلىنىڭ ئۆلۈپ قالغانلىقىنى بىلىپ، بىر پارچە ئاق رەختنى ئوغلىنىڭ بېشىغا يېپىپ قويۇپ، بۇ شۇم خەۋەرنى دەرھال ئۆيدىكىلەرگە يەتكۈزۈشكە ئالدىراپ مېڭىپتۇ. ئۇنىڭ خوتۇنى بىلەن بالىلىرى شۇم خەۋەرنى ئاڭلاپ قايغۇ - ئەلەم بىلەن باغقا كېپتۇ. ئۇلار ئەھۋالنى كۆرۈپ يىغا - زارى قىلىشىپتۇ. ئاخىر ئۇلار مېيىتنى يۇيۇپ، كېپەنلەپ، ئاندىن يەرلىككە قويۇپتۇ.

ئۇكىسىنىڭ ئۆلۈمى ئاچىسىغا ناھايىتى ئېغىر كەپتۇ. ئۇ، ئۇكىسىنى ناھايىتى ياخشى كۆرىدىكەن. ئۇكىسىنىڭ بېشىغا كەلگەن قازا دەستىدىن ئاچىسى نەچچە ئۆلۈپ، نەچچە تىرىلىپتۇ. كۈندۈزى

تاماقتىن، كېچىسى ئۇيقۇدىن قاپتۇ. ئاچىسى كۈندە كەچتە ئۆيدىكىلىرى بىلەن كۆز يېشى قىلىشقاندىن كېيىن، ئۆگزىگە چىقىپ ئاسمانغا ھاڭۋاقىنىچە قارايدىكەن، يۇلتۇزلارغا نالە قىلىپ، ئۇكىسىغا بولغان قايغۇسىنى ۋە سېغىنىشىنى ئىپادىلەپ، سۇبھى كۆتۈرۈلۈشتىن بۇرۇنلا ئاستا ئورنىغا يېنىپ كىرىدىكەن.

بىر كۈنى ئۇ ئۆگزىگە چىقىپ قەبرىستانلىق تەرەپتىن كېلىۋاتقان تونۇش ناخشا ئاۋازىنى ئاڭلاپ قاپتۇ. ئۇ، تازا زەن سېلىپ ئاڭلاپ، بۇ ئاۋازنىڭ ئۇكىسىنىڭ ئاۋازى ئىكەنلىكىنى بىلىپتۇ ـ دە، قۇلاقلىرىغا ئىشەنمەي قاپتۇ، ئەتىسى كەچ كىرىشىنى تەقەززالىق بىلەن كۈتۈپتۇ. ئاچىسى ئۆگزىگە چىقىپ، ھېلىقى ناخشا ئاۋازىنى زەن قويۇپ ئاڭلاپتۇ. ئۇ بۇ نۆۋەت ئېنىق ئاڭلاپتۇ، ناخشا ئېيتىۋاتقان ئادەمنىڭ ئۇكىسى ئىكەنلىكىگە ئىشىنىپتۇ. لېكىن، دەپنە قىلىنغان ئۇكىسى قانداق قىلىپ ساز چېلىپ، ناخشا ئېيتالىسۇن؟

ئاچىسى قانداق قىلىشنى بىلمەي گاڭگىراپ قاپتۇ. ئۇ، بۇ ئىشنى يا دادىسىغا، يا ئاپىسىغا ۋە ياكى ئاكىسىغا ئېيتىشنى بىلمەي قاپتۇ، ئاخىرى ئۇيان ئويلىنىپ، بۇيان ئويلىنىپ ئەھۋالنى يىپتىن ـ يىڭنىسىگىچە ئاكىسىغا سۆزلەپ بېرىپتۇ. لېكىن، ئاكىسى بۇنىڭ راستلىقىغا ئىشەنمەپتۇ. ئۇ سىڭلىسىغا تەسەللى بېرىپ:

— بۇ سېنىڭ چۈشىڭدىكى ئىشلار ئوخشايدۇ. ئويلاپ قارىمامسەن، ئۆلگەن ئادەم قانداقمۇ گەپ قىلىپ ناخشا ئېيتالايدۇ؟ بۇ سېنىڭ دائىم ئۇنى ئويلىغانلىقىڭ، ياد ئەتكەنلىكىڭدىن سەندە شۇنداق تۇيغۇ پەيدا بولغان، ئەمەلىيەتتە بولسا، بۇنداق ئىش مەۋجۇت ئەمەس، — دەپتۇ.

لېكىن قىز راستىنلا ئۇكامنىڭ ناخشا ئاۋازىنى ئاڭلىدىم، دەپ چىڭ تۇرۇۋاپتۇ ۋە ئاكىسىغا:

— سەن ماڭا ئىشەنمىسەڭ مەيلى، بۈگۈن يېرىم كېچىدە مەن

سىنى چاقىرىمەن. سەن ئۆز قولىقىڭ بىلەن ئاڭلاپ باققىن! — دەپتۇ.

— بولىدۇ ئەمسە، مەن ئاڭلاپ باقاي، — دەپتۇ ئاكىسى.

كەچتە قىز ئۇكىسىنىڭ ناخشا ئاۋازىنى ئاڭلاش ئۈچۈن يەنە ئۆگزىگە چىقىپتۇ. ئۇ قەبرىستانلىق تەرەپتىن ئۇكىسىنىڭ ناخشا ئاۋازى كېلىۋاتقانلىقىنى ئاڭلاپ، ئاكام ئۆز قولىقىدا ئاڭلاپ باقسۇن، دەپ ئاكىسىنى ئويغىتىپ چىقىپتۇ. ئاكىسى سىڭلىسىنىڭ دېگەنلىرىگە ئىشىنىپتۇ. ئۇ، ئۇكىسىنىڭ ناخشىسى ئاڭلانغان ۋاقىتنى كۆڭلىگە پۈكۈپ قويۇپ سىڭلىسىغا:

— مەن ئەتە كەچ قەبرىستانلىققا بېرىپ كۆزىتىپ باقاي، مەن ئالدى بىلەن كونا قەبرىگە يوشۇرۇنۇۋېلىپ، بۇنىڭ زادى قانداق بىر ئىش ئىكەنلىكىنى ئۆزۈم كۆرۈپ باقاي دەۋاتىمەن، — دەپتۇ.

قىز ئاكىسىنىڭ چارىسىگە قوشۇلۇپتۇ، شۇنداق قىلغاندا بۇنى ئېنىقلىغىلى بولىدىكەن.

كېچە، ئەتراپ قاپقاراڭغۇ بولغان چاغدا ئاكىسى ئوغرىلىقچە بىر قەبرىگە يوشۇرۇنۇۋاپتۇ. مۆلچەرلىگەن ۋاقىتمۇ بولۇپ قاپتۇ. ئۇ، تۇيۇقسىز بىر دەرەخ كۆتىكىنىڭ يىراقتىن ئۇچۇپ كېلىپ ئۇكىسىنىڭ قەبرىسىنىڭ يېنىغا چۈشكەنلىكىنى، ئاندىن كۆتەكتىن پەرىزاتتەك چىرايلىق ئىككى قىزنىڭ چۈشكەنلىكىنى كۆرۈپتۇ. ئۇلار قەبرىنى ئېچىپ ئۇكىسىغا جان كىرگۈزۈپتىكەن، ئۇكىسى دەرھال ئۇيقۇدىن ئويغانغاندەك تىرىلىپ قاپتۇ. قىزلار نۇرغۇن يېمەكلىكلەرنى ئەكىلىپ ئۇكىسى بىلەن يەپتۇ. ئاندىن ئۇنىڭدىن ناخشا ئېيتىپ بېرىشنى تەلەپ قىپتۇ. ئۇكىسى سازنى چېلىپ، ناخشا ئېيتىپتۇ. ھېلىقى ئىككى قىز بىر تەرەپتە جىم ئولتۇرۇپ ئاڭلاپتۇ. تاڭ ئاتاي دەپ قاپتۇ. ئۇلار ئۇكىسىنى ھوشسىزلاندۇرۇپتۇ ۋە جېنىنى كومزەككە قاچىلاپ، ئۆلۈكنى قەبرىگە كۆمۈپ قويۇپتۇ. ھەممە

ئىشنى ئەسلىدىكىدەك قىلىپ بولغاندىن كېيىن، دەرەخ كۆتىكىگە ئولتۇرۇپ ئۇچۇپ كېتىپتۇ.

بۇلارنىڭ ھەممىسىنى كۆرگەن ئاكىسى ئۆز كۆزىگە ئىشەنمەيلا قاپتۇ. ئۇ ئۆيگە قايتىپ كېلىپ، سىڭلىسىنىڭ كىرپىك قاقماي ئولتۇرغانلىقىنى كۆرۈپ، كۆرگەنلىرىنىڭ ھەممىسىنى سىڭلىسىغا سۆزلەپ بېرىپتۇ ۋە:

— ئەتە ئاخشام ئوق يايىمنى بىللە ئالغاچ بېرىپ، ئۇلار ئولتۇرغاندا، ئوق يانى ئۇلارغا بەتلەپ تۇرۇۋالىمەن، ئۇلار ئۇچالمايدۇ، شۇنىڭ بىلەن، مەن ئۇكامنى تىرىلدۈرۈپ بېرىشكە مەجبۇر قىلىمەن. ئەگەر ئۇنىمىسا ئۆلتۈرۈپ تاشلايمەن، — دەپتۇ.

قىز ئاكىسىنىڭ پىلانىغا قوشۇلۇپتۇ. ئۇكىسىنىڭ ھاياتىنى قۇتقۇزۇپ قېلىشنى تەلەپ قىپتۇ.

يەر - جاھاننى قاراڭغۇلۇق باسقاندا، ئاكىسى ئوق يانى ئېسىپ، قەبرىستانلىققا كەپتۇ. مۆلچەرلىگەن ۋاقىت توشقاندا، ھېلىقى ئىككى قىز يەنە كەپتۇ. ئاكىسى، ئۇلار ئۇكىسىنى ئەمدى تىرىلدۈرۈپ تۇرۇشىغا ئوق يانىڭ كىرىچىنى تارتىپ مەلىكىنى چەنلەپ ئېتىپتۇ. مەلىكە ۋايجان دەپ ۋارقىراپتۇ. ئوق ئۇنىڭ پۇتىغا تەگكەن بولۇپ، قان يەرنى بىرلا ئاپتۇ. ئۇ جان تالىشىپ تۇرۇپ ناھايىتى تېزلىك بىلەن بالىنىڭ يېنىغا كېلىپ، ئۇنىڭ جېنىنى ئېلىپ كومزەككە سايتۇ - دە، كۆتەككە ئولتۇرۇپ بىرنېمىلەرنى ئوقۇپتۇ. كۆتەك ئۇلارنى ئېلىپ، تېزلىك بىلەن ئۇچۇپ كېتىپتۇ.

ئاكىسى يوشۇرۇنۇۋالغان جايدىن چىقىپ، ئۇكىسىنىڭ يېنىغا كېلىپ قارىسا، ئۇكىسى ئۆلۈكتەك ياتقۇدەك، ئۇنى

مىدىرلىتىپ باقسىمۇ قىمىر قىلمالىتۇ. ئاكىسى ئىلاجسىز ئۇكىسىنىڭ ئۆلۈكىنى ئۆيىگە ئەكىلىپ، سىڭلىسى بىلەن بىر يەرگە يوشۇرۇپ قويۇپتۇ. ئاندىن بولغان ئىشلارنى سىڭلىسىغا سۆزلەپ كېلىپ:

— مەن مەلىكىنىڭ پۇتىغا ئېتىپ يارىلاندۇردۇم. ئۇ قېچىپ كەتكەن بولسىمۇ، پۇتىدىن ئاققان قانغا قاراپ، ئىزىغا چۈشۈپ ئۇنى چوقۇم تاپىمەن، — دەپتۇ.

ئەتىسى ئاكىسى بىر تۆگە سېتىۋېلىپ، پۇتۇن يول تەييارلىقلىرىنى قىلىپ، قان ئىزىنى بويلاپ ھېلىقى مەلىكىنى ئىزدىمەكچى بوپتۇ. ئۇنىڭ پۇتۇن تەييارلىقلىرى پۈتكەندىن كېيىن سىڭلىسىغا:

سەن ئۇكامنىڭ ھالىدىن ئوبدان خەۋەر ئال. بۇلارنىڭ ھېچقايسىسىنى دادام بىلەن ئاپامغا دېمىگىن، مەن قايتىپ كەلگەندە دەرمىز! — دەپ تاپىلاپتۇ.

ئاندىن ئاتا - ئانىسى بىلەن كۆرۈشۈپ ئۆزىنىڭ سەپەرگە چىقىدىغانلىقىنى، بىر ھەپتىدە قايتىپ كېلىدىغانلىقىنى، ئىككىلەننىڭ خاتىرجەم بولۇشىنى، ئۆزىدىن ئەنسىرىمەسلىكىنى ئېيتىپتۇ.

ئاكىسى قان ئىزىنى بويلاپ ئۇزاق مېڭىپتۇ. ئۇ، يول بويى مىڭبىر جاپا - مۇشەققەتلەرنى چېكىپتۇ. بىر نەچچە كۈندىن كېيىن، ئۇ ئاجايىپ ھەشەمەتلىك بىر ئوردىغا كەپتۇ. بۇ يەرگە بىر ئادىل پادىشاھ ھۆكۈمرانلىق قىلىدىكەن. قان ئىزى ئوردىغا كەلگەندە يوقاپ كېتىپتۇ. شۇنىڭ بىلەن ئاكىسى ھېلىقى ئىككى قىز چوقۇم مۇشۇ پادىشاھنىڭ يېنىدىكى كىشىلەر ئىكەن، دېگەن قارارغا كەپتۇ. ئۇ تۆگىدىن چۈشۈپ ئوردا دەرۋازىسىنىڭ ئالدىغا

كەپتۇ ۋە قاراۋۇلدىن:
— مەن يىراق جايدىن كەلدىم. پادىشاھىڭلارغا مەلۇم قىلىدىغان مۇھىم بىر ئىش بار ئىدى، — دەپتۇ.
پادىشاھ ئۇنى ئەتە قوبۇل قىلماقچى بوپتۇ.
ئەتىسى پادىشاھ ئۆز ئادەملىرىگە ئۇنىڭغا ئۆزىگە دەيدىغان نىمە كارامەت خەۋىرى بارلىقىنى ئاڭلاپ بېقىش ئۈچۈن قوبۇل قىلىش بۇيرۇقىنى يەتكۈزۈشنى تاپىلاپتۇ. قىزنىڭ ئاكىسى ئوردىغا كىرىپتۇ. ئەتراپتىكىلەرنىڭ چىقىپ كەتكەنلىكىنى، پادىشاھنىڭ ئۆزىنىڭ يالغۇز قالغانلىقىنى كۆرۈپ، ئالدى بىلەن پادىشاھقا تەزىم قىپتۇ. پادىشاھ كىچىكپېئىللىق بىلەن سالامنى ئىلىك ئېلىپ:
— يىراقتىن كەپسەن، قارشى ئالىمىز. ئاڭلىسام سېنىڭ ماڭا دەيدىغان ئاجايىپ مۇھىم بىر گېپىڭ بار ئىكەن، — دەپتۇ.
— پادىشاھ ئالىيلىرى، مەن يىراق بىر مەملىكەتتىن كەلدىم. يول بويى ئاچ - توق قېلىپ، ئەتىگەن تۇرۇپ، كەچ ئۇخلاپ، كۈن - كۈنلەپ ناھايىتى كۆپ جاپا - مۇشەققەتلەرنى تارتتىم، بۇلارنىڭ ھەممىسى ئۇكام ئۇچرىغان غەلىتە بىر ئىش ئۈچۈن ئىدى... — دەپتۇ ئاكىسى.
— قانداق غەلىتە ئىش؟ يىگىت، قېنى ئېيتىپ باقە، ئاڭلاپ باقاي، — دەپتۇ پادىشاھ.
شۇنىڭ بىلەن ئاكىسى بۇ ئىشنىڭ بېشىدىن تارتىپ ئاخىرىغىچە سۆزلەپ بېرىپتۇ. پادىشاھ ئاڭلاپ بولۇپ، بەكمۇ ھەيران بولۇپ كەتمەستىن:
— سەن دېگەن بۇ ئىشلارنىڭ مەن ۋە دۆلىتىمىز بىلەن نىمە ئالاقىسى بار؟ — دەپ سوراپتۇ.

www.uyghurkitap.com

— پادىشاھ ئاليىلىرى، بۇ ئىشنىڭ سىلى بىلەن ئالاقىسى بار، ھېلى مەن سىلىگە دېگەن قىزنى ئوق يا بىلەن ئېتىپ يارىدار قىلغانىدىم. مەن ئۇنىڭ ئاققان قان ئىزىنى بويلاپ دۆلەتلىرىگە كەلدىم، لېكىن قان ئىزى سىلىنىڭ ئوردىلىرىغا كەلگەندە يوقاپ كەتتى. بۇ ئىككى قىزنىڭ سىلىنىڭ ئوردىلىرىغا يوشۇرۇنۇۋالغانلىقىنى ئىسپاتلايدۇ، — دەپتۇ ئۇ.

ئارقىسىدىن ئاكىسى پادىشاھنى سىلى ئۇنداق ئادىل، مۇنداق دانىشمەن، چوقۇم ئۇكامىنىڭ جېنىنى قايتۇرۇۋېلىپ، تىرىلدۇرۇشكە ياردەم قىلالايلا، دەپ ماختاشقا باشلاپتۇ.

ئاكىسىنىڭ گەپلىرى پادىشاھنى تەسىرلەندۈرۈپتۇ. پادىشاھ بۇ ئىشنى سۈرۈشتە قىلىپ، ئۆزى ھەل قىلىشنى قارار قىپتۇ. پادىشاھ مەردانىلىق بىلەن بۇ يىگىتكە:

سەن خاتىرجەم بول، مەن بۇ ئىشنى چوقۇم ئېنىقلاپ چىقىمەن. مېنىڭ تۇغقانلىرىم بولسۇن ياكى ئاددىي پۇقرالار بولسۇن، ۋەقە تۇغدۇرغۇچىلارنى قاتتىق جازالايمەن، سەن ئالدى بىلەن بىزنىڭ بۇ يەردە تۇرغىن، خۇدايىم بۇيرۇسا، سەن مېنىڭ بۇ ئىشنى خالىس بىر تەرەپ قىلغانلىقىمنى ئۆز كۆزۈڭ بىلەن كۆرىسەن، — دەپتۇ.

ئەمەلىيەتتە بولسا، پادىشاھ بۇ چاغدا كۆڭلىدە ئۆز قىزىدىن گۇمان قىلىشقا باشلاپتۇ. چۈنكى پادىشاھ بىر نەچچە كۈندىن بېرى قىزىنى كۆرمەپتۇ. ئۇ ھەر قېتىم خانىشتىن قىزىنىڭ سالامەتلىكىنى سورىغاندا، سالامەتلىكى ياخشى ئەمەس، ئۇ ئۆيگە سولىنىۋېلىپ ھېچكىمنى كىرگۈزمەيۋاتىدۇ. ئۇ ئەتىر پۇرىقىنى پۇراشتىن قورقىمەن،

ئەتىر پۆرىقى مېنىڭ كېسىلىمنى ئېغىرلاشتۇرۇۋېتىدىكەن دەۋاتىدۇ، دېگەنىكەن. پادىشاھ ئۇنى نەچچە قېتىم يوقلاپ چىقماقچى بولغاندا، خانىش توسۇۋاپتۇ ۋە:

— پادىشاھ ئالىيلىرى، سىلىمۇ ئەتىر ئىشلىتىدىلا، بەدەنلىرىدىن ئەتىر پۆرىمايدۇ دېگىلى بولامدۇ، — دەپتۇ.

ئەسلىدە پادىشاھ خوتۇنىنىڭ گېپىگە ئىشەنگەچكە، قىزىمنى يوقلايمەن دەپ چىڭ تۇرۇۋالمىغانىكەن، لېكىن بايىقى يىگىتنىڭ ئاجايىپ گەپلىرىنى ئاڭلاپ، قىزىدىن گۇمان قىلىشقا باشلاپتۇ: «ئۇ نېمە ئۈچۈن ئۆزى يالغۇز بىر ئۆيگە كىرىۋالىدۇ؟» پادىشاھ بۇ مەخپىيەتلىكنى ئاشكارىلاش قارارىغا كەپتۇ. شۇنىڭ بىلەن، ئۇ كىيىملىرىنى ئالماشتۇرۇپ، قىزىمنىڭ كېسىلىنى يوقلايمەن، دېگەننى باھانە قىلىپ، قىز ياتقان ئۆيگە قاراپ مېڭىپتۇ. يېرىم يولدا خانىش كۆرۈپ ئۇنىڭدىن:

— نەگە ماڭدىلا؟ — دەپ سوراپتۇ.

— قىزىمنى يوقلاپ چىقاي، — دەپتۇ پادىشاھ.

— مەن سىلىگە دېگەنغۇ، سىلى ئۇنى كۆرسىلە، ئاغرىقى ئېغىرلىشىپ كەتمەمدۇ؟

پادىشاھ قەتئىي هالدا شۇنداق دەپتۇ:

— بۈگۈن مەن چوقۇم ئۇنى كۆرۈپ، ئاغرىقىدىن خەۋەر ئالىمەن. ئەگەر لازىم تېپىلسا تېۋىپ چاقىرىپ داۋالىتىمەن.

خانىش هەر خىل ئۇسۇللار بىلەن ئۇنى توسۇپتۇ، يېلىنىپتۇ، پادىشاھ زادى ئاڭلىماپتۇ. ئاخىر خانىش:

— ئۇنداق بولسا سىلى سىرتتا تۇرۇپ تۇرسىلا، قىزىمىز كېسەل. بەلكىم ئوڭايسىزلىنىدىغان بەزى ئىشلىرى

بولۇشى مۇمكىن. مەن كىرىپ قاراپ باقاي، — دەپتۇ.

پادىشاھ خانىشنىڭ گېپىگە ماقۇل بولۇپ ساقلاپ تۇرۇپتۇ، خانىش ئۆزى يالغۇز قىزىنىڭ ئۆيىگە كىرىپ قىزغا، شاھ ئاتاڭ سىرتتا ساقلاپ تۇرىدۇ، ھېلى سېنى يوقلاپ كىرمەكچى، دەپتۇ. مەلىكە ئاڭلاپ چۆچۈپ كېتىپ ئاغزى گەپكە كەلمەي قاپتۇ، ئۇ ئاپىسىغا يالۋۇرۇپ:

— جېنىم ئاپا، سەن ئامال قىلىپ كىرگۈزمە، — دەپتۇ.

خانىش ئۇنىڭغا ئۆزىنىڭ توسۇغانلىقىنى، نېمە ئۈچۈنكىنتاڭ، بۇ قېتىم ھەر قانچە نەسىھەت قىلىسىمۇ كار قىلمىغانلىقىنى، بۇ قېتىم كۆرمىسەم بولمايدۇ، دەپ تۇرۇۋالغانلىقىنى، دەپتۇ، ئاخىرى خانىش قىزغا، جاراھەتنى ياخشىراق يوشۇرۇشنى، پادىشاھنىڭ ئالدىدا چاندۇرۇپ قويماسلىقنى تاپىلاپتۇ.

مەلىكە ھەممە تەييارلىقلىرىنى تۈگىتىپ، يۈزىنى رەختتە يېپىپ، ئاندىن پادىشاھنىڭ كىرىشىگە ئىجازەت بېرىپتۇ. مەلىكە دادىسىدىن ئەھۋال سورىغاندىن كېيىن، پادىشاھتىن يىراقراق يەرگە بېرىپ ئولتۇرۇپتۇ. ئۇلار تاغدىن - باغدىن سۆزلەشكەندىن كېيىن پادىشاھ:

— ئوبدان قىزىم، بېرى كەل، كۆزۈڭگە قاراپ باقاي، — دەپتۇ.

— دادا، مەن يولنى كۆرەلمەيمەن، — دەپتۇ مەلىكە.

— سەن ئۇنى قولىدىن يېتىلەپ ئەكەل، مەن ئۇنىڭ كېسىلىنى كۆرۈپ باقاي، — دەپتۇ پادىشاھ خوتۇنىغا.

مەلىكە قىيىن ئەھۋالدا قاپتۇ. خانىشمۇ بۇنىڭغا ئامال قىلالماپتۇ. چۈنكى قىز ماڭسىلا سىر ئاشكارىلىنىپ



www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تورى

قالىدىكەن. لېكىن، ئۇلارغا پادىشاھنىڭ بۇيرۇقىنى ئورۇندىماقتىن باشقا نېمە چارە، خانىش ئورنىدىن تۇرۇپ مەلىكىنىڭ يېنىغا كېلىپ، قىزنى يۆلەپ پادىشاھنىڭ ئالدىغا مېڭىپتۇ. مەلىكە ماڭغاندا پادىشاھ قىزنىڭ سەل ئاقساۋاتقانلىقىنى سېزىپ قاپتۇ. شۇنىڭ بىلەن پادىشاھ:

— قىزىم پۇتۇڭ نېمە بولدى؟ — دەپ سوراپتۇ.

— دادا پۇتۇم ھېچ نەرسە بولمىدى، كۆپ ئولتۇرغىنىم ئۈچۈنمىكىن، پۇتۇم ئۇيۇشۇپ قاپتۇ، — دەپتۇ مەلىكە پادىشاھقا يېقىن كېلىپ ئولتۇرۇپ.

پادىشاھ قىزنىڭ كۆزلىرىنىڭ قىزىرىپ قالغانلىقىنى بايقاپتۇ. ئۇ ئۆز تەجرىبىسىگە ئاساسەن، بۇ كېسەل ئەمەس، يىغلىغانلىقىنىڭ ئالامىتى، دېگەن يەرگە كەپتۇ ۋە گۇمانى تېخىمۇ ئېشىپتۇ.

— قىزىم پۇتۇڭنى كۆرۈپ باقاي؟ — دەپتۇ.

مەلىكە قورقۇپ ئەرۋايى ئۇچۇپتۇ. چۈنكى قارىسىلا سىر ئاشكارىلىنىپ قالىدىكەن، لېكىن مەلىكە پادىشاھنىڭ بۇيرۇقىنى بەجا كەلتۈرمەي ئىلاجى يوق بولغاچقا، پۇتىنى پادىشاھقا كۆرسىتىپتۇ. پادىشاھ قىزىنىڭ پۇتى داكا بىلەن تېڭىقلىق تۇرغانلىقىنى كۆرۈپ، دەرھال ئۇنىڭدىن پۇتىنىڭ نېمە بولۇپ يارىلانغانلىقىنى سوراپتۇ.

كۆرۈم ئاغرىق بولغاچقا ئۇنى داكا بىلەن تېڭىۋالغانىدىم. پەلەمپەيدىن چۈشكۈچە كۆرەلمەي يېقىلىپ كېتىپ پۇتۇم يارىلاندى، — دەپتۇ قىز. پادىشاھ خانىشقا بۇيرۇق قىلىپ:

— سەن قىزىڭنىڭ پۇتىدىكى داكىنى يەش، مەن يارىنىڭ ئەھۋالىنى كۆرۈپ باقاي، تېزۇپ چاقىرىپ

داۋالىتمىزمۇ يوق؟ — دەپتۇ.

خانىش تىڭشىرقاپ تۇرۇپلا قاپتۇ. لېكىن، ئۇ پادىشاھنىڭ بۇيرۇقىنى قانداقمۇ ئورۇندىمىسۇن؟ شۇنداق قىلىپ، داكىنى يېشىپتۇ. پادىشاھ بىر قاراپلا قىزنىڭ پۇتىنىڭ ئوق تېگىپ يارىلانغانلىقىنى بىلىۋاپتۇ. ھېلىقى يىراق دۆلەتتىن كەلگەن يىگىتنىڭ دېگىنى ئەمەلىيەتتە ئىسپاتلىنىپتۇ. پادىشاھ قىزىغا قاراپ قەتئىي ھالدا:

— پۇتۇڭغا ئوق تېگىپتۇ، سەن بولغان ئىشنى قويماي سۆزلەپ بەر، مېنى ئالدايمەن دېمە. يالغانچىلىق ئۆزۈڭغا بارمايدۇ، — دەپتۇ.

ئىشنى يوشۇرۇپ قېلىشقا كۆزى يەتمىگەن مەلىكە پادىشاھنىڭ سوئالىغا جاۋاب بەرمەي جىم ئولتۇرۇپ ۋاقىت ئۆتكۈزۈپتۇ.

پادىشاھ قىزىنىڭ ئۈندىمەي ئولتۇرغانلىقىنى كۆرۈپ، ناخشىچى يىگىت توغرىسىدىكى ئىشلارنى بىرنى قويماي سۆزلەپ بېرىپتۇ. شۇنداقلا مەلىكىدىن بىللە بارغان كېنىزەكنىڭ كىم ئىكەنلىكىنى ئېيتىپ بېرىشنى سوراپتۇ. مەلىكە قارىسا، پادىشاھ ھەممە ئىشنى بىلىپ بولغان. مەلىكە پادىشاھقا:

— دادا، راست شۇنداق، بۇ ئىشنى مەن قىلغان، كىم ئۇتنى تۇتسا شۇنىڭ قولى كۆيىدۇ، جازالىسىڭىز مېنى جازالاڭ! ھېلىقى قىزنى سۈرۈشتۈرۈپ يۈرمەڭ، ھەممە ئىشقا ئۆزۈم جاۋابكار، — دەپتۇ.

— قىزىم سەن سېھىر ئىشلىتىپ باشقىلارنىڭ ھاياتىغا زىيان سالسەن. باشقىلارنىڭ بەختلىك ئائىلىسىگە بۇزغۇنچىلىق قىپسەن، شۇڭا قاتتىق جازاغا تارتىلىشىڭ كېرەك. مەن ئىشنى ئادىل قىلىدىغان ئادەم، ھەرگىز يۈز خاتىرە قىلمايمەن، لېكىن سەن مېنىڭ ئۆز قىزىم بولساڭمۇ، مەن سېنىڭ جىنايىتىڭنى كەچۈرۈم

قىلمۇېتەلمەيمەن، — دەپتۇ پادىشاھ قىزىغا.
پادىشاھ گېپىنى تۈگىتىپ، قىزىدىن ھېلىقى يىگىتنىڭ جېنى سېلىنغان كومزەكنى ئېلىۋاپتۇ ۋە نەۋكەرلىرىگە مەلىكە جازالىنىشتىن ئىلگىرى، ئۇنى سوغۇق ئۆردىغا قاماپ قويۇشنى بۇيرۇپتۇ. پادىشاھ ئاندىن يىگىتنى چاقىرىپ كىرىپ ئۇنىڭغا:
— ئالدى بىلەن مەن سەندىن ۋە ئائىلەڭلەردىكىلەردىن ئەپۇ سورايمەن. مەن قىزىمنىڭ ئۆتكۈزگەن گۇناھىغا غەزەپلىنىمەن ۋە ئېچىنىمەن، ساڭا كاپالەت بېرىمەنكى، ئۇ چوقۇم تېگىشلىك جازاغا ئۇچرايدۇ. ئۇ مەلىكە بولغانلىقى ئۈچۈن كەچۈرۈم قىلىنمايدۇ، — دەپتۇ ۋە كومزەكنى يىگىتكە بېرىپ سۆزىنى داۋام قىپتۇ، — بۇ ئۇكاڭنىڭ جېنى سېلىنغان كومزەك، قايتىپ بارغاندىن كېيىن ئۇكاڭ تىرىلىدۇ.
پادىشاھ يىگىتكە ئىنىسىنى تىرىلدۈرۈشنىڭ يوللىرىنى ئۆگىتىپ قويۇپتۇ ۋە ئۇنتۇپ قالماسلىق ئۈچۈن بىر تال يوپۇرماققا پۈتۈۋېلىشنى ئېيتىپتۇ، يىگىت ئادىل پادىشاھقا چىن قەلبىدىن رەھمەت ئېيتىپتۇ، كومزەكنى قوينىغا سېلىپ، پادىشاھ بىلەن خوشلىشىپ، تۆگىسىنى يېتىلەپ قايتىپتۇ.
ئاكىسى ئۆيگە قايتىپ كەلگەندىن كېيىن، پادىشاھ ئۆگىتىپ قويغان ئۇسۇل بويىچە ئۇكىسىنى تىرىلدۈرۈپتۇ. ئاندىن ئۇچەيلەن ئانىلىرى بىلەن كۆرۈشكىلى ئۇلارنىڭ ئالدىغا كەپتۇ، ئىشنىڭ جەريانىنى ئاتا - ئانىسىغا بىرمۇ بىر سۆزلەپ بېرىپتۇ. ئۆيدىكىلەر ھەممەيلەننىڭ جەم بولغانلىقىغا خۇشال بوپتۇ. كۆپچىلىك پادىشاھنىڭ يېقىنلىرىنىمۇ كەچۈرۈم قىلماي، ئادىل ئىش قىلغانلىقىنى ئېغىزدىن چۈشۈرمەي ماختاپتۇ.
شۇنىڭدىن تارتىپ بۇ ئائىلىدىكىلەر بەختلىك، پاراۋان تۇرمۇش كەچۈرۈشكە باشلاپتۇ.

www.uyghurkitap.com

# تۈلكە، شىر ۋە بۆرە

(سەئۇدى ئەرەبىستان)

تۈلكە تاغ ئىچىدە شىر بىلەن بۆرىگە يولۇقۇپ قاپتۇ ـ دە، ئۇلارغا:

— ئۈچىمىز بىرلىشىپ يەيدىغان بىرەر نەرسە تاپايلى. ئاندىن تەڭ بۆلۈشەيلى، بولامدۇ؟ — دەپتۇ.

شىر بىلەن بۆرە تۈلكىنىڭ پىكرىگە قوشۇلۇپتۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇلار تاغ ئىچكىرىسىگە قاراپ مېڭىپتۇ.

بۆرە ئالدى بىلەن بىر تۆشۈكنى كۆرۈپ قاپتۇ ـ دە، دەرھال تۈلكىنى چاقىرىپ كەپتۇ. تۈلكە بۇنىڭ لەگمەنتاقتانىڭ تۆشۈكى ئىكەنلىكىنى بىلىپ، بۆرىنى تۆشۈكنى ساقلاشقا قويۇپتۇ. شىرغا بولسا يىلانغا ئوخشايدىغان دەرەخ يىلتىزىدىن بىرنى سۇندۇرۇپ كېلىپ، تۆشۈككە تىقىشنى بۇيرۇپتۇ. بۇنداق قىلغاندا لەگمەنتاقتاق ئۇگامغا يىلان كىردى، دەپ قورقۇپ سىرتقا قېچىپ چىقىدىكەن. تۈلكە تۆشۈك يېنىدا تۇرۇپ لەگمەنتاقتاق قېچىپ چىققان ھامان تۇتماقچى بوپتۇ.

شىر تۈلكىنىڭ تاپشۇرۇقى بويىچە دەرەخ يىلتىزىدىن بىرنى ئەكىلىپ تۆشۈككە تىققانىكەن، لەگمەنتاقتاق باشقا تۆشۈكتىن قېچىپ چىقىپتۇ. تۈلكە ئۇنىڭ قېچىپ چىققانلىقىنى كۆرۈپ دەرھال قوغلاپتۇ. شىر بىلەن بۆرىمۇ ئارقىدىن قوغلاپتۇ. لەگمەنتاقتاق ناھايىتى ھىيلىگەر بولۇپ، ئۇياقتىن كۆرۈنۈپ، بۇياقتىن قېچىپ كېتىدىكەن. لېكىن. تۈلكە ئۇنىڭدىنمۇ ھىيلىگەر ئىكەن، ھايال

ئۆتمەيلا ئۇنى قوغلاپ يېتىۋاپتۇ. شۇنداق قىلىپ، لەڭمەنتاقتاق ئۇچەيلەننىڭ تۇنجى ئولجىسى بولۇپ قاپتۇ.

تۈلكە لەڭمەنتاقتاقنى بۆرىگە كۆتۈرگۈزۈپتۇ. جانۇ جانۋارلار ئۇلارنىڭ كېلىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ قاچقىنى قېچىپ، مۆكۈنگەنلىرى مۆكۈنۈپتۇ. بىر ياۋا توشقان ئاستا قاچقاچقا، بۇنى تۈلكە كۆرۈپ قېلىپ، دەرھال ئۇنىڭ كەينىدىن قوغلاپتۇ. يەنە بۆرىگە ئۇڭ تەرەپتىن توسۇشنى ئېيتىپتۇ.

توشقان قورقۇپ كېتىپ ھېچنېمىگە قارىماي جېنىنىڭ بارىچە چېپىپتۇ. ئۇچەيلەنمۇ توختىماي قوغلاپتۇ. بىر ئازدىن كېيىن، توشقان مادارىدىن كېتىپتۇ، تۈلكە بىرىنچى بولۇپ توشقانغا يېقىنلاپ كەپتۇ ـ دە، بىر چىشلەپلا توشقاننىڭ بوينىنى ئۈزۈپ تاشلاپتۇ. تۈلكە توشقاننى بۆرىگە ئارتىپ داۋاملىق مېڭىپتۇ.

شىر تۈلكىنى ئۇدۇلغا قاراپ مېڭىشقا بۇيرۇپتۇ. بۆرە ئۇڭ تەرەپكە، ئۆزى بولسا سول تەرەپكە قاراپ ماڭماقچى بوپتۇ. بۇلار يېرىم كۈن ماڭغان بولسىمۇ، باشقا ھېچنېمە ئۇچرىماپتۇ. ئۇلار ئاخىر ئۈمىدسىزلىنىپ قاپتۇ.

تۇيۇقسىز بىر ئوتلاقتىن بىر بۆكەن چىقىپ قاپتۇ. تۈلكە دەرھال قوغلاپ كېتىپتۇ. شىر بىلەن بۆرىمۇ ئارقىدىن قالماي قوغلاپتۇ.

بۆكەن ئۇچقاندەك يۈگۈرگەچكە، ئۇلار قوغلاپ يېتىشىشكە ئىشەنچ قىلالماپتۇ. بىراق ئۇلار بىرسىنىڭمۇ بىر ۋاقلىقىغا دال بولمايدىغان كىچىك ئىككى ھايۋاننىلا ئوۋلىغاچقا، بۇ ھەم سېمىز، ھەم چوڭ بۆكەن ئۇلارنى تازا قىزىقتۇرۇۋېپتۇ.

بۆكەن قاچقاچ كەينىگە قاراپتۇ. ئۇلارنىڭ ئارىسىدىكى ئارىلىق بارغانسېرى يېقىنلاپ كەلگەندە، بۆكەن ئەنسىرەشكە باشلاپتۇ. پۇتلىرى دەرمانسىزلىنىپتۇ، ئەڭ ئاخىرى ئۈچ زوراۋان ئۇنى تۇتۇۋاپتۇ.

بۇ ئۈچ ئوغرى كەچ كىرىپ كېتىۋاتقانلىقىنى، ئەمدى ھېچ نەرسە

www.uyghurkitap.com

تۇتقىلى بولمايدىغانلىقىنى بىلىپ، ئۆلجىلارنى بۆلۈشمەكچى بوپتۇ.

تۈلكە بىلەن بۆرە ئۈندىمەستىن شىرنىڭ قانداق قىلىدىغانلىقىغا قاراپ تۇرۇپتۇ. چۈنكى ئۇلار، ئىشتىن ئىلگىرى ئۆلجىنى تەڭ بۆلۈشىمىز، دەپ قىلىشقان مەسلىھەت ئەمدى ئەمەلگە ئاشمايدىغانلىقىنى بىلگەنىدى، ئەمدى ئۆلجىنى قانداق تەقسىم قىلىش شىرغىلا قالغانىدى.

شىر ئۇلارنىڭ گەپ قىلماي تۇرغانلىقىنى كۆرۈپ:

— بۆرەجان، سەن بۆل! — دەپ بۇيرۇق قىپتۇ.

— خوجىكا، بۇ ئاسان گەپ، بۇ چوڭ بۆكەن سىزنىڭ بولسۇن، مەن توشقاننى ئالاي، لەخمەنتاقتاقنى تۈلكە ئالسۇن، — دەپ تىلىنى چايناشقا باشلاپتۇ بۆرە.

شىر بۇنى ئاڭلاپ، كۆزىنى چەكچەيتىپ، غەزەپ بىلەن بۆرىگە تىكىلىپتۇ. بۇ چاغدا بۆرە قېچىپ كەتسە كېتەلەيدىكەن، لېكىن ئۇ مېنىڭ تەقسىماتىم جايىدا بولدى، دەپ ئويلاپ ئورنىدا جىم تۇرۇۋېرىپتۇ. شىر ئالدى پۇتىنىڭ تىرناقلىرىنى كېرىپ، پۈتۈن كۈچىنى يىغىپ بۆرىنىڭ بېشىغا چاڭگال سالغانىكەن، بۆرىنىڭ ئاغزىدىن قان كېلىپ، شۇ زامات جان بېرىپتۇ.

شىر بېشىنى كۆتۈرۈپ، تۈلكىگە قاراپ ئالىيىپتۇ ۋە:

— تۈلكەجان، سەن بۆلۈپ باق! — دەپتۇ. تۈلكە ئوچۇق كۆڭۈللۈك بىلەن:

— پادىشاھىم، توشقان سىلىنىڭ ئەتىگەنلىك ناشتىلىرى بولسۇن، بۆكەن سىلىنىڭ چۈشلۈك تاماقلىرى بولسۇن، لەخمەنتاقتاق كەچلىك تاماقلىرى بولسۇن! — دەپتۇ.

شىر بۇنى ئاڭلاپ، چىرايىغا كۈلكە يۈگۈرتۈپ تۈلكىدىن:

— بۇنداق تەقسىم قىلىشنى ساڭا كىم ئۆگەتكەن؟ — دەپ سوراپتۇ.

تۈلكە يەردە ياتقان بۆرىنى كۆرسىتىپ تۇرۇپ

— ئۇ، — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ

ISBN 7-228-04738-9

9 787228 047383 >

ISBN7 — 228 — 04738 — 9

I.1765（民文）定价：10.00 元